# يېڭى قاشتېشى

2

1983

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسۇلچىسى خانقىز.

(ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى)





ۋىلايەتلىك ١-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «٩-ماي» ئەرپەسىدە ئەدەبىيەت-سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

(سىددىق قاۋۇز فوتوسى)

# يېڭى قاشتېشى

(پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال)

(بەشىنچى يىل نەشرى)

خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

# بوستاندا


دېخان شائىرى ...... ( شېئىر ) ...... رېھىم مەتتوختى 1
«نۇر تۆكۈپ» شەھەرگە ...... ( " " ) ...... ئابدىقادىر مەتقۇربان 1
شېئىرلار ...... ( " " ) ...... ئابدۇلئەھەت قادىرى 2
خامانغا خىزىر كەلدى ...... ( ھېكايە ) ...... مەتقاسىم ئابدىراخمان 4
چىرايلىقتا ئامراق قىز ...... ( " " ) ...... ئەركىن مەتتۇرسۇن 8
قۇشلار بىلەن سۆھبەت ...... ( شېئىر ) ...... ئابدىغېنى سىيىت 10
ئىككى شېئىر ...... ( " " ) ...... تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 12
ھەمساۋاق بولدۇق ...... ( " " ) ...... ئىدرىس مەتسىيىت 13
ئۆلمەيدۇ تۆھپە ...... ( " " ) ...... ئەبەي قادىر 13
نادامەت يالدامىسى ...... ( ھېكايە ) ...... ئامىنە تۇردى 14
غۇنچەمنىڭ بەختى ...... ( باللادا ) ...... رۇزى سايىت 20
بىر پارچە دوكلاتنىڭ تەقدىرى ...... ( ھېكايە ) ...... تىلىۋالدى ھوشۇر 30
سۆز ھەممىگە ...... (ئوبزورلار) ...... ئومەرجان ئابدۇللا، مەھەممەت بارات 34.37
غەزەللەر ...... ( شېئىر ) ...... ئابدۇللا كېرىم 38
ۋەتەن ئىشقى ...... ( " " ) ...... ئابدۇلھەي ئابدىلھەق 39
تويۇق ۋەرۇ باغلار ...... ( " " ) ...... مەتقاسىم مەتنىياز 40
ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى ...... ( " " ) ...... مەھەممەت چاۋار 41
مۇھەببەت لىرىكىلىرى ...... ( " " ) ...... مەمتىمىن توختى 42
ئىلىم ھېكمەتنى يار تۇتساڭ ...... ( " " ) ...... مەمتىمىن قاسىم 42
شېئىرلار ...... ( " " ) ...... ئەرشىدىن راشىدىن 44
ئىناقلىق ئائىلىدە ...... ( " " ) ...... ئومەر ئىمىن 45
ئۆزگەرمەس ...... ( " " ) ...... ئۇيغۇر ئادىل 46
قۇندۇز ...... (چەتئەل ئەدەبىياتىدىن) ...... ئۇركەش ئىبراھىم ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغان 47
بىنەپشە ...... ( باللادا ) ...... ئابدۇللا سولايمان 60
باھاردانىش ...... (كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن) ...... ئابدىقادىر مەھەممەت تەييارلىغان 66
«ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» ...... (كىتابتىن پارچە) ...... ئابدىرېھىم ئىسمايىل تەييارلىغان 73
شېئىرلار ...... ( شېئىر ) ...... نەجمىدىن سىدىق 80
ئىككى شېئىر ...... ( " " ) ...... مارىيە تۇردى 83
گىلەمچى قىزغا ...... ( " " ) ...... قادىر توختى 84
خوتەن قىزى ...... ( " " ) ...... رۇزىخان كېرەم 84
فابرىكا ئىلھاملىرى ...... ( " " ) ...... مەھەممەتجان ئىكرام 85
ئوسمان نازۇك ...... ( كومېدىيە ) ...... مەمتىمىن قۇربان 86
ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن ...... (ناخشا تېكىستى) ...... قۇربان مامۇت 89
ناخشا تېكىستلىرى ...... ( " " ) ...... تۇرغان شاۋۇدۇن 89
ئون بەش ياشلىق ۋەزىر ...... ( چۆچەك ) ...... خېلىل ئېلى تەييارلىغان 91
موللاتاپقاق ...... ( " " ) ...... مەھەممەت زەھۇر تەييارلىغان 96
قورۇلتاي زالىدىكى تەسىراتلار ...... ( شېئىر ) ...... مامۇت زايىت 101
ئۈمىدىنىڭ نىجاتچىم ...... (ھېكايە) ...... سىدىق قاۋۇز 105
ئۇدۇن (خوتەن) يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا (ماقالا) ...... رەجەپ يۈسۈپ 109


بوستاندا يەنە كامىلە كامال، مەتسالى مەترۇزى، ئايىنۇر موللايۇپ، ئەنۋەر تۇردى، باتۇر رۇزى قاتارلىقلارنىڭمۇ شېئىرلىرى بار.

# دېخان شاتلىقى

رېخىم مەتتوختى (دېخان)

كومپارتىيەم تۈزۈپ بەرگەچ بىزگە ئادىل سىياسەت،
كۆچكە تولدى ۋۇجۇد، ئاشتى غەيرەت بىلەن شىجائەت،
ئىشلىمگەنلەر قەن چىشلىمىدى، پۈتتى قايغۇ-رىيازەت،
هالال تەردە باي بولۇڭ دەپ قىلدى بىزگە-ئىجازەت،
مانا، ئەمدى شادۇ-خەندان دېخان ئۆمرى داۋامەت،

مەھسۇلاتنى ھوددە ئالدۇق، ئاشقان ئاشتىن «ھېساپ» يوق،
تاغاردا ئۈن، ئىلغاقتا گۆش، لەغمەن يەيمىز قوساق توق،
قول ھۈنەرگە دالالەت بار، «ھوتوت-پوتوت»-توساق يوق،
قىسىلمايمىز ئۆيگە مېھمان كەلسە، ئۇنداق بىسات يوق.
روناق تاپتۇق چىقىلغاچقا «داش قازان»-دەك پالاكەت.

خۇددى گۈلدەك پۈرەكلىدى ئۆمرىمىزنىڭ قات-قېتى،
مەيلى ئېتىز، مەيلى ئۆيدە ياشار بولدۇق شات پېتى.
ئاز كەپ بىلەن تۈگۈمەيدۇ ئەلنىڭ تەھسىن-ھۆرمىتى،
نەدە بۇ كۈن بولمىسا گەر نەۋباھارنىڭ شەپقىتى،
ئاسمان-زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولدى، غەلبە ئالامەت !

مۇخبىر دوستۇم زىيارەت قىل گۈل يېزامىنىڭ ھۆسنىنى،
سېلىشتۇرغىن ھازىرىغا ئۆتمۈشنى، ئەسلىنى،
بىز سۆزلەيلى، سەن يېزىپ چىق دېخانلارنىڭ بەختىنى،
كۈلدى ئارمان، ياقتى دەۋران، قۇچتۇق مۇرات ۋەسلىنى،
تەشۋىق قىلغىن، ئالسۇن ھەممە بىزدەك ھوسۇل، دارامەت!

# «نۇتۇق» شەنگە

ئابدىقادىر مەتقۇربان

كۈلدى ئىلھام پەرىسى ئۈز نۇربىزەك تاقتى دالا،
شات قەلەمكەشلەر «نۇتۇق» ئىلھامىدىن سالدى ساما.

شۇ «نۇتۇق» شەنگە كۆل تۈتتى جىمى، «تەبرىك» دېدى،
قۇتلىدى ئۇيناق يۈرۈگۈمگە ياگرىتىپ ئالقىش سادا.

ئېتىقچىلار ئىچرە قەلەم سەپ-تۈھپىنى قىلدى كۆرەك،
ئەمگىگى بىرلە بولەكتىن ئېتىۋار تاپتى يانا.
نۇر-زىيا ياغدى قەۋەتلەپ بۇ ئىجات گۈلزارىغا،
ھەرقەلەپ ئىلھامغا تولدى، قىزدى سوھبەت راسا.

چىن قارار بولدى يۈرەكتىن كۆيلىمەك ئەل بەختىنى،
قىشتا ئوت بەرمەك، تومۇزدا مۇزكەبى شەربەت-شىپا.
تەرتوكۈپ يازدى ئىجاتكار بىھىساپ نادىر ئەسەر،
چاپتۇرۇپ تۇلپار قەلەمنى بەيگىدە جەڭگاھ ئارا.

"بارچە گۈل" تەكشى ئېچىلدى بەرق ئۇرۇپ شامۇ-سەھەر،
سايرىدى "بەس-بەستە"— بۇلبۇل كەڭتاشا ئىمكان مانا.
ئەدبىي-سەنئەت چىمەننىڭ توي كۈنى بولدى بۈگۈن،
پارتىيە دانا يېتەكچى توي بېشى بولغاچ ئاڭا.

پەيزىگە چۆمگەچ زەپەرنىڭ كۆلدى دىل خەندان ئۇرۇپ،
ئەۋجىگە چىقتى قوشاق-كۈي ھەم ئۇسۇل، نەغمە-ناۋا.
مەن «نۇتۇق» ئىلھامى بىرلە مەي ئىچەيئى ساقىيا،
سۇن قېنى قاشتاش قەدەھنى توشقۇزۇپ سۇنغىن ماڭا.

## شېئىرلار

ئابدۇلئەھەت قادىرى

### كەلدىم

ئايادوستلار جىزدالىق دەشتىدە ئۇن يىل يۈرۈپ كەلدىم.
ئاجايىپ كوپ كوچۈرمىشلەر تاماشاسىن كورۇپ كەلدىم؛
خازان قىلغان ئىدى ياشلىق گۈلۈمنى توت مەرەز ئاپەت،
بۈگۈن قايتا كۈلۈپ-ياشناپ يېڭىدىن بىخ سۈرۈپ كەلدىم.

چىمەنگە ئىنتىزار بۇلبۇل، باھار ۋەسلىگە يەتكەندەك،
سابانىڭ مەگزىگە باغرىم يېقىپ، پەرۋاز ئۇرۇپ كەلدىم.
ئۇلۇغ كومپارتىيە نىمجان تېنىمگە بەردى كۈچ-دەرمان،
تەشەككۈر-ئالقىشىم ئىزھار قىلىپ مىسرا تۈزۈپ كەلدىم.

سوينەندى باشقىدىن قەلبىم، ئۇمىتتە ئەتىگە باقسام،
ھەۋەس-ئىلھام تېشىپ دەريا كەبى زوققا چۆمۈپ كەلدىم.
ئىجات، مېھنەت، كۈرەش بىرلە ۋەتەن تاپقاي كامال شەكسىز،
قىلاي قانۇ-تېرىم توھپەدىبان يېڭىم تۈرۈپ كەلدىم.



## تەسەددۇق

ۋەتىنىم، شەۋكەتلىك تەرىپىڭ ئۇلۇغ،
بىر ئۆمۈر كۈيلىسەمەن شەنىڭ توغرۇلۇق،
يۈرۈگۈم قېتىدىن ئۇرغىغان ئوتلۇق-
ناخشا-كۈي، داستانىم ساڭا تەسەددۇق.

ۋەتەن دەپ نامىڭنى ئالسام تىلىمغا،
ھاياجان تۈيغۇسى سىغماس دىلىمغا،
مېھرىڭدىن ئېچىلغان، كوڭۇل بېغىمدا-
سولماس گۈل-رەيھانىم ساڭا تەسەددۇق.

سەن مەڭگۈ غەمگۈزار، مېھرىۋان ئانا،
يۈرۈگۈم رىشتى چىڭ تۇتاشقان ساڭا،
سەن بەردىڭ ئالەمچە شاتلىقنى ماڭا.
خوشلۇغۇم، ئارامىم ساڭا تەسەددۇق؛

قوينۇڭدا تۇرەلدىم، ئۆستۈم، يېتىلدىم،
پەرۋىشىڭ بەھرىدىن گۈلدەك ئېچىلدىم،
كۈرەشچان، جەڭگىۋار سەپكە قېتىلدىم،
كوزلىگەن نىشانىم ساڭا تەسەددۇق.

لەنىتى شۇم قۇيۇن قۇترىغان چاغلار...
ئاھ، ۋەيران، خازانە بولدى گۈل باغلار،
مەن دىدىم، ئۈستۈمدىن باسسىمۇ تاغلار،
ساداقەت، ۋىجدانىم ساڭا تەسەددۇق.

ئىخ! ۋەتەن سەن ئۈچۈن يانغان مۇھەببەت،
جاھالەت، زۇلمەتنى يەڭدى ئاقىۋەت،
قابىتىدىن قوينۇڭدا تېپىپ كامالەت،
ياڭرىغان ئاۋازىم ساڭا تەسەددۇق.

زوقلاندىم ئەي ۋەتەن، ھۆسنۈڭگە باقسام،
قانىمدىم، كوكسۇڭگە باغرىمنى ياقسام،
ئوتۇڭدا مەن كويۈپ، سۈيۈڭدە ئاقسام،
شۇ ئارزۇ-ئارمانىم ساڭا تەسەددۇق.

سەن بۈگۈن ئاتلاندىڭ شانلىق سەپەرگە،
چۆمۈلدى ھەرئىزىڭ شانغا-زەپەرگە،
سەن ئۈچۈن مەن بىلەك تۈردۈم خەتەرگە،
ۋۇجۇدۇم-دەرمانىم ساڭا تەسەددۇق؛

سەن ئۈچۈن ياشىسام، يوقتۇر ئارمىنىم،
رازىمەن سەن ئۈچۈن توكۈلسە قېنىم،
ئەھدىم، شۇ ئەيگۈزەل ئانا ۋەتىنىم،
بىر ئەمەس مىڭ جانىم ساڭا تەسەددۇق.

## دۇتارىم

ئەي مېنىڭ ئامرىغىم، جانانىم دۇتار،
قەلبىمنىڭ توردە مېھمانىم دۇتار،
ۋۇجۇدۇم، تېنىمدە دەرمانىم دۇتار،
يالقۇنلۇق ئارزۇيۇم-ئارمانىم دۇتار.

قولۇمغا ئالسام مەن، دىلىم يايرايدۇ،
قەلبىمدە ھاياجان، ھوزۇر قاينايدۇ،
ئۇنۇڭگە جور بولۇپ تىلىم سايرايدۇ،
ناخشامنىڭ بۇلىغى- ئىلھامىم دۇتار.

شەۋكىتى تاجىسەن، جىمى سازلارنىڭ،
تەرجىمان-تىلى سەن ئىشقىۋازلارنىڭ،
تۇتاشقان دىل رىشتى ساڭا قىزلارنىڭ،
سويگۈنىڭ دېڭىزى-ئوكيانىم دۇتار؛

ئاشىقلار ئاھىغا شاھىت سەن ئۆزەك،
كوزلەرنىڭ يېشىغا پاكىت سەن ئۆزەك،
زەررە چاڭ-توزاڭدىن ساقىت سەن ئۆزەك،
كەچمىشلەر تەختىدە سۇلتانىم دۇتار.

دەردىگە داۋاسەن بارچە دەرتمەنىنىڭ،
بىۋاپا دۇنيادىن رەنجى چەككەنىنىڭ،
ۋىژدانسىز بەتنىيەت،ۋەھشى دۈشمەنىنىڭ
كوكسىگە ئۇرۇلغان بازغانىم دۇتار؛

بىر چاغلار، ۋەتەندە قۇتراپ جاھالەت،
نامىڭنى ئاتاشمۇ بولدى "جىنايەت"،
ۋەلەيكىن قىلمىدىم ساڭا خىيانەت،
بولغاچقا ئەقىدەم-ۋىجدانىم دۇتار.

ياڭرىتىپ مەن ھامان باتۇر ناخشامنى،
مات قىلىپ نومۇسسىز پىتنە-دەشنامنى،
ئوتكۈزدۈم جەڭ بىلەن سەھەر-ئاخشامنى،
سەن بولغاچ مەدەتكار، ھەمرايىم دۇتار.

تارىختىن قىياپەت ياندى ئەسلىگە،
سەن قايتا ئېرىشتىڭ باھار پەسلىگە،
سەن بىلەن ئارزۇلار يەتكەي ۋەسلىگە،
تەرىپىڭ تىللاردا داستانىم دۇتار.

ئېپتىخار ئىچرە قەلەم سەپ-تۈپىنى قىلدى كۆرەك،
ئەمگىگى بىرلە بولەكتىن ئىپتىۋار تاپتى يانا.

نۇر-زىيا ياغدى قەۋەتلەپ بۇئىجات گۈلزارىغا،
ھەرقەلىپ ئىلھامغا تولدى، قىزىدى سوھبەت راسا.

چىن قارار بولدى يۈرەكتىن كۆيلىمەك ئەل بەختىنى،
قىشتا ئوت بەرمەك، تومۇزدا مۇزكەبى شەربەت-شىپا.

تەرتوكىزىپ يازدى ئىجاتكار بىھىساپ نادىر ئەسەر،
چاپتۇرۇپ تۇلپار قەلەمنى بەيگىدە جەڭگاھ ئارا.

"بارچە گۈل"تەكشى ئېچىلدى بەرق ئۇرۇپ شامۇ-سەھەر،
سايرىدى"بەس-بەستە"— بۇلبۇل كەڭتاشا ئىمكان مانا.

ئەدەبىي-سەنئەت-چىمەنىڭ توي كۈنى بولدى بۈگۈن،
پارتىيە دانا يېتەكچى توي بېشى بولغاچ ئاڭا.

پەيزىگە چۆمگەچ زەپەرنىڭ كۈلدى دىل خەندان ئۇرۇپ،
ئەۋجىگە چىقتى قوشاق-كۈي ھەم ئۇسۇل، نەغمە-ناۋا.

مەن«نۇتۇق» ئىلھامى بىرلە مەي ئىچەي ئىساقىيا،
سۇن قېنى قاشتاش قەدەھنى توشقۇزۇپ سۇنغىن ماڭا.

## شېئىرلار

ئابدۇلئەھەت قادىرى

### كەلدىم

ئا يا دوستلار جىزدالىق دەشتىدە ئون يىل يۈرۈپ كەلدىم.
ئاجايىپ كوپ كوچۇرمىشلەر تاماشاسىن كورۇپ كەلدىم؛

خازان قىلغان ئىدى ياشلىق گۈلۈمنى توت مەرەز ئاپەت،
بىزگىن قايتا كۆلۈپ-ياشناپ يېڭىدىن بىخ سۈرۈپ كەلدىم.

چىمەنگە ئىنتىزار بۇلبۇل، باھار ۋەسلىگە يەتكەندەك،
سابانىڭ مەڭزىگە باغرىم يېقىپ، پەرۋاز ئۇرۇپ كەلدىم.

ئۇلۇغ كومپارتىيە نىمجان تېنىمگە بەردى كۈچ-دەرمان،
تەشەككۇر-ئالقىشىم ئىزھار قىلىپ مىسرا تۈزۈپ كەلدىم.

سۆيىندى باشقىدىن قەلبىم، ئۈمىتتە ئەتىگە باقسام،
ھەۋەس-ئىلھام تېشىپ دەريا كەبى زوققا چۆمۈپ كەلدىم.

ئىجات، مېھنەت، كۈرەش بىرلە ۋەتەن تاپقاي كامال شەكسىز،
قىلاي قانۇ-تېرىم توھپەدىبان يېڭىم تۈرۈپ كەلدىم.



### تەسەددۇق

ۋەتىنىم، شەۋكەتلىك تەرىپىڭ ئۇلۇغ،
بىر ئۆمۈر كۈيلىسەم شەنىڭ تۇغرۇلۇق.
يۈرۈگۈم قېتىدىن ئۇرغىغان ئوتلۇق-
ناخشا-كۈي، داستانىم ساڭا تەسەددۇق.

ۋەتەن دەپ نامىڭنى ئالسام تىلىمغا،
ھاياجان تۇيغۇسى سىغماس دىلىمغا،
مېھرىڭدىن ئېچىلغان، كوڭۇل بېغىمدا-
سولماس گۈل-رەيھانىم ساڭا تەسەددۇق.

سەن مەڭگۈ غەمگۈزار، مېھرىۋان ئانا،
يۈرۈگۈم رىشتى چىڭ تۇتاشقان ساڭا،
سەن بەردىڭ ئالەمچە شاتلىقنى ماڭا.
خوشلۇغۇم، ئارامىم ساڭا تەسەددۇق؛

قوينۇڭدا تۇرەلدىم، ئۆستۈم، يېتىلدىم،
پەرۋىشىڭ بەھرىدىن گۈلدەك ئېچىلدىم،
كۆرەشچان، جەڭگىۋار سەپكە قېتىلدىم،
كوزلىگەن نىشانىم ساڭا تەسەددۇق.

لەنىتى شۇم قۇيۇن قۇترىغان چاغلار...
ئاھ، ۋەيران، خازانە بولدى گۈل باغلار،
مەن دىدىم، ئۈستۈمدىن باسسىمۇ تاغلار،
ساداقەت، ۋىجدانىم ساڭا تەسەددۇق.

ئىخ! ۋەتەن سەن ئۈچۈن يانغان مۇھەببەت،
جاھالەت، زۇلمەتنى يەڭدى ئاقىۋەت،
قايتىدىن قوينۇڭدا تېپىپ كامالەت،
ياڭرىغان ئاۋازىم ساڭا تەسەددۇق.

زوقلاندىم ئەي ۋەتەن، ھۆسنۈڭگە باقسام،
قانىمىدىم، كوكسۈڭگە باغرىمنى ياقسام،
ئوتنۇڭدا مەن كويۈپ، سۆيۈگۈڭدە ئاقسام،
شۇ ئارزۇ-ئارمانىم ساڭا تەسەددۇق.

سەن بۈگۈن ئاتلاندىڭ شانلىق سەپەرگە،
چۆمۈلدى ھەرئىزىڭ شانغا-زەپەرگە،
سەن ئۈچۈن مەن بىلەك تۇردۇم خەتەرگە،
ۋۇجۇدۇم-دەرمانىم ساڭا تەسەددۇق؛

سەن ئۈچۈن ياشىسام، بوقتۇر ئارمىنىم،
رازىمەن سەن ئۈچۈن توكۈلسە قېنىم،
ئەھدىم، شۇ ئەي گۈزەل ئانا ۋەتىنىم،
بىر ئەمەس مىڭ جانىم ساڭا تەسەددۇق.

### دۇتارىم

ئەي مېنىڭ ئامرىغىم، جانانىم دۇتار،
قەلبىمنىڭ توردە مېھمانىم دۇتار،
ۋۇجۇدۇم، تىنىمدە دەرمانىم دۇتار،
يالقۇنلۇق ئارزۇيۇم-ئارمانىم دۇتار.

قولۇمغا ئالسام مەن، دىلىم يايرايدۇ،
قەلبىمدە ھاياجان، ھوزۇر قاينايدۇ،
ئۈنۈڭگە جور بولۇپ تىلىم سايرايدۇ،
ناخشامنىڭ بۇلىغى- ئىلھامىم دۇتار.

شەۋكىتى تاجىسەن، جىمى سازلارنىڭ،
تەرجىمان-تىلى سەن ئىشقىۋازلارنىڭ،
تۇتاشقان دىل رىشتى ساڭا قىزلارنىڭ،
سۆيگۈنىڭ دېڭىزى-ئوكيانىم دۇتار؛

ئاشىقلار ئاھىغا شاھىت سەن ئوزەك،
كوزلەرنىڭ يېشىغا پاكىت سەن ئوزەك،
زەررە چاڭ-توزاڭدىن ساقىت سەن ئوزەك،
كەچمىشلەر تەختىدە سۇلتانىم دۇتار.

دەردىگە داۋاسەن بارچە دەرتمەنلەرنىڭ،
بىۋاپا دۇنيادىن رەنجى چەككەنلەرنىڭ،
ۋىجدانسىز بەتنىيەت،ۋەھشى دۈشمەنلەرنىڭ
كوكسىگە ئۇرۇلغان بازغانىم دۇتار؛

بىر چاغلار، ۋەتەندە قۇتراپ جاھالەت،
نامىڭنى ئاتاشمۇ بولدى "جىنايەت"،
ۋەلېكىن قىلمىدىم ساڭا خىيانەت،
بولغاچقا ئەقىدەم-ۋىجدانىم دۇتار.

ياڭرىتىپ مەن ھامان باتۇر ناخشامنى،
مات قىلىپ نومۇسسىز پىتنە-دەشنامنى،
ئوتكۈزدۈم جەڭ بىلەن سەھەر- ئاخشامنى،
سەن بولغاچ مەدەتكار، ھەمرايىم دۇتار.

تارىختىن قىياپەت ياندى ئەسلىگە،
سەن قايتا ئېرىشتىڭ باھار پەسلىگە،
سەن بىلەن ئارزۇلار يەتكەي ۋەسلىگە،
تەرىپىڭ تىللاردا داستانىم دۇتار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




(هىكايە)

مەتقاسىم ئابدىراخمان

سىنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. بىز ئائىلىمىز بويىچە يېزىدىكى تاغاملارنى يوقلىماق ئۈچۈن جابدۇنۇپ ئېشەك هارۋىسى بىلەن ئەتىگەن يولغا چىقتۇق. تەپسەتەۋرىمەس ئېشىكىمىز چوڭ بالامنىڭ رەھىمسىز ئۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىغان هالدا مۈگدەپ كېتىپ بارىدۇ.

سەھراغا چىقمىغىنىمىزغا ئۇزۇن بولغانلىقتىنمىكىن بۇهال بىزنى ئانچە زېرىكتۈرمەيتتى. چۈنكى ئەتراپ سېلىمگە يارىغۇدەك گۈزەل، باغۇ-بوستانلىق بولۇپ، هەرقانداق ھېسسىز كىشىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. هاۋا بۇلۇتسىز بولۇپ يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى سۈۋادان تېرەكلەر ئۈستىدىن قۇياش ئۆزىنىڭ ئەتىگەنكى نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى. كەڭ سالائېتىزلاردىكى كەنجە قوناقلار سەلكىن شامالدا چايقىلىپ كىشىگە كۆك دېڭىزنى ئەسلىتەتتى.

ئېخىمۇ يىراقراق كۈن پېتىش تەرەپتە ئىلان باغرى تولغۇنۇپ ئاققان بورانچى دەرياسىنىڭ سۈزۈك سۈيى كۈن نۇرىدا ئەينەكتەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئېتىزلارنىڭ ئۇيەر، بۇيەرلىرىدە كۈنلۈكتەك يېيىلىپ ئوسكەن ياڭاق دەرەخلىرىدە قارىغۇچىلار باي-رام قىلىشقاندەك خوشال ۋىچىرلىشاتتى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى بېدىلىكتە تورغايلار "چۈۋۈ-چۈۋۈ" قىلىشىپ جۈپلىرى بىلەن بىر ئىگىز، بىر پەس ئۇچۇشاتتى...

بىز بۇ كىشىنى سېھىرلىگۈچى تەبىئەت ھۆسنىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، كەنتكە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىمىزنى تۇيماي قاپتۇق. باشتا بىزنى كەنت بېشىدىكى بولۇق مېۋىلىگەن ئالما، بېھى، شاپتۇل دەرەخلىرى قارشى ئالدى. ئادەم ئاغزى ئۈزۈلمەيدىغان يول بويىدا مېۋىلەرنىڭ "سوغۇققول" تەگمەي بۇدۇشقاقتەك ساڭگىلىشىپ تۇرۇشى — شەھەردە ئۈزۈمنىمۇ پۇلغا سېتىۋېلىپ يەيدىغان بالىلىرىمنىڭ ئەقلىگە زادى سىغمايتتى. شۇڭا ئوتتۇرانچى ئوغلۇم تەئەججۈپلەنگەن هالدا سورىدى:

— دادا! بۇ مېۋىلەرنى بىر كىم ساقلايدىغان ئوخشايدۇ-ھە؟ قاراڭا! بىرتالمۇ ئۈزگەندەك ئەمەس. ئارقىدىن كەنجى ئوغلۇم پۇتاقلىرىدا غۇژچىمدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئالمىلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ سوز قىستۇردى:

يېزىلىقلار بۇنداق نەرسىلەرگە ئۇچ بولسا كېرەك؛ بولمىسا شۇ پېتىچە تۇرامتى ئۇ.

— ياق، بىزا دىگەندەك، مەن كىشىنىڭ بېغىدا
«مېۋە-چېۋە دىگـەن ئەلۋەك، بىر نىمىڭ بىر نىگە
ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭدىكى
باللار ئەدەپلىك، كىشىلـەرنىڭ لەرسىسىگە
چېقىلمايدۇ»- دىدىم ئـۇلارغا چۈشەندۈرۈپ،
مېنىڭ سۆزۈمدىن زوقلانغان كەنجى بالام ھا يا-
جىنىنى باسالماي ماڭا تەلمۈرگەن ھالدا
— بىزمۇ يېزىدا ئولتۇرساق قانداق دادا!؟
دەۋەتتى.

بىز مۈشۈ پاراڭلارنى قىلىشىۋاتقاندا ھار-
ۋىمىز ئەتراپى چىتلاق ۋە تاللار بىلەن ئورال-
غان، ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ كۆپلىگىدىن ئۈس-
تىگە كۈن چۈشمەيدىغان كەڭ ھويلا- ئارامىق
ئۆيلەر ئارىسىدىكى يولدا كېتىۋاتاتتى. ئېرىق
بويىدىكى دەرەخلەرگە يامىشقان ئايمۇقا تال-
لاردىن مەرۋايىتتەك قىزىرىپ پىشقان ئۈزۈم-
لەر قول يەتكىدەك جايدا ساڭگىلىشىپ تۇراتـ
تى. بۇ ھال ھارۋا ئۈستىدە قوپۇۋېلىشىپ ئەتـ
راپقا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىشىۋاتقان با-
لىلىرىمنىڭ تاقىتىنى تاق قىلدى. چۈنكى ئۈز-
ۈملەر ئۇلارنىڭ بېشىغا تېگىپ- تېگىپ كە يـ
نىمىزدە قالاتتى.

توساتتىن ئالدىمىزنى لىقىسۇ ئېقىۋاتقان
بىر ئېرىق توستىدە، ھارۋا توختىدى. پۈرسە تـ
نى غەنىمەت بىلگەن ئوتتۇراتچى بالام ئىككى يې-
نىمغا قارىغاچ بېشىدا پولاڭشىپ تۇرغان يوغان
بىر كاللەك ئۈزۈمگە ياماشتى.

— «سە مەتجان! قولۇڭنى يىغ! ئىگىسى كورسە
نىمە دەيسەن»،— دىدى ئانىسى ئۇنىڭغا رەنـ
جىپ.

بالا سولتۇيۇپ ئولتۇرۇشىغا يانىدىكى چىتـ
لاق كەينىدىن «— مەيلى ئېپ يىسۇن، بۇگۈنكى
كۈندە بىر ەرساپ ئۈزۈم دىگەن دىخاننىڭ جې-
نى ئەمەس...» دىگەچ، ئوتتۇرا يـاشلاردىكى
كۆلكەچىراي بىر كىشى يوغان ئىككى ساپ مۇ-
نچاقنى ئۇچۇملىغان پېتى غارال ئىشىكتىن
چىقىپ كەلدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— مېۋە دىگەن يېزىنىڭ مەسۇمى، ھـەرقايـ

سىلىرى شەھەردىن چىققان مېھمان ئوخشايلا،
ئېغىز تېگىشسىلە، «مېۋە دىگـەن قانچە كۆپ
كىشىنىڭ ئېغىزى تەگسە كېلەر يىلى شۇنچە ئوخـ
شايدۇ» دىگەن گەپ بار. دەپ قولىدىكى مۇنا-
قىنى يۇدۇۋېتىپ بىزگە ئۇزاتتى. بىز بۇ مېھمان-
دوست كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يۈرۈپ
كەتتۇق.

ئازدىن كېيىن ئايالىم گەپ ئېچىپ قالدى:
— مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا بۇ يەرگە
چىققىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟! تاغىلىرىنىڭ ئۈ-
زۈملىرىنى دۈيدىن باھالاپ، ساپلىرىنىسا ناپ
قويۇپتىكەن. باللار ئۈزۈم غەلۋىسى قىلىپ خا-
پا قىلغانىدا تاغىلىرى «ئۈزەم سالغان تـال
ئىدى، جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئازراق
ئالايلا!» دەپ ئىككى ساپ ئۈزۈم ئۈزگىنىگە
3 ئايلىق نورمىسىنى تۇتۇۋالغانىنىڭ ئۈستىگە
بىر ھەپتە پەپەنگە سىلىپتىكەن. بۈگۈنكى كۈنـ
دە بىرناتونۇش كىشىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى كور-
مەملا!

— يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتتىن دىخانلار-
نىڭ قوۋۇرغىسىغا ياغ تولدى. ھازىرقى كۈندە
بىر-ئىككى ساپ ئۈزۈم دىگەن ئۇلار ئۈچۈن ھېچـ
نىمە، ئەزەلدىن شۇنداق بىر ئىش باركى، ئەـ
گەر جەمىيەتتە قەھەتچىلىك، ئۆيدە يوقسۇزلۇق
ھۆكۈم سۈرسە ھەرقانداق كىشىمۇ بېخىل بولۇپ
قالىدىكەن. بۈگۈنكىدەك، ئەلدە مولچىلىق،
ئۆيدە توقچىلىق بولسا كىشىلەر ئارىسىدا مېھـ
ماندوستلۇق، ياردەمكۆپەيدىكەن. ئۆزىمىزـ
نى ئالساق ئەشۇ قىيىنچىلىق يىللاردا ئۆيگە
مېھمان كەلسە، بىزگە ساچقان تۇشۇكى سا راي
بولاتتى.
ئېيتقىنا ھازىر نىمىدىن غەمىڭ بـار؟!...

❁　　❁

بىز نى تاغام ئايالى بىلەن ھويلا سەينا-
سىدا قارشى ئالدى. قىزغىن تېچلىق سوراشقانـ
دىن كېيىن ھويلىنىڭ پېشايۋان ئاستىدىكـى
سۇپىدا سىنچاي ئىچىشكە ئولتۇردۇق. باللار
بولسا يېزىنىڭ ھەربىر تال گىياسىغىمۇ قىزىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىپ قاراشقىنىمچە تاغامنىڭ باللىرى بىلەن بىرى باققا، يەنە بىرلىرى ئۆي ئالدىدىكى ئۆستەڭگە چۈمۈلۈشكە چىقىپ كېتىشتى. بىردەم ئۇيان بۇياندىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن تاغام ئېغىلدىن بىر چوڭ بوز قوينى سۆرەپ چىقىپ پۇتىنى چۈشەشكە باشلىدى. مەن ئەھۋالنى چۈشىنىپ قوي سويۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، دەپ قانچە توسقىنىمغا قارىماي:

— سىلەردىن ئېزىز مېھمىنىم يوق، ″تاپقىنى قوي ئۇلتۇرەر، تاپالمىغىنى چۈجە-خوراز″ دەپتىكەن، بۇرۇن چىققىنىڭلاردا توخۇمۇ ئۇلتۇرەلمەي خىجىل ئىدىم. ھازىر ئېغىلدا مال لىق تۇرسا نىمىشقا سويمىغاي! دېگىنىچە قوينىڭ بوغىزىغا پىچاقنى سۈرۈۋەتتى.

— قولىمىز قىسقا بولۇپ قالغان ئەشۇ يىللاردا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — مېھمان ئۈچۈن بىر توخۇم چېقىشقىمۇ قولىمىز تىترەيتتى. چۈنكى ئەشۇ بىر توخۇم بولماي قالسا يانتۇرغىلى كىرىم يوق، كېچىلەردە قارىغۇدەك تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتۇق. بىر كۈنلۈك ئەمگەك بىر نەچچە سىنىت توغرا كېلىدىغان ئەشۇ چاغلاردا بىزدەك قانات قۇيرۇقى قىرقىلغان دىخان ئادەمدە پۇل نىمە قىلاتتى دەيسىز ئۇكام.

— راست ئېيتىسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — ئۇ چاغلاردا بىز كادىرلارغا بېرىدىغان مۇئاشنىڭمۇ ھېچ بىر نىكىتى يوق ئىدى، ئايىغا 15 بولمايلا قەرز سوراشقا مەجبۇر بولاتتۇق.

تاغام ئەپچىللىك بىلەن قوينى چىقىرىپ پارچىلىغاندىن كېيىن ئايالىنى چاقىرىپ: —

— توش بىلەن قوۋۇرغىنى دورا-دەرمەك بىلەن قوشۇپ شورپا قىلىڭلار، ئىككىبى پۇتىنى باللار شەھەرگە ئالغاچ كېتىپ ئۆيدە ئىشلەتسۇن، — دېدى-دە يەنە ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

مېنىڭ كۈندۈزى ئۇيقىغا رەۋىتىم بولمىغانلىقتىن، تاماق تەييار بولغىچە باغ ئارىلىماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتىم. تاغام ھەر ئىشتا دىتى بار، ئىشلەمچى ئادەم بولغاچقا، 5 فوڭچە كېلىدىغان بۇ بېغىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن يىلىغا 1-2 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدىكەن. باغدا ھەممە مىۋە بولغانلىقى ئۈستىگە، ئىنتايىن سورتلۇقلىرى تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ باغنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى تاغامنى يېتىشكەن باغۋەنكەن دېمەي قالمايتتى. دېمىسىمۇ مىۋىلەر تۈرلىرى بويىچە رەتلىك ۋە پەرۋىش بىلەن ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، مىۋىسىنى كۆتىرەلمەي قالغان شاخلارغا تىرەك قويۇلغان ئىدى. قىزىللىقتىن ساغرىشقا باشلىغان ئەلى ئالمىلىرى، كەڭ ياپراقلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالغان، ئېغىزىنىڭ شۆلگىيىنى ئاققۇزىدىغان ئەنجۈرلەر، خۇددى قىزلارنىڭ مەڭزىدەك قىزارغان ئانارلار، شاپتۇللار، قىسقىسى باغنىڭ چىتلاقلىرىدىكى تىنىمسىز سايرىشىۋاتقان قۇشلارمۇ ئۆزىنىڭ نەغمىسى بىلەن بۇ ھوسۇللۇق باققا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مەن تاغامنىڭ بۇ گۈزەل بېغىنى سەيلە قىلىۋېتىپ ئۇنى خىيالەن جەننەتكە سېلىشتۇرۇپ دۇمۇۋە ئىختىيار، سىز ″جەننەت دېگەنمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس″ دەۋەتتىم.

مەن ئۆيگە يېنىپ چىققانىدا دەستىخان تەييار بولغان ئىكەن. قول يۇيۇلغاندىن كېيىن ئالدىمىزغا ئىككى خون كاكچاۋە چوڭ چىنە تاۋاقتا تىقىرەپ تۇرىدىغان مايلىق گوش كەلتۈرۈلدى. ئايالىم بىلەن باللار دەرھال دەستىخانغا تۇتۇندى. مەن ئادەتتە شورپىنى زاغرا نان بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىم ئۈچۈن تاغامنىڭ ئايالىدىن:

— ئۆيدە زاغرا نان يوقمىكىن؟! دەپ سورىدىم. تاغام ئايالىنىڭ ئورنىغا جاۋاپ بېرىپ:

—ھازىر زاغرىغا ئانچە ئىشتىھايىمىز يوق، پەقەت مال بوداش ئۈچۈن ناگاندا يالىقىمىز. بالىلار «قوناق دىگەن ھايۋاننىڭ ھەققىي، تاغار-تاغاردا بۇغداي تۇرغاندا قوناق يەپ لىمەقالمايمىز» دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى بۇ ھارامزەدىلەر دىدى-دە، مېنى گوشكە دەۋەت قىلدى. مەن بۇگەپتىن كېيىن زاغرانان كېمىنى ھېچ قىلمىدىم. بىراق خىيالىمغا مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق خاتىرىنىڭ كولەڭگىسى كېلىۋالدى...

ھېلىقى قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئالغان يىللارنىڭ بىر بەكشەنبە كۈنى ئىدى. تاغامنىڭ بىر خوشنىسى ئۇنىڭ ئېغىر كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىپ چىقىپ كەتتى. مەن بېرىپ كېسەل ياتقان تاغامنى كورگەندە تەنلىرىم سەسكىنىپ، يۈرەكلىرىم موجۇلۇپ كەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە، تاغام شۇچاغدا چىرلەرەپ قالغان ئوينىڭ كەڭمىسىز بولۇڭىدا ئەسكى چۇشەك ئۈستىدە توپىغا مىلەنگەن ھالدا مۈردىدەك ياتىرىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا تىلەڭگىدە غۇراۋە يۇمغا قسۇت سېلىنغان سۇيۇق يوبدان ئاش تۇراتتى. ئىش قىلىپ ئۇنىڭ شۇچاغدىكى ھالى خۇددى پەرۋىشسىز، ئۇسسۇز قالغان بىر تۈپ قوناق پاسىرىغىلا ئوخشايتتى، خالاس.

دوختۇر ئۇنىڭ ئوزۇق يېتىشمەسلىكتىن چالاش كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن كۈندە گوش، ياغلىق تائاملار ۋە ئوزۇم قاتارلىق قۇۋۋەتلىك نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشنىڭ لازىملىقىنى مۇپەسسەل ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇغىنىسى گوش قاتارلىق قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى تېپىشنىڭ بىرەر يولىنى كورسىتىپ بېرەلمەپتۇ.

تاغامنىڭ ئايالىنىڭ ئېيتىشىچە سېكرېتارنىڭ رەھمى كېلىپ 15 جىڭ ئاق ئۇن تەستىقلاپ بەرگەن بولسىمۇ ئۇنى ئامبارچىدىن ساق ئېلىشى مۇمكىن بولماپتۇ.

مەن شۇچاغدا مىڭ تەسلىكتە ئونكويغا ئەككى جىڭ گوش، ئوز نورمىمىزدىن تېجەپ 10 جىڭ ئاق ئۇن، ئۈچ جىڭ ياغ بېرىپ ئۇنىڭ ۋاقتەلىق ئېھتىياجىنى قامدىغان ئىدىم.

بۇگۈنچۇ؟! بۈگۈن تاغام تاغار-تاغارلاپ ئاشلىقنىڭ ئىگىسى، ئېغىلدا يۈزلەپ بولمىسىمۇ ئونلاپ چارۋىلىرى بار، بانكىدىكى ئامانەت پۇلى گەرچە بولمىسىمۇ پەرەزدە 2-3 مىڭ يۈەنگە يېتىشى تۇرغان گەپ. ئىش قىلىپ ھالال مېھنەتنىڭ ھوسۇلىدىن قازانىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ ياغ...

مەن خىيالىدىن باش ئېلىپ ئۇنىڭدىن بۇ يىلقى ھوسۇلنى سورىدىم.

— بۇ يىلمۇ؟ بۇ يىل «خىمانغا خېيرىگەلدى» ئوكام دەپ سوز باشلىدى ئۇ تاۋاقتىكى گوشنى تىتمۇۋېتىپ، — 8 موكۆزىگىدىن 6 مىڭ جىڭغا يېقىن بۇغداي ئايرىۋالدىم، كەنجى قوناقتىمۇ خېلى ئۈمىت بار، باغدىكى مىۋىلەرنى باياتىن كوردىڭىز، پارتىيىمىزنىڭ شاپائىتى بىلەن تىرىشقىمىز ئۇسەلمەيدىغان زامانلار ئەندى كەلمەسكە كەتكەن ئوخشايدۇ. بىزلا ئەمەس، مۇشۇ ئارا ئوستەڭدىكى ھەممە ئەزالارنىڭ يېڭى سىياسەتتىن دولىسى ئاپتاپ كوردى. كادىرلىرىمىز 12- قۇرۇلتايدا مەھسۇلاتنى ھودىگە بېرىشنىڭ يەنە مۇقىملاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىۋاتىدۇ.

ئەگەر شۇنداق بولىدىغانلا بولسا بۇندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ بەختىنى كورۇڭ، ئازدىن كېيىن سىزنىڭمۇ كادىرلىقنى تاشلاپ دېھقان بولىۋالغىڭىز كېلىدۇ.

— ئۇ راست! پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسىتى ئۇزۇنغىچە ئوزگەرمەيدۇ، بۇندىن كېيىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېڭى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش 12- قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن مۇھىم بىر نىشان، — دەپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى تولۇقلىدىم مەن.

(ئاخىرى 9- بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چىرايلىققا ئامراق قىز

(ھېكايە)

ئەركىن مەتتۇرسۇن

زۇلپىيە بۈگۈن ئادەتتىكىدىن چىرايلىق كىيىندى-دە، كوچىغا چىقتى. ئۇنىڭ ھازىرقى سىياقى ۋە روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن.

ئۇ، يان يولدا كېتىۋېتىپ، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان دوستى باھارگۈلنى كوردى. باھارگۈل ئۈستىگە ئاددىيغىنا ئىش كىيىمى كىيگەن بولۇپ، دولىسىغا ئۇزۇن شاخ سۈپۈرگىدىن بىرنى تاشلىۋالغان ئىدى. زۇلپىيە باھارگۈلنى كورۈش بىلەن ئۇنىڭغا، شارتتىدەك ئارقىسىنى قىلىپ، باشقا بىرسىنى ئىزدىگەن قىياپەتتە تۇرىۋالدى.

— مۇشۇ بىر نىمىلەردىن قۇتۇلىدىغان كۈنۈم بارمىدۇ، مەنىۋى مەدىنىيەت يارىتىش دەمدۇ «تۆتتە گۈزەل بولۇش». «بەش بولۇش» دەمدۇ، ئېيتاۋۇر نەگىلا بارسام شۇ گەپقۇ، مېنىڭ مۇشۇ تۇرۇقۇمنى مەدىنىيەتلىك ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ئۈستىۋاشلىرىنى توپا-چاڭغا مىلىپ، كوچا-كويلارنى تازىلاپ يۈرۈشنىڭ نىمە لەززىتى باركىن تاڭ...

ئۇنىڭ خىيالى چېقىل ئاپتاپتەك مىنۇت ئىچىدە ئۆزگىرىپ، بۈگۈن كەچتە بولغۇسى ئولتۇرۇش - بەزمە ئۈستىگە يۆتكەلدى. «ئولتۇرۇشتا ئۆزەمنى تازا بىر كورسىتىمەن-دە» زۇلپىيەنىڭ چىرايىدا مەغرۇرلۇق كۈلكىسى ئەكس ئەتتى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا باھارگۈل ئۇنىڭ روپىيىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ماڭغاچ ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر بىر كىشىگە سەپ سېلىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنىشىنى باھالىماقتا ئىدى...

— ۋاي ۋوي، بۇنىڭ پۇپايكىسىنىڭ چىرايلىقلىقىنى... ھالقىسى نىمە دىگەن قالتىس، راستىنلا ئالتۇنمىدۇ، قايسى زەرگەر ئۇستام ياسىدىكىنە، مەنمۇ ھالقامنى ئاشۇ نۇسقىدا ياسىتايچۇ...

زۇلپىيە ھېلىقى ئايالدىن ھالقىسىنى قايسى زەرگەرگە ياساتقانلىقىنى سورىماقچى بولۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى، ئۇنىڭ كوزى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ بېشىدىكى يارىشىملىق كېپىكىگە چۈشتى. بۇ كېپىكنىڭ دىلوگى ئەجەپمۇ باخشىكەن. كېلەر ئايدا چوقۇم بىر يوپكا كىيىۋالاي... رەختىنى قايسى دۇكاندىن ئالدىكىنە؟...

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ھېلىقى ئايالنى كوزىدىن قاچۇرۇپ قويدى. زۇلپىيە بوينىنى غازدەك سوزۇپ، قاپقارا تىنىق كوزلىرىنى ھەر ياققا تېز-تېز ھەركەتلەندۈرۈپ، كىشىلەر توپى ئىچىدىن ھېلىقى ئايالنى بىر ھازا ئىزلىدى. تاپالمىدى، ئەستا...

ئۇنىڭ مىنۇت ئىچىدە تۇتۇلغان چىرايى لەپپىدە ئېچىلدى، چۈنكى ئۇ، يولنىڭ ئۇچىتىدىكى ماگىزىن ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدىكى بىر قىزنىڭ چاقماق گۈللۈك رەختتە تىكىلگەن پەلتوسىنى كورۈپ قالغان ئىدى، راست ئۇنىڭ پەلتولىرى كوپ بولسىمۇ، بۇ خىل رەختتىن تىكىلگىنى يوق ئىدى. زۇلپىيە ئۆزۈندىن بۇيان يېڭى مودىدا تىكىلگەن مۇشۇنداق بىر پەلتو ئۈچۈن رەخ ۋە پوسۇن تاللاپ يۈرگەن ئەمەسمىدى، ھازىر ئۇنىڭغا ئاشۇ پەلتونىڭ رەڭگى ۋە پوسونىنىڭ قانداقلىقىنى كورۈۋېلىش بەكمۇ مۇھىم-دە!

زۇلپىيە ئارقا-ئارقىدىن ئۆتىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا قارىماي يولنىڭ ئۇ چېتىگە قاراپ يۈگۈردى، ئۇنىڭ قوزىچاقتەك ئويناقلاپ

نازلىق يۈگرەشلىرى باشقىچىلا ئىدى. مە-
يىن شامال بويى بىلەن تەڭ بوستان چاچ-
لىرىنى ئوينىتىپ-چىرايلىق بويۇنلىرىدىن
تاتلىققىنە سويۈپ ئۆتەتتى. يېڭى پوسۇن،
كىلىشكەن پەلتۇنىڭ ئىشتىياقىدا كويگەن
ئوتلۇق يۈرىگى دۈپۈلدەپ، ئەمدىلا كوتىرى-
لىپ چىققان بىرجۈپ ئالمىدەك كوكسىنى
نازۇك تىترىتەتتى.

زۇلپىيە تېز يۈگرەشنى ئويلايتتى.
بىراق ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى تار تى-
كىلگەن نىلون يوپكىسى، ئىگىز پاشنىلىق مې-
غىزرەڭ لوشكا بەتىنكىسى چوڭ قەدەم ئې-
لىشىغا كاشىلا قىلاتتى، ئۇ قەدەمدە بىر
مودۇرۇپ پۇتلىشاتتى . ئۇ ، يولنىڭ چې-
تىدىكى تاختايغا يېزىلغان «يولنى كېسىپ
ئوتمەڭ» دىگەن چوڭ خەتنى كوردى-دە،
«ھېچكىم كېسىپ ئوتمەمدىش، بۇنداق قائىدە
بىلەن مېنىڭ نىمە چاتىقىم، يول جايىدا
قالمىدۇ. مەن ئۇچقاندەك ئوتۇپ كېتىمەن-
دە، بېرىپ پەلتۇنى كورىمەن».

لېكىن، ئاقىۋەت زۇلپىيە ئويلىغاندەك
بولمىدى، ئۇ تايتۇڭلاپ ئەمدىلا يولنىڭ
ئوتتۇرىسىغا كېلىشى، يۇقۇرى سۈرئەت بى-
لەن كېلىۋاتقان يۈك ئاپتۇموبىلىغا دوچ
كەلدى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدىكى
خەتەرلىك مىنۇتتا شوپۇر ماشىنىنى قاتتىق
تورمۇزلىدى: تېزگىنى تۇيۇقسىز تارتىلغان
بۇ جاھاۋا غەزەپلىك دوقۇرغىنىچە 3 مېتىردەك
يەرگە بېرىپ، بىر سىلكىنىدى-دە، توختىدى.

ھودۇقۇپ كەتكەن زۇلپىيە ماشىنىغا ئۇرۇ-
لۇپ كەينىگە قاڭقىپ چۈشتى. كوتۇلمىگەن
پاجىئەنىڭ يۈز بەرگەنلىگىدىن چۆچىغان
شوپۇر كېبىنكىدىن سەكرەپ چۈشكىنىچە زۇل-
پىيەنىڭ يېنىغا يۈگۈرەپ كەلدى، بۇ چاغ-
دا يولۇچىلارمۇ كوپىيىدەك يىغىلدى، تەبى-
ئەتنىڭ ماھىر قولى بىلەن ئۇنىڭ چىراي-
لىق خال چېكىلگەن سول مەڭزى سېمونت
يولنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئىنگەك
بويلاپ يېرىلغان ئىدى، زۇلپىيە بىھۇش بو-
لۇپ يېقىلغاندا، بۈگۈنلا كىيىپ چىققان
گۈللۈك كوپتىسى توپا ئارىلاش قانغا مى-
لەنگەن، ئىگىز پاشنىلىق لوشكىسىنىڭ تا-
قىسى ئاجراپ كەتكەن ئىدى.

ئۇنى كورۇش ئۈچۈن يىغىلغانلار ئى-
چىدە ھېلىقى ھالقىسى بار ئايالمۇ، چاق-
ماق گۈللۈك پەلتۇ بىلەنكى قىزمۇ، يار-
شىملىق كېپكە كېيگەن يىگىتمۇ بار ئىدى.

زۇلپىيەنىڭ كوزى يېرىم يۇمۇلغان،
ئاغزى بولسا سەل-پەل ئۈچۈق ھالەتتە بو-
لۇپ، يېرىم يۇمۇق كوزلىرى بىلەن ئەت-
راپىغا يىغىلغان ھېلىقى كىشىلەرنىڭ كىيىم
ئۈسخىلىرىغا قاراۋاتامدۇ، ياكى سەل-پەل
ئۈچۈق ئېغىزى زەرگەرنىڭ ئويىنى، چاق-
ماق گۈللۈك پەلتۇنىڭ قايسى ماگىزىندىن
سېتىۋېلىنغانلىغىنى سوراشقا تەمشىلىۋاتامدۇ-
بۇنى بىزنىڭ چىرايلىققا ئامراق
قىزىمىز زۇلپىيەدىن باشقا ھېچكىم ئېيت-
ىپ بېرەلمەيتتى...

(بېشى 7-بەتتە)

بىز قاش قارايغان چاقىقىچە ئويى-
ناپ، تويغىچە يەپ-ئىچىپ، ئاندىن ئويگە يې-
نىشقا تەرەددۇت قىلدۇق. ئىشىك ئالدىغا چى-
قىپ قارىساق تاغامىلار ھارۋىمىزغا بىر تاغاردا-
لىق بوغداي ۋە بىر نەچچە پۇلۇقتا يېزىنىڭ تۇر-
لۈك مەئشەتلىرىنى بېسىپ قويۇپتۇ، بىز يول
ئۈستىدە تاغامنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە
ھازىرقى ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ مېھمان دوستلۇغى
ھەققىدە قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ بۇگۈنكى
مېھماندارچىلىقتىن تولۇق مەمنۇن بولغان
ھالدا ئويگە قايتىپ كەلدۇق.

www.uyghurkitap.com

# قۇشلار بىلەن سۆھبەت

ئابدۇغىنى سەيت

## چىلاق

چىلاق، كىچىك بىر قۇش سەن،
ئاق قۇچقاچنىڭ تېگىچە.
«جىرت-جىرت» دەيسەن ھېمىشە،
ھېچ ناخشاڭ يوق يېگىچە.

يازدا سەنچە بىر قۇش يوق،
شاختىن-شاخقا قونىسەن.
يا ئۇنۇڭ يوق، يا ئۆزەڭ-
قىشتا نەدە- قېنى سەن؟

باھار كەلدى، ياز بولدى،
شاخ تاشلىدى بوستانلار.
بارچە قۇشلار توقۇشتى،
يېڭى ناخشا-داستانلار.

سەنمۇ تاللاپ بىر شاخنى،
ماكان تۇتساڭ بولمامدۇ؟
ھەمنەپەس بوپ يېنىڭدا،
بۇلبۇل خەندان ئۇرمامدۇ؟

ھەممە شاختىن قاخشايسەن،
ھېچبىر سايە ئەرزىمەي.
سايراپ باقمىن يېگىچە،
گەپ-سۆزۈمگە تەگمەي!

## خوراز

«تۇ-تۇ» دېسەم كېلىسەن،
تاڭ ئەلچىسى خورۇزۇم،
سېرىق تونلۇق، قىزىل تاج،
كوزى ئوتلۇق يۇلتۇزۇم.

سەگەكلىكنىڭ شاھىسەن،
تاڭ سەھەردە چىللايسەن.
كىم ئويغۇچى، كىم سەگەك،
كۆزىتىسەن، تاللايسەن.

قانات قېقىپ چىللايسەن،
ھەممىمىزنى ئويغۇتۇپ،
قەلبىمىزدە يېڭى ھېس،
يېڭى غەيرەت ئۇرغۇتۇپ.

سەن چىللىساڭ خورۇزۇم،
بىز تۇرىمىز تاڭ بىلەن.
يېتىلىمىز مەكتەپتە،
يېڭى پەننى ئاڭ بىلەن.

## كەپتەر

قىسقا تۇمشۇق، كىچىك باشلىق،
نىختا تاپانلىق.
دۈمبىسى ئاق، قارا-قىزىل،
پەشلىك-چاپانلىق.

كۆۋۈكلاردا باچكۇلايسەن،
ئەركە كەپتىرىم.
كىچىك كوڭۇل، بەكمۇ سەزگۈر،
پاكىز، بىجىرىم.

مۇئەللەق تاشلاپ قۇچساڭ ئىگىز،
كوكنى-ھاۋانى.
تۇيىلىدۇ بۇقتەك ساڭا،
ئالەم پايانى.

توپ كېتىسەن، توپ كېلىسەن،
ئەمەسسەن ئازغۇن.
شۇڭا بۇزەك قىلالمايدۇ،
ياۋا قۇش-قوزغۇن،

پەيزىلىك تۇتسا تازا قايناپ،
ئۈنەلەپ بېرىدىسەن.
ساما قىلىپ ئەتراپىمدىن،
كەتمەي ئېرىدىسەن.
«يە-يە» دەيمەن قېشىمغا كەل،
چېچىپ بېرەي دان؛

ھە، خالىساڭ قونىاق يېگىن،
ئۇۋاپ بېرەي نان.
مايسىلارنى چىشلەپ قاچما،
تاشلا بۇ خۇيىنى،
دانلا، ئوينا، سەن ئۈچۈن كەڭ،
ۋەتەننىڭ قوينى.

## كەكلىك

قارا قاشلىق چاقماق يەكتەك،
كۆللۈك كەكلىكمەن.
كىچىككىنە قەپەزىمگە،
بەكمۇ ئەپلىكمەن.
تاغ-ئېدىرلار ئوتلاق-جىلغا،
ماكانى ئىكەن.
ئۇگاك بولغاي گاھى چىغلىق،
چاتقال-ئاق تىكەن.
«ئوينىسۇن» دەپ ئاكام ماڭا،
ئەپ كەپتۇ سېنى.

دوست بولايلى بىرى كەلگىن،
يات كورمە مېنى.
سەن «كەكلۈك-كەكلۈك» دەپ،
چۈشتۈڭ قەپەزگە.
خۇشال ئىدىم كەپتىرىسىدەك،
كونسەڭ پەغەزگە.
تاغمۇ، باغمۇ ئۆز ماكانىڭ،
كەكلۈك دېمە.
تىنەتىمەيمەن سېنى ھەرگىز،
ئەسلا غەم يېمە.

## تورغاي

چۇ-چۇلايسەن سەھەردە،
مۇشتۇمچە بار شوخ تورغاي.
ئۆزى يوۋاش، توك سەپەچ،
كوڭلى-كوكسى توق تورغاي.
قۇمۇش، يانتاق تۇۋىدە،
ماۋۇق ئۇگا ياسايسەن.
تالاشمايسەن باغ، سايە،
دالادا شات ياشايسەن.
بىرخىلىڭ بار سەل كىچىك،
«ئىلى تورغاي» ئېتى بار.

توتۇپ قالسا خوشلىغى،
سايراپ بېرەر دىتى بار.
قەپەزدە سايرايسەن،
پىشايۋاندا يېقىملىق.
مەنمۇ ساڭا قىلىمەن،
«ئۆز دوستۇم» دەپ يېقىنلىق.
زېرىكتۇرمە سەن مېنى،
سايرا-يايرا تورغۇيۇم.
يەم-دان ئۈچۈن ساقلاغلىق،
كەندىر، تېرىق، بۇغدۇيۇم.

## ئىرادە

كامىلە كامال (ئوقۇغۇچى)

مەن ئۆزەم بىر پىئونېر،
ئىلىم-پەننى سۆيىمەن.
دەپتەر، قەلەم، كىتابىنى،
جاندىن ئېزىز كۆرىمەن.
بەلنى راسا باغلىدىم،
«3 تە ياخشى» بولۇشقا.
ئىلىم-پەننى ئۆگىنىپ،
زامانى ئەل قوروشقا؛

دەرسلەردىن ھەممىشە،
ياخشى باھا ئالىمەن.

ئەلائوقۇپ مەكتەپتە،
يىشۇ يىۋەنگە بارىمەن.

## شېئىرلار

مەتسالى مەترۇزى (ئوقۇغۇچى)

### ئارزۇيۇم

باغۋەن ئەجىر قىلمىسا،
باغ كوچەتكە تولامدۇ.
ھەم كۆچەتلەر مېۋىسى،
تەم-لەززەتلىك بولامدۇ.

مەكتىۋىم باغ، مەن كوچەت،
ئۇستازلىرىم باغۋەنىم.
باغ قوينىدا پەرۋىشتە،
چېچەك ئاچار ئارمىنىم.

### بۇلبۇلدىن ئېلىپ ئۆلگە

گۈل شېخىدا تاڭ سەھەر،
بۇلبۇل چاق-چاق سايرايدۇ.
ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئۈنىنى،
يۈرۈكۈم شات يايرايدۇ.

بۇلبۇلدىن ئېلىپ ئۆلگە،
تەرنى تۆكۈمەن گۈلگە.
قەلبىمدە مېنىڭ دائىم،
ئۇرغۇپ تۇرىدۇ كۈلكە.

### چىلان

ئوي ئالدىدا تۇرار ئەنە بىر تۈپ چىلان،
شاخ-شېخىدا مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق.
ھايا جاندا باقىمىزدا ھەردەم ئاچا،
كۆزچاقىمىزتار جۇلالىنىپ ياقۇت-مونجاق.

ئۇزى كىچىك، مېۋىسى مول، تۇخۇمى كۆپ،
ئەل ئىچىدە نامى قۇتلۇق ئىززىچىلان.
مەنمۇ سەندەك ئەلگە نېمەت بېرىش ئۈچۈن،
كىچىكىمدىن تۇزدۇم يۈكسەك ئۇلۇغ پىلان.

## ئىككى شېئىر

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

### بوۋاي ئېيتتى كۆپ رەخمەت

...ئايگۈزەل قىز مەكتەپتىن
كېتىۋاتتى ئۆيىگە،
يول ئۈستىدە كوك نەرسە،
كۆرۈنۈپتۇ كۆزىگە.

قاپچۇق ئىكەن قارىسا،
ئېلىپ دەرھال قولىغا.
تىت-تىت بوپتۇ بىر قاراپ،
ئېچىدىكى پۇلىغا،

"شۇ قاپچۇقنىڭ ئىگىسى،
بولغاندۇ زەپ بىمارام..."
شۇنى ئويلاپ ئايگۈزەل
يۈرۈپ كېتىپتۇ ئىلدام..

⌘

ئەمەت بوۋاي پۇلىنى
ساق ئالغاندا تاپشۇرۇپ،
"رەخمەت قىزىم" دېدى ئۇ،
كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ...

## «كېيىن كورەرمەن كىنوسى»

دەرستىن يېنىپ ئايگۈزەل،
ياردەملەشتى ئانىغا.
كىيىم، لۆڭگە، ياغلىقنى
يۇيۇپ ئاستى تانىغا.

تۈتۈش قىلدى ئانىسى،
ئاشقا خېمىر يۇغۇرۇپ.
ئايگۈزەلمۇ ئاكىچە،
ئولگۇرتتى گوش، سەي قورۇپ.

-ماڭغىن قىزىم كىنوغا،
دېدى ئاتا-ئانىسى.
دېدى شۇئان ئايگۈزەل:
-بار ئىشىمنىڭ چالىسى.

-دادا، ئانا، بۈگۈن كەچ،
چىراق ياندى بەك يورۇق.
كېيىن كورەرمەن كىنونى،
ئىشلىۋالاي تاپشۇرۇق...

# ھەمساۋاق بولدۇق

ئىدرىس مەتسېيت

ئىرىشتۇردى تىلەكلەرگە ئۇلۇق كومپارتىيە بىزنى،
بۈگۈن مەكتەپ قۇچاغىدا يېنىپ تۇرغان چىراغ بولدۇق.
يۇمۇپ كوزنى ئاچار چاققا ئوتۇپ كەتتى يېرىم مەۋسۇم،
ۋاقىت ئوتتى بولۇپ ئەسرار قېرىندىشتەك ئىناق بولدۇق.
بىلىم بەردى مۇئەللىملەر كويۇپ دىلدىن، سۇيۈپ دىلدىن،
«بىلىم كەمچىل» دېگەن غەمدىن بۈدەم بىرئاز يىراق بولدۇق.
ئىنىستۇت ياخشى بىر باغكەن، بىلىم-ئىشتەي ئاچار ياغكەن،
ئوقۇپ مەكتەپتە «ياغ» چاينەپ، قىزىل گۈل، خۇشپۇراق بولدۇق.
تېخى يولنىڭ داۋامى بار، يېرىم يولدا تۇرماس كارۋان،
داۋانلاردىن ئېشىش ئۈچۈن بارچە دوستلار ئۇماق بولدۇق.
قانائەت بىزگە يات دوستلار، ئاداققى پەللە چىللايدۇ،
ئۆگەنمەسلىك نومۇس، بىللە ئوسەيلى، ھەمساۋاق بولدۇق.

# ئۆلمەيدۇ توھپە

ئەبەي قادىر

بولسىمۇ ئادەمنىڭ گەرئومرى چەكلىك،
شۇئومۇر جاھاننى ئەيلەر چېچەكلىك.
ئەپسۇسكى بەزىلەر ئىشلىتەر ئۇنى،
بولۇشقا پۇل-ماللىق، كىيىم-كېچەكلىك.

بىلىپ قوي، تۇغۇلغان ئولىدۇ بىركۈن،
ۋە لېكىن ئۆلمەيدۇ كەشپىيات-توھپە.
شۇچەكلىك ئومۇرنى ئۇزارتاي دېسەڭ،
ئەجردىن ئاچقىنسەن ئوچمەس بىر توھپە.

# نادامەت ياللامىسى

(ھېكايە)

ئامىنە تۇردى

— ھەي! نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق!؟

— شوخلۇق ئاخىرى بېشىغا چىقىپتۇ-دە!

— ئۇنىڭ تاپقىنى زادى شۇ بولماقچىدى...!

كېسەل يوقلاپ بالنىست ئىشىكىدىن ئەمدىلا چىقىشىمغا غەلۋە-غوۋغا بىلەن كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقتۇم. «بۇ نېمە ئىش؟» مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارغا ئەگىشىپ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى تەرەپكە بۇرۇلدۇم. كىشىلەر بۇ ئۇزۇن كارىدورلۇق، ئېگىز بىنانىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ياتاقخانا ئۆيگە تۇتقامىش كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى.



مەن بۇ ياتاقخانىغا كىرگىنىمدە، بىر مۇنچە كىشىلەر ۋە ئۇششاق بالىلار ئىشىكنىڭ ئوڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان سىم كارۋاتقا ئىگىشىپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى. مەنمۇ كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن بوينۇمنى سوزۇپ ھېلىقى كارۋاتقا قارىدىم. كارۋاتتا باش قىسمى پۈتۈنلەي داكا بىلەن ئورالغان بىر كېسەل ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ پىشانىسىدىن توختىماي سوغۇق تەر چىقىپ تۇراتتى. كېسەل ئوڭ قولىنى ئاستا مىدىرلىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىيۇ-يەنە ۋايجانلاپ ئىڭراشقا باشلىدى. ئېھتىمال، يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ ئىڭراشلار قاراپ تۇرغانلارغا تەسىر قىلدى بولغاي، بىر قانچىسى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ، توپ ئىچىدىن سىرتقا چىقىشتى.

— ياخشى ئادەملەرنىڭ قىزى تۇرۇپ،

هەي...ا نى ئات، نى نومۇس...هە!ــ دىدى،
ياشقىنا بىر چوكان.

كارۋات ئالدى خېلىلا بوشاپ قــالغان
ئىدى. مانا شۇ چاغدىلا مەن ھېـلىقى كې‐
ـەلگە يېقىنلاپ بېرىش پۇرسـىتىگە ئىـگە
بولدۇم. قالغاچ قانىتىدەك كېلىشكەن قاشلار،
نۇرسىز ئەمما كىيىكنىڭكىدەك قاپقارا كوز‐
لەر، توكۇلۇپ تۇرىدىغان بوستانكىرپىكلەر،
گويا ئېقىپ چۈشكەندەكلا كورۇنىدىغان ناچا
بۇرۇنلار، قىزىللىقتا جىنەستىنى ئەسلىتىدى‐
غان، سۇزۇك غۇنچىدەك لەۋلەر...

«تونۇشلا بىر چىرايغۇ؟» مەن گويا ئۇس‐
تۇمدىن بىر چىلەك سۇغ سۇنى قۇيىۋەتكەن‐
دەكلا شۇركۇنۇپ كەتتىم... «شوخ زەينەپ!»
ئىچ‐ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇخىتاپمىنى
ئىختىيارسىز ھالدا بالىلىق، ياشـلىق دەۋ‐
رىمنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى...

مەن ئۇنىڭ بىلەن «ب» ناھىيـىسىنىڭ
گۇللۇك ئوستەڭ بويىدىكى بىر مەھەللىدە تۇغۇ‐
لۇپ، بىرگە ئوينىاپ، بىرگە ئوقــۇپ چوڭ
بولدۇم. ئوقۇشتا ھەر ئىككىمىز ئوتـكۇر ۋە
زېرەك ئىدۇق. بىزگە ساۋاقداشلاردىن تار‐
تىپ، ئوستازلىرىمىزغىچە ھەۋەس قىلمايدى‐
غىنى يوق ئىدى. مەن ئۇنىـڭدىن بىرە‐
ئىككى ياش چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭغا بەكمۇ
كويۇنەتتىم، ئۇنىڭ بارلىق ئەركـىلىك ۋە
شوخلۇقلىرىغا ئوز يېشىمغا مۇناسىپ بولمىغان
بىر خىل بېسىقلىق بىلەن يول قويــاتتىم.
ئۇ، باشلىقنىڭ بىردىن‐بىر ئارزۇلۇق قىزى‐
ئەركىسى بولغانلىقتىن، كىيىم كېچەك، پۇل
خەجلەشتە ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا تــۇراتتى.
خۇسۇسىيەت جەھەتتىن گۇلدەك نازۇك، كې‐
چىنەكتەك شوخ، چىراي‐پىگورا جەھــەتتىن
بولسا، بىز قىزلارنىڭ كوزى ئىدى؛ تولۇق‐
سىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇگەتكەندىن كېيىن،
ئۇ ئاتىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئوڭــايلا
خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. مەن ئوتتۇرا تېخنى‐
كومغا ئوقۇشقا كەتتىم. ئوقۇش پۇتــتۇرۇپ

قايتقىنىمدا، بىر كۇنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچ‐
رىشىپ قالدىم. ئۇ، تېخىمۇ ھوسنىگە تولۇپ
گۇلدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا
ئۇ مــاڭا مــەغرۇر كــوزلىرىدىن كـىـبىر
ئــۇچــقۇنــلــىــرى چــاچــرىــتــىــپ
تۇرۇپ، قانداقتۇ بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ،
ئىككى يىلدىن بىرى مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىـ
غىنى، يېقىندا توي مۇراسىمى ئوتـكۇزىدى‐
غانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكــالىدى.
دەرۋەقە، بۇ توينىڭ مەنمۇ ئىشتىراك ئەتتىم.
يىگىت سىرتقى كورۇنىشىدىنلا ئەمەس، بەلكى
پۇتۇن تەبىئىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئېغىر‐
بېسىق، كەمسوز ئىدى. ئۇ، قايسىبىر ئېنىسـ
تىتۇتنىڭ قانۇن پاكۇلتېتىنى تاماملاپ، بۇ
يەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئىكەن...

كېسەلنىڭ دەرتلىك ئىڭرىغان ئــاۋازى
خىيالىمنى بىردىنلا بولۇۋەتتى. ئۇ، يەنىلا
ھوشسىز بولسىمۇ، كوز ياشـلىرى خــۇددى
يىپى ئۇزۇلگەن مەرۋايىتتەك قولاق تۇۋىگە
تاراملاپ چۈشمەكتە ئىدى.

ــ ياخشى ئەرنى تاشـلىمـىغان بولسا،
بۇنداق پالاكەت باسمىغان بولاتــتى. خوپ
بوپتۇ!ـ دىدى ۋىجىككىنە كەلگەن بىر يىگىت.

ــ قايسى گەپ راستكەن؟ـ دىدى، يــەنە
بىر ئايال ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ،ـ پــۇل‐مالىنى
دەپ قانداقتۇ بىر لۇكچەكنىڭ كەينىدىن...

شۇ ئەسنادا زەينەپنىڭ ئاتا‐ئانىسى پە‐
رىشان ھالدا ئالدىراش كىرىپ كەلدى‐دە،
بىز بىلەن چالا‐پۇلا سـالاملىـشىپ، دەررۇ
كارۋات قېشىغا بېرىشتى، ئانا ئىسەدىگەن
پېتى قىزىغا ئوزىنى ئاتتى...

ئېھتــىمال، ئــۇلار كۇتۇلمىگەن بۇ ھا‐
دىسىنىڭ يۇز بەرگەنلىكىنى تېـخى ئــەمدىلا
ئاڭلىسا كېرەك.

مەن كىشلەرنىڭ ئىلگىرى‐ئاخىر قىلىشقان
بۇ باش‐ ئايىغى يوق گەپ‐ سوزلــىرىدىن
قانداقتۇ بىرەر يامان ئىش روي بەرگــەن‐
لىكىنى پەملەپ، چوڭقۇر ئېچىنىش ھىسـ

ياتتى بىلەن يېنىككىنە بىر تېنىدىم-دە، چەبقىپ كەتتىم. ئاياقلىرىمنى زورغا يۆتكەپ، گاڭدىرماش خىياللارغا پېتىپ، ئەمدىلا 3-4 قەدەم بېسىۋىدىم، بۇ بولۇمنىڭ بىر سېستىراسىغا دۇچ كەلدىم.

— زەينەپ گۈلنى كۆرگىلى كەلگەنمىدىڭىز؟ — دېدى، ئۇ لەۋلىرى يېنىدىكى چىرايلىق زىننا قىلىرىدا كۈلكە تەبەسسۇمى جىلۋىلەندۈرۈپ.

— ... كېسەل يوقلاشقا كېلىپ، بۇ ئىشقا ...

— ھە.

مەن زەينەپنىڭ يولدىشىنى يوۋاش، ئويۇن-تاماششىغا خۇشى يوق، دەپ تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن رىشىت ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىمىز دەپ سۆزلىشىپ يۈرگەنلىكىنى، گەرچە توي خېتىنى ئېلىپ بۇرۇنلا ئېلىشقان بولسىمۇ يىگىتنىڭ ئانا-ئانىسى، دەپ تويىنى ئەتەي كېچىكتۈرۈۋاتقانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسامۇ، بۇ پاجىئەنىڭ قانداق سادىر بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر دائىرەمگە ئالالمىغانلىقىمدىن بۇ ھەقتە سورىدىم.

— زەينەپ تۈنۈگۈن ئاخشام ئۈلپەتلىرى بىلەن دەريا بويىغا تاماششىغا چىققان، ئۇلارنىڭ تاماششىسى كېچە سائەت 4-5لەردە ئاخىرلاشقان. ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھاراق تەسىرىدىن خۇدىنى يوقاتقان مەسلەر ماشىنىنى قالايمىقان ھەيدەپ، ئاخىرى يول بويىدىكى بېتون زاكۇنىڭ چوڭ تاختىسىغا ئۈستۈرۈپ ئۆرۈلگەن... بۇ ۋەقەدە بىرسىنىڭ پۇتى سۇنۇپ، يوتىلىرى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن، زەينەپ بولسا، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالغان. زەينەپنىڭ «لايىغى» يارىلانغانلارنى دوختۇرخانىغا تاشلاپلا، ئالدى-كەينىگە باقماي، تېكىۋەتكەن...

— ھە، مۇنداق دەڭ! مېيىپلەنمەي ساقىيىپ كېتەلەرمۇ؟

— ۋاي-تاڭ! جاراھەتتى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە باش ئەمەسمۇ؟ كاسسىلىرىنى يېپىپ تۇرغان سۆمبۇل چاچلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىنى 13 يېپ، پېشانىسىدىكى زەدىنى 7 يېپ تىكتى، — دېدى ئۇ.

✤ ✤ ✤

مەن بۇ ۋەقەدىن ئون كۈنلەر كېيىن، كونا ساۋاقداشلىق ھۆرمىتى ئۈزچۈن، ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇنىڭ بېشىدىكى قاتمۇ-قات ئورالغان داكىلار ئېلىپ تاشلانمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇ، قوشلاپقويۇلغان پەرياستۇقلارغا يۆلىنىپ، كارۋاتتا ئۆرە ئولتۇراتتى. كارۋات يېنىغا كېلىشىم بىلەنتەك ئۇ، بويىنۇمغا ئېسىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە كۆز يېشى قىلدى. قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىچىنىش ھېسسىياتى دېڭىز دۇركەشلىرىدەك دولقۇنلىماقتا ئىدى. كېيىن ئۇ، كۆزلىرىنى ئاستاغىنە يەرگە ئاغدۇرۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس، جاپالار چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس!»... مۇنەججىملەر توغرىمۇ دوروس ئېيتقان ئىكەن. ياماننى كۆرمىگىچە ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدىكەن. مەن، ئەخمەتنىڭ ماڭا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭ پۇقتەك چەكسىز ئىشەنچىسىنى ئاقلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئازاپلاپتىمەن، ھەتتا خارلاپتىمەن. ئائىلەمدە ھېچنىمىدىن قىسىلمايتتىم. ئۇ، مېنىڭ ئۆي ئىشلىرىمغىچە ياردەملىشەتتى، ھۆرمىتىمنى قىلاتتى، ئۆز ئىززىتىمنى بىلمىگەن بەڭۋاشمەن-دە! ھەي... ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەم... ئەخمەتنى كىتاپتىن باش كۆتەرمەيدۇ، بۇ يىۋاش بەندە بىلەن ياشلىق باھارىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزەمتىم، دەپ ئاتىكاچىلىق قىلغان ئىكەنمەن. مانا ھازىر ئۆزەمنىڭ جانسىز بىر قوچاقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى، ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن

رىشچان ئەخمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىلسىز مەن ئىكەنلىكىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم،— دېدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئېيتقۇسىز دەرت-ئەلەم بىلەن ياشلانغان ئىدى.

ئۇ يەنە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ كۆز يېشى تۆكتى. مەن ئۇنىڭغا ئىچىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تىكىلدىم، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بولاقتەك سۈزۈك، نۇرلۇق كۆز چاناقلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئەمدىلىكتە، بىلىنەر-بىلىنمەس كۆكۈش سىزىقلار قاپلىغان، مەڭزىدىكى ئات قېنىدەك قىزىللىق يوقاپ، تاتىرىڭغۇلاشقان، چىرايى تولىمۇ سولغۇن، روھى بەكمۇ چۈشكۈن ئىدى.

ئۇ، سۆزىنى توختىتىپ، قوليا غلىق بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتكەندە ئۇنىڭ لەۋلىرى شەبنەم ۋاقتىدىكى ئاجىز يوپۇرماقتەك، تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاللا نىمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ سىداپتەك چىشلىرى بىلەن ئاستىنقى لىۋىنى قايتا-قايتا چىشلىدى.

ئۇ خېلىغىچە ئەشۇنداق بىرخىل سەۋدايى ھالەتتە پىچىرلىغاندىن كېيىن، ئىسسەدىگىنچە ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى-دە، «ئۆزەمدىن ئۆتكەن، ھەممە گۇنا مەندە...» دەپ ۋاقىرىۋەتتى...

مەن زەينەپكە تەسەللىمۇ بەرمىدىم، يىغىدىنىمۇ توسمىدىم. «مەيلى، كۆكسى-قارىنى بوشۇغىدەك يىغلىۋالسۇن،— دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە،— قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن، باسقان قەدەملىرىدىن پۇشايمان يەپ قانچە يىغلىسا، بۇندىن كېيىنكى ھاياتى قەدىمىنى توغرا بېسىشقا پايدىلىق...»

زەينەپ بىر پەس شۇنداق ئىسسەدەپ يىغلىغاندىن كېيىن پەسكارىغا چۈشتى، ئۇ كۆز ياشلىرىنىمۇ ئېرتماي، ماڭا دېدى:

— دوستۇم، ھەممە گۇنا مەندە، ئەگەر مەن ئۇنى يىغلاتمىغان، رەنجىتمىگەن بولسام، ئۆزەممۇ يىغلاپ، پۇشايمان يەپ قالمىغان بولاتتىم، زامانىنىڭ ئۆتىنىسى ياندى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى جىم-جىملا تىڭشىدىم، زەينەپنىڭ دەۋاتقىنى، تەبىئىكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئىرى ئەخمەت ئىدى.

زەينەپ كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭكەينى بىلەن ئېرتىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇشىنىڭ رايىمغا باراتتى، كۆڭلۈمنى تولىمۇ ئايايتتى، شۇغىنىسى مەن...

ئۇ سۆزلىمەكتە، كۆز ئالدىمدا زەينەپ بىلەن ئەخمەتنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ماجراسى— ئۆيى بۇزۇلغان تۇرمۇش كارتىنىسى خۇددى ئۆزەم ئەشۇنەق مەيداندا باردەكلا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلماقتا...

...زەينەپ كىچىك-كىچىك، لاقا-لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرماقتا. تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇنىڭغا سەمىمى نەسىھەتلەر قىلىۋاتقان ئەخمەت پۈتۈن ئاچچىق ۋە دەرت-ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورىغىنىچە ئۇنىڭغا سۆزلىمەكتە:

— زەينەپ! شۇنداق قىلىپ، بۇ سېنىڭ ئاخىرقى قارارىڭما؟

— ھەئە...

زەينەپ تولىمۇ مەغرۇر، ئەمما ئۆزئىشى بىلەن ئىدى.

— شۇنداق ئويىنى، شۇنداق ئۇماق بالىنى، مەندەك ساداقەتلىك ئەرنى تاشلاپ، قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرەرسەن؟

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك تىترەپ چىقتىكى، ھەرقانداق باغرى تاش ئايالمۇ بۇنداق سەمىمى نەسىھەت ۋە ياخشى ئۈمىتلەر ئالدىدا تەسلىم بولماي تۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە.

لېكىن، زەينەپ ئەسەبىلەرچە كۆزلىرىنى بىرقىستى-دە:

— يا، ئەرسىز قالارمەن!— دېدى، يۈرەككە نەيزىدەك سانچىلىدىغان تەنە بىلەن.

سۆز شۇنداق قاتتىق ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلغان ئىدىكى، ئەخمەتنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇمىتلىرى خۇددى توزغاقتەك توزۇپ، ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدى:

— بوپتۇ خالىغىنىڭنى قىل! ھاياتلا بولسام سېنىڭ يەنە قانچىلىك «بەخت» تاپقانلىقىڭنىمۇ كۆرەرمەن، خەير... غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز!...

ئاھ! ئەخمەت ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىغا قارىماي، بىر بالىنىڭ يۈزى ۋەزەينەپنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن قانچىلىك سەۋرى-تاقەت قىلغان. ھە!...

ئېخ! زەينەپ، سەن شۇنچىلىك ئەقىللىق، شۇنچىلىك ئاقكۆڭۈل ۋەشۇنچىلىك كۆيۈمچان ئەردىن نېمىشكىمۇ ئاجرىشىپ، پۈتۈن ئىختىيارىڭنى ئەشۇ يارىماس ھاراقكەش لوكچەككە تاپشۇرغانسەن؟ ئۇنىڭ شۇنچە دەپسەندە قىلغانلىرى يەتمىگەندەك يەنە ئۇرۇپ-تىللاشلىرىچۇ؟ ھە، تېخى، ۋەقە يۈز بەرگەندە، دوختۇرخانىغا تاشلاپلا قېچىشلىرىچۇ؟...

زەينەپ سۆزلىرىنى تۈگىتىپ، قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى. شۇ تاپتا ئۇ، پۈشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، پۈتۈنلەي بىقۇۋۋۇل، نىمجان ھالەتكە چۈشكەن ئىدى.

مېنىڭ پۈتۈن ئېسى-يادىم زەينەپنىڭ چوچەكلىرى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىگە كۆچكەن ئىدى. نېمە چارە؟ شۇ تاپتا ئۇ، بىرەر ئېغىز ياخشى سۆز، تەسەللىگە مۇھتاجغۇ؟

— زەينەپ! «بىر مەغلۇبىيەت كىشىگە بىر ئەقىل بېرىدۇ.» ئۆتكەنلەرگە سالاۋات! يىغىدىن نېمە چىقىدۇ؟ سەن بۇندىن كېيىن، ھوشۇڭنى تېپىپ، ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ، تۇرمۇش پىلانىڭنى قايتىدىن تۈزە، ياشلىق باھارىڭنى يەڭگىلىۋاشلادىن باشلا! كىشىلەر سېنىڭ يېڭى ئادەم بولغانلىقىڭنى، بۇندىن كېيىنكى ياخشى پەزىلەتلىرىڭ ئارقىلىق ھېس قىلىشسۇن! بىلسەڭ «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ئۆزىنى بىلىشتۇر.»

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، 5-6 ياش چامىسىدىكى بۇدۇرۇققىنا بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلىگەن ھالدا ئەخمەت كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئۈستىگە نىل كۆكى ئىلۇن سارجىدىن چاپان-شىم، ئىچىگە پاكىزە ئاق پاكچۇ كۆينەك كىيىپ، قۇندۇزدەك چاچلىرى ئۈستىگە يارىشىملىق قەشقەر بادىمى قوندۇرغان بولۇپ، رەڭگى-روھىدىن قەلبىنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىر قاراپلا بايقىۋېلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس ئىدى.

مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كەتتىم. زەينەپ يانغا ئۆرۈلەلمىگەچكە، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگۈچىلەر تا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا رۇ-بىرۇ بولمىغىچە ئۇ بىدان پەرق قىلالمايتتى. ئۇ، تۇساتتىنلا ئەخمەت بىلەن ئوغلىنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولغانلىقىدىن ھودۇقۇپ كەتتى — دە:

— بالام، رەپقەت! — دەپ تولۇۋەتتى.

بالا ئانىسىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ زەپىرەڭدەك سارغايغان چىرايىغا تەلمۈرگىنىچە:

— ئانا، جان ئانا! — دەپ ئېسىلدى.

زەينەپنىڭ يۈرەك پارىسىنى باغرىغا بېمالال بېسىپ، يۈز-كۆزلىرىگە قانغىچە ئۆپۈشكە بېشىنىڭ بويۇن قىسمى بىلەن قوشۇپ تېڭىۋېتىلگەنلىكى توسقۇنلۇق قىلاتتى. لېكىن ئۇ، چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن ئاغرىق ئازاۋىغا بەرداشلىق بېرىپ جان-جىگەرى ئوغلىنى باغرىغا ئالدى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلىدى، ئالۇچىدەك لەۋلىرىگە سۆيدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى...

ئەخمەت مەن بىلەن ئامانلاشقاندىن كېيىن:

— بالىغا ئانىسىنى كۆرسىتىپ كېلەي دېۋىدىم، — دەپ قويدى.

كۆڭلۈمدىن «ئەجەپمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى
كەڭ، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، مەرت
يىگىت ئىكەن» دىگەن پىكىر لىپ قىلىپ
كەچتى، مەن بەكمۇ ھاياجانلانغان ئىدىم:
ـ تولىمۇ ئوبدان قىزسىز، كېلىڭ!
ئولتۇرۇڭ...، ـ دىدىم، ئۇنى ئۈزۈندۇققا تەك-
لىپ قىلىپ.

بالا بىردە ماڭا، بىردە دادىسىغا قا-
رىغاندىن كېيىن، ئەركىلىگەن ھالدا:

ـ ئانا قارا ساڭا نىمىلەرنى ئېلىپ
كەلدۇق؟ ـ ئۇ، دادىسى كارۋات قېشىدىكى
ئېتاژېركا ئۈستىگە قويۇپ قويغان سومكى-
دىن بىر نەرسىلەرنى ئالغاچ، ـ ھې... قەن
ناۋات، ساما... دادامچۇ! دادام ھېمىشە
«ئاناڭ سامىنى ياخشى كورەتتى» دەيدۇ،
ئابىيام، دادامغا «ئانامنىڭ قېشىغا بارايـ
لى» دىسەم ئۇنىمىدى، مەن يىغلىدىم، يىغـ
لاپ ـ يىغلاپ ئاران ئۇنا تتىم، دىگىنە!

يۈرىگى ئېزىلگەن زەينەپ قاندا قتۇر
بىر خىل ئۈمىتلىك بېقىش بىلەن يەرتېگىـ
دىن ئەخمەتكە شۇنداق بىر قارىدى ـ دە، يەـ
نە ئۈن قويۇپ يىغلاپ كەتتى.

ـ ئانا، يىغلىما! ئاۋۇچۇ، مەن ئابىـ
يام يىغلاۋەرسەم، «دادام، ئاناڭ ياخشى كۈنـ
لەردە بىزنى تاشلىدى، بوپتۇ، يامان كۈنـ
لەردە بىز ئۇنى يوقلاپ قويايلى» دىدى،
ھە... يەنە ...ھې...

ـ ئوبدان بالام، تاتلىق قوزام! ـ دەپ
يەنە ئۆكسۈپ كەتتى زەينەپ.

ئەخمەت بولسا چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ
كەتكەن. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىغا رەپقەتىنىڭ
گەپ ـ سوزلىرىدىن ئەخمەت بۇ ئىشلاردىن خە-
ۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئۈنچىقمىغان. رەپقەت چوڭ
ئانىسىدىن ئانىسىنىڭ «كېسەل» لىگىنى ئاڭلاپ
كېلىپلا، دادىسىنى «مېنى ئانام قېشىغا ئاپار»
دەپ قىستىغان، ئۇ «ئۆزەڭ بار» دەپ كونـ
مىگەن. لېكىن بالا بەردىبىر بالىلىغىنى قىـ
لىدۇ ـ دە، يىغلاپ، دادىسىنى سورەپلا تۇرۇـ
ۋالغان، شۇ ۋەجىدىن ئەخمەت، زەينەپ بىـ
لەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئومۇچۇك تو-
رىدەك باغلىغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يە-
نە بىر مەرتىلىك قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىش-
كە مەجبۇر بولغان ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدىم.

ئېھتىمال، ئەخمەت مۇھەببەتلىشىپ،
توي قىلىپ، نەچچە يىللاپ بىرگە ياشىغان.
كېيىن قانداقتۇ بىرجىن ـ شا ياتۇنلار نىڭكە يە-
نىگە كىرىپ، ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان
بۇ ئەخمەق چوكان ئۈستىدىن ئوز كوڭلىدە
كۈلگەندۇ، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەپ-
تىگە، بىچۇۋول، ئاجىز روھىي ھالىتىگە قاـ
راپ ئېچىنغاندۇ... لېكىن، بۇنىسى مەن
ئۈچۈن گويا يېشىپ بولماس بىر تېپىشماق ئىدى.

ئارىنى تېۋىشىز جىمجىتلىق باستى.
ـ چىققان چىققان جايىنى ئەلۋەتتە، سېـ
سىق دەپلا كېسىۋەتكىلى بولمايدۇ، بىرەر
كىشىنىڭ مەلۇم تەرىپىدىكى ئاجىزلىغىنى
كورۇپلا، ئۇنى ھەممە كىشى «ئەسكى، ئەسكى»
دەپ، چەتكە قېقىۋەرسە بولمايدۇ ـ دە، ئۇنـ
داقلارنى يەنە ياخشى يولغا مېڭىشقا ئۈ-
مىتۋارلىق بىلەن يېڭىچە ياشاشقا يېتەك-
لەش مۇمكىنغۇ ئاخىر...! ئەگەر زەينەپ
يەكۈنلىگەن ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ئەستە مەھ-
كەم ساقلىيالايدىغانلا بولسا، بىز ئۇنى يەنە
ئارىمىزغا ئالىمىز، ئۇنى بەلكى، كەچۈرۈش
تەلەيمىز، ئەگەرنۇ، راستىنلا، بۇ بۇرۇختۇم
خالىتا كوچىدىن قايتا ماڭمىسىلا...، ـ دىدىم
مەن ئۇنىڭغا قايرىلىپ.

زەينەپ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن بويىنۇمنى
قۇچاقلاپ:

ـ قارىمۇ ئاسماندىن چۈشكەندە ئاپ-
ئاق چۈشىدۇ. لېكىن يەرگە چۈشكەندىن كې-
يىن، كىشىلەر ئۇنى دەسسەپ رەڭگىنى ئۆز-
گەرتىۋېتىدۇ. سەن بىلىسەن ئەسلىدە مەنمۇ
بىر پاك بەندە ئىدىم، بىراق تۇرمۇش كوز
قارىشىم توغرا بولمىغانلىغى، «ياشلىق،

(ئاخىرى 29ـ بەتتە)




(باللادا)

روزى سايىت

## مۇقەددىمە

غۇنچەم سۆزلەپ بەرمەكچى،
ئۆز بەختىدىن ھېكايە.
ئاڭلاپ قىلما قويساڭلار،
قىلماس ھەرگىز كۇپايە،

ئۆزەڭلەرگە تەدبىقلاپ،
ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزىنى،
غۇنچەم كەبى بولۇڭلار،
بېسىپ لېيىقىنىڭ ئىزىنى.

(1)

«غۇنچەم، ساڭا، خۇشخەۋەر،
تېلېگىرامما ئېپكەلدىم،
تەربىيەچى سۆزىنى،
ئېيتىپ قويااي دەپ كەلدىم.

بارىدىغان بولدۇڭسەن،
نۇرلۇق بېيجىڭ-پايتەختكە،
ئازات زامان يەتكۈزدى،
سېنى مۇنداق بەختكە!

قېنى چاپسان، چاپسان بول،
تەييارلانغىن سەپەرگە.
ساقلاپ قالدى پولات قىزىش،
سېنى ئېلىپ كېتەرگە!.»

شۇنداق دېدى قالىغاچ،
قونۇپ مېنىڭ دولۇمغا.



تۇمشۇقىدا ئۇزاتتى،
لېپاپىنى قولۇمغا.

ئەندى ئوقۇي دېگىچە،
ئايان بولدى مەقسىتى:

پىچىر-پىچىر سوزلەيدى،
ھەرپىلەرنىڭ جەممىسى؛

قۇلاق سالسام كەپ شۇنداق:
«سالام ساڭا غۇنچەم قىز.
ئىش-ئىزدىڭنى ئاڭلىدۇق.
شوخ شامالدىن ھېلى بىز.

«توتتە گۈزەل، بەش بولۇش»
تەشەببۇسى چىققاندا.
سەن بۇ ئىشنىڭ ئەل ئۈچۈن،
پايدىسىنى ئۇققاندا:

ئۇرغۇتۇپ كۈچ، روھىڭنى
سەپ ئالدىدا مېڭىپسەن،
نەتىجەڭدىن ئەل رازى،
«ئىلغار»لىق نام ئېلىپسەن.

پەزىلەتلىك، ئەدەپلىك،
ئوسمۇر بولۇپ ياشاپسەن،
پىشىۋىنىرچە ئاڭ بىلەن،
توغرا قەدەم تاشلاپسەن...

شۇ بىر قاتار ئىشلىرىڭ،
بىزگە تازا ياردى.
(تاڭدا چىققان شامالدا،
داڭقىڭ ھەريان تاردى.)

شۇڭا سىنى بېيجىڭگە،
تەكلىپ قىلدۇق، كېلىپ كەت.
جەم بولايلى بىر يەرگە،
بىزگە دوكلات بېرىپ كەت.

بېيجىڭدىكى دوستلىرىڭ-
يازغان خەت بۇ بىلىپ قوي:
تېز كەل غۇنچەم، بىرلىكتە،
ئوتكۈزەيلى پارات-توي!...»

خەتنى كورۇپ، شاتلىنىپ،
كىتاۋىمنى ياپتىمەن.
شاتلىقىمنى باسالماي،
قۇشتەك قانات قاقتىمەن...!

(2)

بېقىپ ئالتۇن قوياشقا،
ناخشا ئېيتىپ كېلەتتىم.
شاتلىق سىغماي ئىچىمگە،
ۋىلىق-ۋىلىق كۈلەتتىم.

كېتىۋاتسام، بىر ياندىن
ئۇچۇپ كەلدى كېپىنەك.
دىدى: «توختا غۇنچەم قىز،
ئوبدان بولدى خوش بەك.

قېنى، ماڭا ئەگەشكىن،
كورسەتىمگىن باھانە.
بىز قىلايلى ساياھەت،
باغ ئارىلاپ سەيلانە.

باشلاپ باراي مەن سىنى،
زەپ چىرايلىق ئورۇنغا.
گۈل قۇچاغلاپ ئوينايلى،
چۈشۈپ بىللە سورۇنغا.

ئويلاپ قالما «قىشتىمۇ،
گۈل ئېچىلغان بارمۇ؟» دەپ.
مەنمۇ ھەيران بۇ يىل قىش،
گۈلگە تولدى ھەرتەرەپ...

شۇڭلاشقىمۇ ۋاز كەچتىم،
ئۇخلايدىغان ئادەتتىن.
غۇنچەم سەنمۇ ۋاز كەچمە،
بۇنداق ئامەت، راھەتتىن ؟!...»

ئاڭلاپ ئۇنىڭ گېپىنى،
مېنى كۈلكە قىستىدى.
بەرمەك بولدۇم چۈشەنچە،
(مەيلىم شۇنى ئىستىدي.)

دىدىم: «ئاداش كېپىنەك
بىز، قىشنىمۇ ياز قىلدۇق.
تەشەككۇرلەرگە گۈل تېرىپ،
مۇھىتنى ئۈز، ساز قىلدۇق.

ھەجەپ شۇنى بىلمىسەك،
چۈشەنمىسەك، كېپىنەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سېنى قانداق دەيمىز بىز،
«گۈل خۇمارى سىكىلەك؟»

بىراق، ھازىر رەنجىمە،
ئويىنىغىلى يوق ۋاقتىم.
بولمىسىچۇ، بىلمىسەن،
گۈلگە شەيدا – ئامراقتىم.

بارماقچىمەن بېيجىڭغا،
ئەشۇ گۈزەل شەھەرگە.
چىقماقچىمەن ھازىرلا،
پولات قۇشتا سەپەرگە...»

لىكلا قىلىپ كېپىنەك،
قونۇۋالدى يەلكەمگە.
– ۋاي بەختلىك غۇنچەم، – دەپ،
قوشۇلدى شات كۈلكەمگە.

گىرە سېلىپ بويىنۇمغا،
سۆيۈپ كەتتى مەڭزىمگە.
ئۇپىپا سەپتى قانىتى
زىننەت بېرىپ يۈزۈمگە.

دېدى يەنە: «يول بولسۇن،
پايتەختنى كورۇپ كەل.
يېڭى گۈلزار ياساشقا
كۈچ ئېلىپ، يەڭ تۈرۈپ كەل!

يىغىۋالغان ئۇپىپام بار،
گۈل بەرگىدىن-رەيھاندىن.
ئۇنى ئاياپ نە قىلاي،
ساڭا ئوخشاش ئوبدانىدىن.

شۇ سوغامنى قوبۇل قىل،
يانچۇغۇڭغا تىقىپ قوي.
بېيجىڭدىكى دوستلارنىڭ
يۈزلىرىگە سېپىپ قوي...»

شۇنداق دېدى كېپىنەك،
قايتۇرمىدىم رايىنى.
بەردى ئۇپىپا لىق تولغان
بىر توكۇنچەك شايىنى.

كېپىنەككە «خوش...» دېدىم،
قەدىمىمنى تېزلەتتىم.
كېتىۋاتسام بال ھەرە،
دېدى: «سېنى ئىزلەپتىم.

يۈرگىن غۇنچەم مەن بىلەن،
بىزنىڭ ئۈيگە بارايلى.
مېھمان قىلاي بال بىلەن،
بىر پەس كۈلۈپ، يايرايلى.

بۇ يىل قىشتا ئومارتام
گۈلگە تولدى كورۇپ كەت.
شۇ گۈللەردىن بال يىغدىم،
قانغىچە يەپ تويۇپ كەت.

«قىشتا گۈل يوق» دەپ قالما،
ئىشەن غۇنچەم گېپىمگە...»
شۇنداق دەپلا بىر تېمىم
ھەسەل قويدى لېۋىمگە.

دېدىم: «ھەرە ئاكىجان،
تولىما مېنىڭ يولۇمنى.
ئالدىرايمەن، ۋاقتىم قىس،
قويىۋەتكىن قولۇمنى.

چىقىپ قالار پويىزى،
بىللە سەيلى قىلىشنىڭ.
ئەمما، ھازىر ئىمكانى –
يوق ئويۇڭگە بېرىشنىڭ.

جىددى ئىشىم بولمىسا،
رەت قىلامتىم لەۋزىڭنى.
بىلمىسەڭغۇ خېلىدىن،
ئۇلگە قىلغان مەن سېنى.

شېرنە يىغساڭ ھەر گۈلدىن،
تا كەچكىچە ئالدىراپ.
مەن ئۇۋاقىنىڭ ئالدىغا،
كېلەر ئىدىم ھال سوراپ.»

دەيتتىم: «ئېيتقىن بال ھەرە،
نىمە مۇنچە ئىشچان سەن؟
شۇ بىر كۈنلۈك مېھنەتتە،
قانچە تەرلەپ پىشقانسەن؟»

دەيتتىڭ سەنمۇ: «غۇنچەم قىز،
ھاردىم، لېكىن زارىم يوق.
ئەلگە مەندىن نەپ يەتسۇن،
ھۆزۈن بىلەن كارىم يوق!...»

ئۆلگە قىلغاچ مەن سېنى،
غۇنچە ئاچتى ياشلىغىم.
تولدى قەلبىم ھەسەلگە،
گۈزەللىشىپ دىل بېغىم.

بولۇپ كەلدى ئورنىگىم،
تىرىشچانلىق ئادىتىڭ.
شۇڭا سېنى ئەسلەيمەن،
شەرەپ قۇچسام ھەر قېتىم.

بىراق، ھازىر رۇخسەت قىل،
بېرىپ، ياناي سەپەردىن.
شۇ چاغ بىللە بال يىغىپ،
تاغ ياسايلى زەپەردىن...

بالۇ ھەرىسى گېپىمنى
مەمنۇن بولۇپ ئاڭلىدى.
ئۆزەڭغۇ بەك ياخشى قىز،
دىدى— مېنى داڭلىدى.

دىدى يەنە: «بىر مىنۇت
تەخىر قىلغىن، ساقلىغىن.
قويدى مېنى يولدىن دەپ،
رەنجىپ پەشنى قاقمىغىن.

ھەسەل بېرەي بىر كومزەك،
سوغات ئۈچۈن ئېلىۋال.
دوستلىرىڭغا بېرەرسەن،
قول سومكاڭغا سېلىۋال...»

كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە،
كەلدى ھەرە بال ئېلىپ.
خوشلاشتۇق بىز، قالدى ئۇ،
مەن يۈگەردىم قول سېلىپ.

ئاڭلىدىكىن قەيەردىن،
بارىدۇ دەپ بېيجىڭغا.
ئۈچرىپ كېلىپ بىر توپ گۈل،
قىستۇرۇلدى چېچىمغا.

سىلاپ مېنى بەرگىدە،
چورۇقلىشىپ كۆلۈشتى.
«خوشلاشماستىن بىز بىلەن
ماڭماقچىمۇ؟»— دىيىشتى.

«ئاڭلايمىزغۇ بېيجىڭغا!
سېنى تەكلىپ ئەتكەنمىش.
تېخى ھېلى قولىڭغا،
تەكلىپ خېتى تەككەنمىش؟...»

— ھەئە،— دىدىم گۈللەرگە،
مەن بېيجىڭغا بارماقچى،
ئېلىپ كەپتۇ قالغاچ،
تېلېگىراما— باغاقچى.

ئەللىك نەچچە مىللەتنىڭ
ئۇسمۈرى جەم بولغىدەك.
شۇ سورۇندا تەجرىبە
سۆزلەشمۇ ھەم بولغىدەك...

گۈللەر بولۇپ گېپىمنى،
دىدى: «كەپتۇ ئامىتىڭ.
ئامەت كەلسە قاچامتى،
ياخشى خولۇق— ئادىتىڭ؟

نەچچە ۋاقىتتىن ئۇستۇردۇڭ،
بىزنى ئاسراپ، پەپىلەپ،
سېنىڭ مېھنەت— ئەجرىڭدە،
غۇنچە ئاچتۇق چېچەكلەپ.

كوكۇل قويۇپ تېرىدىڭ،
سۇ، ئوغۇتنى كەم قىلماي.
پۈرەكلىدۇق شۇڭلاشقا،
قىش-جۇدۇندىن غەم قىلماي.

ئەندى سەپەر چىققىتى دەپ،
ئالدىراپسەن كەتكىلى.
كىمنى قويدۇڭ ئېيتقىنا،
بىزنى پەرۋىش ئەتكىلى؟...»

كۆلۈپ كەتتىم گۈللەرنىڭ،
ئاڭلاپ ئەشۇ سوزىنى.
كوكۇل قويدۇم، ئۇلارنىڭ
سىلاپ بەرگى— يۈزىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



—گۈل ئىسمىلىك ھەدىلەر،
غۇنچە ئاتلىق سىڭىللار.
ئېيتىڭلارچۇ، نېمىشقا
مۇنچە نازۇك دىلىڭلار؟

سىلەر مېنىڭ دوستۇمغۇ،
مەن — سىلەرگە پەرۋانە.
ھەممىمىزگە ھور زامان
مېھرىۋان ھەم غەمخانە.

مەن كەلگىچە سىلەرگە،
سەپداشلىرىم قارايدۇ.
يۈزۈڭلارنى يۇيىدۇ،
چېچىڭلارنى تارايدۇ.

رەنجىمەڭلار، خەير-خوش،
كورۇشكىچە،— دىدىممەن.
شۇ تاپ كۆرمىڭ گۈل-غۇنچە،
قۇچىقىمدا ئىدىممەن.

ئاڭلاپ مېنىڭ سوزۇمنى،
گۈل — غۇنچىلار كۈلۈشتى.
«ئاق يول بولسۇن» دېيىشتى،
يۈز، لەۋىمگە سۆيۈشتى.

دىدى ئۇلار: «غۇنچە قىز،
سوزلىرۇڭگە ئىشەندۇق.
زامان بەرگەن ئىمكاندىن،
قەدرىمىزنى چۈشەندۇق.

ئېچىلىمىز بولەكتىن،
خوشھىد چېچىپ، رەڭ تۈزۈپ،
«زامان» ئاتلىق باغچىدىن
دەۋرگە خاس رەڭ سۈزۈپ.

سېنى يولدىن قويمايلى،
پايتەختكە بېرىپ كەل.
يېڭى گۈللەر سورتىنىڭ،
ئۇرۇغىدىن ئېلىپ كەل».

ئەندى ماڭاي دىگەندە
پايتەختكە تەلپۈنۈپ.
قۇچىقىمغا جايلاشتى،
بىر دەستە گۈل يەلپۈنۈپ.

ئېيتتى گۈللەر: «بىزنىمۇ،
سەپىرىڭگە ھەمرا قىل.
كوڭلىمىزنى چۈشەنگىن،
لەۋزىمىزگە پەرۋا قىل.

بىللە بېرىپ سەن بىلەن،
قاتنىشايلى كورەككە.
قادىلايلى بىر تالدىن،
گۈزەل قەلب — كوكرەككە؟!...»

— بوپتۇ،— دىدىم شاتلىنىپ،
كۆندۈم گۈللەر رايىغا.
يۈرۈپ كەتتىم ئۇلارنى،
ئوراپ ئەتلەس — شايىغا...

(3)

يېتىپ كەلگەن چېغىمدا،
تەربىيىچى ئالدىغا.
«كەلگىن غۇنچەم» دىدى ئۇ،
تېڭىپ مېنى باغرىغا.

ساۋاقداشلار ھەممىسى،
كەلدى شۇئان قېشىمغا.
تەبرىكلەشتى مىڭ خوشلۇق.
قېتىپ كوڭۇل خوشۇمغا.

«چاقىرىپتۇ دوستلۇرۇڭ،
پايتەختكە كەلسۇن، دەپ.
ئىش-ئىزىدىن غۇنچەم قىز
بىزگە سوزلەپ بەرسۇن، دەپ.

يىغىلىدۇ ئۇ يەرگە،
ئىلغار ئوسمۇر- گۈدەكلەر.
ساڭا ئوخشاش قولى گۈل،
قەلبى، بەختى گۈلدەكلەر.

چىققىنىڭدا مۇنبەرگە،
بىزدىن سالام يەتكۈزگىن.
شۇ مەرىكە-يىغىننى،
شات، مەنىلىك ئوتكۈزگىن!..»

—دىدى كۈلۈپ شۇ سوزنى،
تەربىيىچىم قول قىسىپ.
ئالقىشلىدى دوستلۇرۇم،

قۇلۇغۇمغا گۈل قىسىپ.

ئويلاپ قالدىم مەن شۇ چاغ:
«بەختىمنى كىم بار قىلدى؟
ئەتىۋالاپ، ھورمەتلەپ،
ماڭا شەپقەت يار قىلدى؟

ئاتا-ئانام، ئەۋلادىم،
باقماپتىكەن ئات مىنىپ.
مەن ئۇچماقچى پولات قۇش —
«مۇللاقچى»نى شات مىنىپ.

ئاتا-ئانام چىقمىغان
مەلىمىزنىڭ تېشىغا.
مەن بارماقچى بېيجىڭغا،
تويغا-دوستلار قېشىغا... »

مۇشۇ ئويلار بىر-بىرلەپ،
خىيالىمنى قوچقاندا.
ئەقىل قۇشۇم كەچمىشلەر —
ئاسمىنىدا ئۇچقاندا؛

تارام-تارام ياشلىرىم،
ئاقتى بويلاپ يۈزۈمنى.
ھاياجاندا دوستلارغا
تىكتىم ياشلىق كۆزۈمنى.

تەربىيەچىم، مۇئەللىم
— غۇنچەم، چاپسان بول، — دېدى.
قۇتلۇق بولسۇن سەپىرىڭ،
تىلەيمىز ئاق يول، دېدى.

دېدى يەنە: «دەۋرىمىز
ساڭا ئەقىل-جان بېرىپ،
«مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك
بولۇش ئۈچۈن» شان بېرىپ؛

«پەن-تېخنىكا ئۈچۈن» دا،
نەتىجىلەر قوچقانىدىڭ.
كەشىپ قىلىپ «مۇللاقچى»
ئۇچارغانىدىڭ-ئۇچقانىدىڭ.

شۇ مۇللاقچى قۇشىڭنى
مىنىپ، پەرۋاز ئەيلىگىن.
قېنى، سەپەر كۆككە،
جەۋلان قىلىپ ئورلىگىن...»

مۇللاقچى قۇش «گىزر» قىلىپ،
ئۇچتى كۆكنىڭ قەھرىگە.
پەستىكىلەر «خوش» دېدى،
ماڭدىم بېيجىڭ شەھرىگە...

(4)

پولات قۇشۇم «مۇللاقچى»
ئۇچقىنىدا ئىلىچىدىن،
تۈمەن-تۈمەن گۈل چىقىپ.
باغ-تەشتەكلەر ئىچىدىن؛
مۇللاقچامغا ياندىشتى،
قول-پۇتۇمغا ياماشتى.
مېڭىپ خېلى يەرگىچە،
شوخ ئۇسۇللار ئويناشتى.

پولات قۇشۇم «مۇللاقچى»
ئۇچقىنىدا ئىلىچىدىن،
كېپىنەكلەر چىشلىشىپ،
گىلاستۇگۇم ئۇچىدىن؛
قانىتىدا قوچاغلاپ،
لېۋىمگە لەۋ يېقىشتى.
«چاپسان كەلگىن غۇنچەم» دەپ،
مېھرى بىلەن بېقىشتى.
پولات قۇشۇم «مۇللاقچى»
ئۇچقىنىدا ئىلىچىدىن،
قالىغاچلار، بۇلبۇللار،
قايناپ ئىچى-ئىچىدىن؛
شات ناخشىلار ياڭرىتىپ،
چۈشتى لەرزان ساماغا.
توشتى ئاسمان قۇچىغى،
تەنتەنىگە-ناۋاغا.

قالدى تارىم دولقۇنلاپ،
ئۆتتۈم مۇزات كۆكىدىن.
ئارغىسى بۇلاق «خوش» دېدى،
قول سىلكىدىم تۆپىدىن.
خانتەڭرىدىن ئاشقاندا،
دېدى: «نەۋرەم يول بولسۇن!..
خۇددى بۇغدا سۈيىدەك،
تەسىراتىڭ مول بولسۇن...»

www.uyghurkitap.com



تۇرپاندىكى چېنچىلەر،
سوغا تۇتتى كىشمىشتىن.
ئىلى، قۇمۇل ئۈزاتتى،
ئالما، قوغۇن... يېمىشتىن.

ھەش-پەش دېمەي كەلدىمەن،
يۈرىكىگە ئىلىمنىڭ.
ئۈركەشلىدى تارىمدەك،
خوشاللىغى دىلىمنىڭ.

پولات قۇشۇم پەسلىدى،
تىيەنشەننىڭ ئۈستىدە.
مىڭ جەننەتنى كۆردىمەن
پايتەختنىڭ ھوسنىدە.

تارتتى مەيلىم، زوقۇمنى،
ئەستانىنىڭ باھارى،
نەپەسلەندىم تويغىچە.
قـاندى دىلىم خۇمارى...

كۆردۈم بىر چاغ ئۆزۈمنى،
يىغىن زالى، مۇنبەردە.
ئوسمۇر دوستلار جەم بولۇپ،
ئولتۇرۇپتۇ بۇ يەردە.

مىللەت باشقا، تىل باشقا
ئەمما نىيەت-نىشان بىر.
سۆزلىسەكمۇ خىلمۇ-خىل،
بولغاچ مۇرات، ئارمان بىر؛

تەرجىمانمۇ كەتمىدى
ئوخشاشمىغان سۆزلەرگە.
مۇددىئانى چۈشەندۇق،
بىر قاراپلا كۆزلەرگە.

ياقتى ئوسمۇر دوستلىرىم،
ماڭا ئوتلۇق مېھرىدە.
ئايان بولدى ئۇلارنىڭ—
سۆزى نۇرلۇق چېھرىدە.

دەيتتى ئۇلار: «خېلىمدىن
كۆتۈپ قالغان بىزسېنى،
تونۇشتۇرغىن تەجرىبە،
غۇنچەم، چاپسان-تېز، قېنى!»

سالام بەردىم شۇھامان،
باش ئۈستىگە قول ئېلىپ،
كەتتى مېنىڭ سالامىم،
ھەر يۈرەككە يول ئېلىپ.

«سۆزلە يېڭىكىن زېھنىمنى
ئۈگەنگىنىشكە بەردىم، دەپ.
دە يېڭىكىن يە قەلبىمگە
ئەل ئىشقىنى تەردىم، دەپ.

دەيمۇ ئىنتىلگىنىمنى
گۈزەل ئىقبال-غا يېغا.
تەگسە بۇلار زەخمىگىم
قايسى توھپە تارتىغا؟!»

بىراق، بۇلار ھەممىسى
كىچىك ئىشتەك تويۇلۇپ،
ئاغزىم گەپكە قولاشماي
تۇرغىنىمدا ئويۇلۇپ؛

بولدى بىرسى ئوتكەندەك،
«لىپ»لا قىلىپ قېشىمدىن.
بولدى گويا مېھرىدە
سىلىغاندەك بېشىمدىن.

قارىدىم-تاڭ قالدىم،
ھېچنەرسىگە چۈشەنمەي.
تۇردۇم ھەيران-ھەس بولۇپ،
ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي.

«تەربىيەچىم بۇ يەرگە
قاچان، قانداق كەپقالدى؟»
شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم،
ئۇ، بىزسۆزنى دەپقالدى:

«ھەيران بولما، غۇنچەم قىز،
مېنى كۆرۈپ بۇ يەردە.
«باغۇەن» شۇندا ھازىرغۇ،
«كوچەت» بولسا قە يەردە.

يالغۇز ئۆزەم كەلمىدىم،
قارا ئەنە كەينىڭگە!»
ئامراقلىرىم تۇرۇپتۇ،
باقسام مېنىڭ كەينىمدە.

ئەنە كىتاب، دەپتىرىم،
ئەنە مېنىڭ «100» لىرىم.
ئەنە چەلەك، سۈپۈرگە،
ئەنە قەدەم ئىزلىرىم.

چىقتى دەستىلەپ «100» لىرىم،
سەكرەپ مەشىق دەپتەردىن.
دېدى: «غۇنچەم ھەممىشە
«100» ئالدۇ دەرىسلەردىن.

جايلىشىمىز ھەر سائەت،
دەپتىرىڭنىڭ ئىچىگە.
مانا بىزلەر گۇۋاچى،
ئۇنىڭ ئېقىل كۈچىگە.»

بولدى «100» لەر كېيىمنى،
ئەخلاق: «نۇۋەت مېنىڭ» دەپ.
«بۇجاھاندا مېنىڭدەك،
ئامرىغى يوق ئۇنىڭ» دەپ.

ئەخلاق بىلەن ئولچەيدۇ،
باسقان قەدەم- ئىزىنى.
شۇڭا بىزمۇ سۆيىمىز،
بۇنداق دەۋر قىزىنى!

ئەخلاق سوزلەپ تۇراتتى،
شۇتەرزدە تىك تۇرۇپ.
«بىزگە نۇۋەت بەرسەڭچۇ...»
دېدى سۇرتكۇچ «لىك» تۇرۇپ.

«توختا» دېدى سۈپۈرگە،
چەلەك قوپتى بىر ياندىن.
چىقتى قاپچۇق، قولسائەت،
رەخت بىلەتلەر ئويانىدىن.

قولسائىتى چىكىلداپ،
پۇل، بىلەتلەر شاراقلاپ.
كەچمىشىدىن سوز ئاچتى،
قات- قېتىنى ۋاراقلاپ.

گەپ باشلىدى: «بىز مانا،
غۇنچەم قىزغا يولۇققان:
يوقاتقاندا ئىگىمىز،
«چىقمايدۇ» دەپ ھولۇققان.

بىراق غۇنچەم تاپشۇردى،
بىزنى تەشكىل قولىغا.
دېدى شۇڭا ئىگىمىز:
«رەخمەت ئۇنىڭ روھىغا».

قاچان چىقسا ق قايسىمىز،
ئەگەر ئۇنىڭ قولىغا،
قوشۇلىدۇ گوزەللىك
مەكتەپنىڭ كەڭ قوينىغا...»

ئامراقلىرىم سوزلىدى،
پاكىتلارنى بىر-بىرلەپ.
ياغدى چاۋاك-ئالقىشلار،
شوخ قىيانىدەك گۈلدۈرلەپ.

ئاشۇ ئالقىش-چاۋاكلار
ئايلاندى سوز-تەلەپكە.
شۇنداق ئىدى مەنىسى:
«غۇنچەم لايىق ھورمەتكە.

مەمنۇن بولدۇق، ئۇنىڭدىكى
ياخشى ئىشى جىق ئىكەن.
ۋۇجۇدىدا، قەلبىدە،
ئىسىل خىسلەت لىق ئىكەن.

شۇ پەزىلەت-خىسلەتكە،
قانداقلارچە ئېرىشتى.
بىر-بىرلەپمۇ، بىراقمۇ،
زادى قانداق ئېرىشتى؟

بىزگە ئاشۇ جەرياننى،
تەپسىلىراق دەپ بەرسە.
ئاڭلىۋالساق، سوزلىرى-
تېخىمۇ كوپ نەپ بەرسە؟!»

ۋەكىل دوستلار تەلىۋى،
يۈرۈگىمنى ئويناتتى.
ئويغا چومدىم، كەچمىشلەر
كوپ ئىشلارنى ئويلاتتى.

««ئۇچتە ياخشى» بوسەپكە،
قانداق ئۆسۈپ قېتىلدىم.
قانداق ئەجىر، ئاك بىلەن،
ئىلغار بولۇپ يېتىلدىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قايسى كۈچىنىڭ تۈرتكىسى،
يۆكسەلدۈردى ـ ئۇرلەتتى.
كىمنىڭ مېھىر-شەپقىتى،
مۇڭلەتتى، گۈللەتتى؟...»

مەن شۇ ئۆيدا تۇراتتىم،
كەچمىشلىرىم دەل بولدى.
باسقان ھەر بىر قەدىمىم
ئوڭ-سولۇمدا تەل بولدى.

باشتىن ئۆتكەن ئىشلىرىم،
ئۆزلىرىنى سەپ قىلدى.
ئۇلار مېنىڭ نامىمدىن،
مانا شۇنداق گەپ قىلدى:

«...ئەسلى غۇنچەم شاش ئىدى،
چاپىتكەش، بەگۋاش ئىدى،
قىزىقمايتتى دەرسلەرگە،
ئوينىشى ئوقتاش ئىدى.

قىيۇۋەتسە مەكتەپتىن،
لاغايلايتتى كوچىدا.
ئاق ئاسلاننى قىنايتتى،
باغلىۋېلىپ چۆچىدا.

ئىشلىگىلى تاپشۇرۇق،
ئېشىنمايتتى چولىسى.
سەرپ بولاتتى ئويۇنغا،
ۋاقتىنىڭكى تولىسى.

يىغلاپ تۇرسا ئۆكىسى،
بەرمەس ئىدى بېقىشىپ.
جېدەل-ماجرا تېرىيتتى،
بالىلار بىلەن چېقىشىپ...

خاسىيەتلىك چاغ بولدى،
ئۆتكەن يىلنىڭ باھارى.
"تونتېبە گۈزەل، بەش بولۇش"
بولدى ئۇنىڭ دوست ـ يارى.

بىر كۈن، ئۇستاز-باغۋەنلەر،
غۇنچەم بىلەن مۇڭداشتى.
ئۆيدە ئاتا ـ ئانىسى،
ھەمدەم بولۇپ ماسلاشتى.

تەربىيىچى دەرس ئۆتكەن-
چاغدا ئەۋلاد بۇرچىدىن.
قىلغىنىمدا ھېكايە
لېيفېڭ روھى-كۈچىدىن؛

غۇنچەم كۆڭلى بۇزۇلدى،
قىلمىشىغا ئېچىنىپ.
قەسەم قىلدى ئۇسۇشكە،
قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ.

قەسىمىدە تۇردى ئۇ،
بەگۋاشلىقى قەپقالدى.
لېيفېڭچە ياش بولۇشقا،
بەلنى باغلاپ، يول ئالدى.

بىلمىگەننى سورىدى،
بىلگىنىنى ئۆگەتتى.
شۇنداق قىلىپ بىر يىلدا،
ئىككى سىنىپ تۈگەتتى...

قىشتا، كاچكۇل ئىچىدىن
بىر گۆدەكنى قۇتقۇزدى...
ئەتىيازدا بىر تالاي
كۆچەت تىكىپ تۇتقۇزدى...

"بەش كىچىللىك" سارىخان،
غۇنچەمدىن بەك مىننەتدار،
(چۈنكى ئۇنىڭ كۆيۈنەر،
بولۇپ خالىس خىزمەتكار.)

گەپنى يىغساق، غۇنچەمقىز
مانا شۇنداق يېتىلگەن.
ئۇنىڭ كىچىك بېشىدىن،
كەمچىلىكمۇ ئۆتۈلگەن.

ھازىرچۇ، ئۇ بۇپقالدى،
مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك.
ئويلاشقا ھەم ئىشلەشكە،
ئىختىيارىغا جۈرئەتلىك.

يېتىشتۈردى غۇنچەمنى،
نۇر قۇياشلىق بۇ زامان.
پەرۋىش قىلدى باغۋەنى،
بولۇپ ھەمدەم مېھرىۋان.

شۇڭا، غۇنچەم ئېيتتىدۇ:
«مەن دەۋرىنىڭ قىزىمەن.
ئەجداد روھى كۈچ ماڭا،
دولقۇن يېرىپ ئۈزىمەن»

باشتىن ئۆتكەن ئىشلىرىدىم،
شۇ تەرىقە گەپ قىلدى.
نەتىجىمنى، ساۋاقنى،
مۇنبەرگىلا سەپ قىلدى.

بۇنى ئاڭلاپ دوستلۇرۇم،
ئالقىشلىدى بولەكتىن.
ئاشۇ ئالقىش-شۇ چاۋاك،
چىقتى ئۇرغۇپ يۈرەكتىن:

شۇ ئەسنادا قول سومكام
ئۈزۈلگەندىن ئېچىلدى.
سەكرەپ چىقىپ گۈلدەستە،
پەسكە ئۈچتى-چېچىلدى.

ئۇپپا چەككەن تۈگۈنچەك،
چىقتى شىرە ئۈستىگە.
ئۇپپىلاندى مەگزىلەر،
زىننەت بېرىپ ھۆسنىگە.

كومزەكتىكى ھەسەلمۇ،
چىقتى بىردىن مۇنبەرگە.
بىر قوشۇقتىن بولىنىپ،
تامدى ئېغىز- لەۋلەرگە.

يەل- يېمىشلەر ھەممىنىڭ
قوچىغىغا جايلاشتى.
ھەر چىكىدە بىردىن گۈل
خويمۇ ئوبدان ياراشتى!

تۇۋا دەيمەن، سوغاتلار،
كالىمىدى-ئاشىمدى.
لەۋلەر ھەسەل، ماڭلاي گۈل،
دىل شات، كۆڭۈل ياشنىدى....

(5)

بۇ يىغىندا ھەممىمىز،
نۆۋەت بىلەن گەپ قىلدۇق.
مەنىۋى گۈزەللىكتىن
توھپىلەرنى سەپ قىلدۇق.

ھەممە مىللەت ئۇسمۇرى،
كېلىپ مۇنبەر يېنىغا.
قوچاقلاشتى- خوشلاشتى،
شاتلىق سىغماي قېنىغا.

## خاتىمە

كەلدى غۇنچەم ھېلىلا،
پايتەختتىن- كورەكتىن.
تولۇپ كەتتۇ ۋۇجۇدى
كۈچ- غەيرەتكە بولەكتىن.

مەن ئاڭلىدىم، ئۇ دېدى:
«ئۈزمەي زەپەر قۇچىمەن.
دەۋرىم بەرگەن قاناتتا
غايە كوزلەپ ئۇچىمەن.


'تۇتتە گۈزەل، بەش بولۇش،
ئەھدىم مېنىڭ ئەبەتلىك.
يېتىلىمەن، چوڭۇيمەن،
بولۇپ زېرەك، ئەدەپلىك!..!..»

1982- يىل، نويابىر، خوتەن

(بېشى 19 بەتتە)

بەخت» دىگەنلەرنىڭ چىن مەنىسىنى ھەقىقى چۈشەنمىگەنلىكىمدىن، «ياشلىق»، «مەدەنىيەت» دەپ مانا ھازىرقىدەك كۆنگە قالدىم. بۇ ھەسرەتلىك يالداما پۈتۈن ئۆمرۈمگە تىتەتغۇدەك بىر ئاچچىق ساۋاق بولدى. بۇ ئاچچىق ساۋاق ئارقىلىق مەن ئەمدى قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى، «يات مەدەنىيەت»نىڭ غۇبارسىز قەلبىمنى داغلاپ، روھى دۇنيانى بولغايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىۋالدىم. ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتى سېيپىلغان كوۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتمەيدۇ، مەن بولسام ئادەمغۇ، ئاخىر...!

بۇ، ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان يۈرەك سۆزى ئىدى...



# بىر پارچە دوكلاتنىڭ تەقدىرى

## (ھېكايە)

تىلىۋالدى ھوشۇر

ئىدارە يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلىش يىغىنى ئاچماقچى بولدى. يىغىنغا قاتنىشىدىغان كىشى 20 ئەتراپىدا بولۇپ، ۋاقتى 5 كۈن بېكىتىلدى. گەرچە يىغىننىڭ كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن يىغىن تەييارلىقىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئاز ئەمەس. ئادەتلىنىپ كەلگەن قائىدە بويىچە كاتىۋات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى. بۇ گۇرۇپپا 6 كىشىدىن تەركىپ تاپتى. گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى دەرىجە بويىچە ئىدارىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئالماس ئۈستىگە ئالدى. يەنە كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا خەت-ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لاۋۋاڭ مەسئۇل بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ ھالقىلىق ئىشلاردىن بىرى بولغان تاماق باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىغا ئىدارىدا ئۆز ئىشىدىن قاس چىقىرىپ كەلگەن خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى مەنسۇر تەيىنلەندى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلار ئۆز خىزمەت دائىرىسى بويىچە تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتى.

لاۋۋاڭ يىغىن قاتناشچىلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ياتاق، كارۋات، يوتقان-كۆرپە، چىنە-قاچا، چايدان، لۆڭگىگىچە تەق قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە يىغىن قاتناشچىلىرىنى توشۇيدىغان ماشىنىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى.

— ئىدارىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ كارى چاغلىق، مەسىلە يىل بېشى كامانىدورۇپكىدىن كېلىدىغان يولداشلاردا، — دېدى ئۇ، كۆيۈنگەن ھالدا، — ئەگەر ئۇلارنى ئۆزلىرى ماشىنا تېپىپ كەلسۇن دېسەك، يىغىنغا ئۈلگۈرەلمەسلىكى تۇرغان گەپ. شۇڭا ئىدارىنىڭ ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرسىتىش، يەنە 3 مەيدان كىنومۇ بار...

تاماق گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى مەنسۇرمۇ تاماقنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى يىغىننىڭ كەيپىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەن تونۇش بىلەن ئۇنىڭدىن تارتىپ گۈرۈچ، ياغ، تۇز، ئوتۇن، ئاچچىقسۇ، لازى، جىياڭيۇغىچە تولۇق تەييارلاشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىم بولغان تاماق پۇلى ئۆلچىمى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، بىر يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— يىللاردىن بۇيان ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان تاماق پۇلى ئۆلچىمى بويىچە بولغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرىنى رازى قىلىش تەستەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ئۆسكەن ئەھۋالدا، — دېدى ئۇ قولىدىكى يانچۇق دەپتىرىگە قاراپ، — ئىدارىمىزنىڭ بۇ يىللىقى قوشۇمچە كىرىمى يامان ئەمەس. شۇڭا تاماق راسخودى ئۈچۈن كىشى بېشىغا 20 فۇڭدىن قوشساق قانداق؟...

گۇرۇپپىلارنىڭ بىر يەرگە كەلگەن پىكرى،

بىر سائەت ئىچىدىلا كاتىپ ئەسقەرنىڭ قەلىمىدە جىقمۇ ئەمەس. ئىككى بەتلا يىغىن تەييارلىغى دوكلادى پۈتتۈپ چىقتى.

دوكلاتنى دەرىجە بويىچە گورۇپپا باشلىقلىرى كورۇپ، بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، كاتىپقا قايتۇرۇپ بەردى. ۋە ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ كۆرۈپ بېقىپ تەستىقلىشىغا سۇنۇشنى ئېيتىشتى. ئىدارىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە دوكلات بىرىنچى قەدەمدە ئىدارىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىق توختىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى. توختى گەرچە يېشى 50 دىن ئاشقان، چاچ-ساقاللىرى خېلىلا ئاقارغان، پېشانىسىنى ياڭاق شۈپىگىدەك سىزىقلار قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىدارىدا يەنىلا ياش، ئىقتىدارلىق كادىر ھېسابلىناتتى. ئۇ ئىلگىرى ھازىرقىدەك ئەمەس، تەمبەل ئادەم ئىدى. سىنىپىي كۆرەشنىڭ توختىماي چىققان بوران-چاپقۇنلىرىدا قەددى-قامىتى ئېگىلىپ، سەل دوگىيىپ ماڭىدىغان، پۇت-قوللىرى سىقىراپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك سوزلەشكىمۇ، ئىشلەشكىمۇ دادىل بولۇشتەك ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆز خىزمەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى توگىدەك ئىشلارغا يولۇقسىمۇ سوراپ قويمايتتى. ئۆز خىزمىتىگە تەئەللۇق بولغان تېرىقچىلىك ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئۈستىدىن يۇقىرىدىلاردىن سورىماي ھەرگىز باش لىڭشىتمايتتى. ئۇ دوكلاتنى قولىغا ئېلىپ ئىتتىكلا بىر كۆز يۈگۈرتتى-دە، خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىق رازىققا يەتكۈزۈپ بەردى.

رازىق توختىغا قارىغاندا بىرقانچە ياش چوڭ بولىشىغا قارىماي، يەنىلا ئىدارە بويىچە تېتىك كادىر ھېسابلىناتتى. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇ ئىدارىدا ئەمەلىي ھوقۇقى چوڭ كىشى ئىدى. چۈنكى ئىدارىدىكى بىر نەچچە يۈز ئادەمنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى ئۇنىڭغا باغلىق ئىدى. ئۇ خىزمەتتە ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتقان ھالدا، ئىشلارنى تەرتىپلىك بىر ياقىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئۆزگىچە بويىچە ئېيتقاندا، «يۇقىرىدىن بولىيورۇق سوراش، تۆۋەننى رەنجىتمەسلىك» تىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ھەمىشەم يۇقىرىنىڭ «شان-شەرىپى»، «تۆۋەننىڭ رەخمەت-رازىلىقى» دىن قۇرۇق قالمايتتى. دوكلات ئۇنىڭ جوزىسىغا قويۇلغاندا، ئۇ قول ئاستىدىكى بىر بۆلۈم باشلىقىنىڭ «ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا گىلەمسىلىپ بېرىش» توغرىسىدىكى دوكلادىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ بۇ دوكلاتقا ئانچە باش قاتۇرمايلا تەستىق سالدى-دە، بۆلۈم باشلىقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى دوكلاتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن بىر پەس ئويلاندى. قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايىدا بىردىن تەڭلىك ئالامىتى پەيدا بولدى. «دوكلاتتىكى ئىشلار باشقا مەسىلە بولسىغۇ كاشكى، ھازىرلا تەستىقلىۋېتەتتىم»، - دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇڭلاپ، «تاماق راسخودى ئۈچۈن بىر كىشىگە 20 فۇڭدىن قوشۇپ بېرىش، مانا دوكلاتنىڭ بۇ يېرى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. دېمەك، بۇ كۆپچەن مەسىلىسى-دە....» ئۇ ئاخىرىدا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، دوكلاتنىڭ يان تەرىپىگە ئاللانىمىلەرنىمۇ يازغاندىن كېيىن ئىدارە باشلىقىغا يوللىدى.

ئىدارە باشلىقى ئىككى مۇئاۋىن باشلىققا قارىغاندا سىتاژىمۇ ئۇزۇن، يېشىمۇ چوڭ ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلاشقان بولۇپ، پۇت-قولى سىقىرايتتى، كۆزى تورلىشاتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە ئېغىر تەھدىتمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما چاتاقنىڭ يامىنى ئۇ بىر نەچچە قۇر خەت ياكى كىتاپ كۆرسە ئۇيقۇ تۇتاتتى. تېخى يىغىنلاردا خورەكمۇ تارتىپ قوياتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ بۇ ئىدارىنى قانداقمۇ باشقۇرغاندۇ دەپ قالماڭ، ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسى يەنىلا

www.uyghurkitap.com



چىلىك، پىنسىيىگە چىقىش دىگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. كوزىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە يۇمۇلۇشىغا رازى.

دوكلات ئۇنىڭغا تەككەندە ئۇ ئادىتى بويىچە كىرىسلوغا تاشلىنىپ چوڭا يىتىپ كورسىتىش ئەينەگى تاقاپ، دوكلاتنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقتى.

جۇملىمۇ-جۇملە تەھلىل قىلىغاندىن كېيىن، ئاستا تارتماقا سېلىپ قويدى. ئاردىن ئىككى كۈن ئوتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دوكلاتتا يېزىلغان مەسىلەلەر ئادەتتىكى مەسىلە بولماستىن بەلكى مالىيە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىكەن. بۇنداق بولغاندىكىن، ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويلاپ، باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ بېقىش كېرەك. بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى بىرىنچى قول باشلىق بىرنىمە دىسۇن...

بىرىنچى قول باشلىق بۇ ئىدارىدىكى رەھبىري كادىرلار ئىچىدە ياشقىمۇچوڭ، ستاژىمۇ ئەڭ ئۇزۇن، تەجرىبىسىمۇ ئەڭ باي كىشى. ئۇ ئادەتتە باشقىلارنىڭ پىكىرىنى يۈزتۇرانە رەت قىلمايدۇ، پىكىر-ئىختىلاپلىرىنىمۇ كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلىشقا ناھايىتى ئۇستا.

بىر قېتىم، قايسى بىر بولۇم مەسئۇلىنىڭ نامزاتىنى مۇقىمداش يىغىنى ئېچىلغاندا، باشقىلار قادىرنى ياراغدىدى، ئەمما بىرىنچى قول باشلىقنىڭ كوڭلىگە پۈككەن نامزاتى باشقا ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ گەپنى ئۇدۇللا ئېيتمىدى، ئەكسىچە «قادىرمۇ بولىدۇ، شەرتىمۇ چۈشىدۇ، مەسىلەن ئالايلۇق، دولەتمۇ يامان ئەمەس كادىر...» دەپ كولۇمسىرەپ قويدى، ئىش بىر مىنۇتتىلا ھەل بولۇپ كەتتى.

يەنە بىر قېتىمدا، ئىدارىنىڭ قايسى بىر ئىشقا ئىشلىتىدىغان بىر كورپۇس قۇرۇلۇشنى سېلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە بولدى: بەزىلەر دەرھال تۈتۈش قىلىشنى، يەنە بەزىلەر ۋاقتىنچە توختاپ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. تالاش-تارتىش قىزىپ، ئۇزئارا پىكىر ئىختىلاۋى تۇغۇلدى. بۇ چاغدا ئۇ رەھبەرلىك سەنئىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، دەرھال تۈتۈش قىلىش تەرەپدارلىرىغا: «سىلەرنىڭ مەقسىدىڭلار توغرا-قاتتىق ئىشلەپ، تېز ئورلەش» دىدى. ۋاقتىنچە توختاپ تۇرۇش تەرەپدارلىرىغا بولسا: «سىلەرنىڭ پىكىردىڭلارنىڭ جېنى بار-ھەر قانداق ئىشنىڭ مۇئەييەن شەرت-شارائىتى ھازىرلىنىشى كېرەك» دىدى. ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن تالاش-تارتىش قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىقتى.

بۇنداق مىساللار ناھايىتى كوپ، ئۇنى بىر-بىرلەپ سوزلىمىسەكمۇ بولار، ئەڭ ياخشىسى ئوز گېپىمىزگە كېلەيلى:

بىرىنچى قول باشلىق دوكلادنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن. ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقتى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر پەس ئويلاندى. ئويلاپ بولغاندىن كېيىنچۇ؟ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىلا سېلىنغان يېڭى گىلەم ئۈستىدە ماڭغاچ ھەر كۈنلۈك تاماقتا ئىككى موچەندىن قېتىپ بېرىش— ئۇ پۇلنى ئىدارىنىڭ قوشۇمچە كىرىمىدىن ئاجرىتىش تەلۇۋى بەك يوقۇرى ئىكەن. دوكلاتنى مۇزاكىرىگە قويساق بولغىدەك....» دىگەنلەرنى تەپەككۇر ئەلگىگىدىن ئوتكۈزدى. ئاندىن كېيىن ئىش ئۈستىلى ئالدىدا توختاپ دوكلاتنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ خىيالىرىنى يېزىپ قويدى.

ئىدارىنىڭ كولۇمى ئانچەچوڭ ئەمەسلىكىگە قارىماي، دوكلات بىر ھەپتىلىك مۇساپىنى بېسىپ ئوتۇپ، ئاخىرى، ئالاقىچى ئارقىلىق ماتىرىيال بولۇمىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

قارا قەلەم، قىزىل رەڭلىك ئۈچ قەلەم، كوك رەڭلىك گاڭبى قەلەم ۋە يېڭ قەلەملەر بىلەن تەستىق سېلىنغان ئىككى بەت-

لىك دوكلادىنىڭ يۈزى خۇددى گۈللۈك كەشـ
تىگە ئوخشاپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىدىكى
خەتنى پەرق ئەتكىلى-ئوقۇغىلى بولمايدىـ
غان دەرىجىدە بويىۋېتىلگەن ئىدى.

ماتېرىيال بولۇمىدىكى يولداش ھەمـ
مە باشلىقلارنىڭ تەستىقى يېزىلغان بۇ دوكـ
لاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قائىدە بوـ
يىچە يىغىن تەييارلىق گۇرۇپپىسىغا يەتـ
كۈزۈپ بېرىشى لازىم ئىدى. بىراق... ئۇ
دەل مۇشۇ چاغدا مۇھىم ماتېرىياللارنى رەتـ
لەپ، ئۈستىگە نومۇر قويۇپ ئارخىپلاشتۇرۇـ
ۋاتاتتى، ئېسىگە كەلمىگەنلىكتىنمۇ، ياكى
ئالا قويماي تەستىق يېزىلغان دوكلاتنى ئىنـ
تايىن مۇھىم ماتېرىيال دەپ ئويلاپ قالدىـ
مۇ، بۇ تەرىپى نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئۇ دوكـ
لات «ساقلىنىدىغان ماتېرىياللار» خالتىسىغا
سېلىنىپ ئاغزى شىلىم بىلەن يېلىمۋېتىلـ
دى!...

بۇ ئىشلارغا نېمە ئىلاج بار دەيسىز،
20 كىشى قاتنىشىدىغان خۇلاسە يىغىنىنىڭ
ياخشى ئېچىلىشى ئۈچۈن كاتىۋات گۇرۇپپىـ
سى، كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى، تاماق-تۇرـ
مۇش ئىشلىرى گۇرۇپپىسى قاتارلىق 3 گۇـ
رۇپپىدىكى 18 خادىم ھەپتىدىن بۇيان ئاـ
شۇ ئىككى بەتلىك دوكلاتنىڭ تەستىقلىـ
نىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە.
بىراق دوكلات ھەرقايسى ئىشخانىلاردا چۆـ
گىلەپ يۈرگىنى ئاز كەلگەندەك، ئاخىرى
بېرىپ بىخەتەرلىك ساندۇقىغا كىرىپ كەتـ
تى!

دوكلاتنىڭ تەقدىرى شۇنداق ئوخـ
شايدۇ. يىللىق خۇلاسە يىغىنىنىڭ ئېچىلـ
غان-ئېچىلمىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئىشـ
تىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. پەقەت بۇ
يىغىننىڭ تەقدىرى دوكلاتقا قاراشلىق بوـ
لۇپ قالغان بولسا كېرەك...

## ماقال-تەمسىللەر

بىگىز تاغاردا توختىماس، چوغ پاختىدا (توختىماس).

ئىشلە، چىشلە.

قىمىرلىغان قىر ئاشار.

نانىنى چايناپ يە، گەپنى ئويلاپ دە.

نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك.

سۈيى ئاز تۆك شالاقلايدۇ.

سۆزلەك دېسە ۋالاق تەككۈر، ئىشلەك دېسە قۇلاق يۆپۈر.

كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلۇر، كۆرمىگەن نېمىنى قىلۇر.

ھەسىپلىق دوست ئايرىلماس.

ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن، چايناپ يىسەڭ لەززەت (تاپارسەن).

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، يېتىلار يۈرىگىڭ.

يامان بىلەن دوست بولساڭ سىقىلار يۈرىگىڭ.

جاندىن كەچمىگىچە، جانانغا يەتمەس.

«ئاھ ياشلىق، ئاھ مۇھەببەت! سەن نېمە دېگەن گۈزەل ھېسسىياتقا باي-ھە!... سەن كىشىلەرنى ئىللىق قۇچىقىڭدا ئەركىلىتىسەن، ھاياتنىڭ مەنىلىك يوللىرىدا يۈگۈرتىپ، غايە ئىشقىدا كۆيدۈرىسەن. ئىنتىلىش قانىتىدا زەپەر يۈكسەكلىكىگە ئۇچقۇزىسەن....»

ياشلىق ھەققىدىكى مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر شېئىرى پىكىر بىلەن باشلىنىپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىپ، گۈزەل مەنىلىك ياشلىق مۇھەببىتى، ۋاپا ۋە مەرتلىكنىڭ غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن ئاياقلاشقان بۇ ھېكايىنى زور ئىشتىياق ھەم قايىللىق ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم.

ئەدەبىيات سېپىمىزدە نەتىجىلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈۋاتقان ياش شائىر مەھەممەت ئىمىننىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سۆيگۈ سىنىقى» ناملىق بۇ ھېكايىسى ئاپتورنىڭ پىروزا ژانىرىدىكى ماھارىتىدىن بېشارەت بەرگۈچى پاكىت سۈپىتىدە مەزمۇن، بەدىئىلىك جەھەتتىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر.

بىزگە مەلۇمكى، يازغۇچىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى — تۇرمۇشتىكى توپ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق جانلىق ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى بۇرچىنى، ھاياتتىكى ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، يازغۇچى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تونۇۋېلىشقا ھەم ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم.

«سۆيگۈ سىنىقى» ھېكايىسى باشلىنىش بىلەنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قادىرنىڭ «...ئەتە مېنىڭ تويىم بولىدۇ...» دەپ يازغان خېتىنى تۇتقىنىچە مۆرەككەپ ۋە ئازابلىق تۇيغۇلارغا پاتقان، سۆيگۈ سىنىقىغا دۇچ كەلگەن گۈلئايشەمنىڭ قىياپىتى گەۋدىلىنىدۇ.

ئابابەكرىنىڭ «تەكلىپى» قىزنىڭ ھەسرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. لېكىن مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە، قىز ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىپىزوت كىتابخاننىڭ ھېكايىگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى تەسىرلىك ۋەقەلەر ئەسلىمىلەر قوينىغا باشلاپ كىرىدۇ.

قادىر، گۈلئايشەم، ئابابەكرى — بۇ 3 ساۋاقداش ئالىي مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات پا-

كۆلتېمنى پۈتتۈرۈپ، يۇرتىغا كېلىپ، بۇلاردىن قادىر ۋەتەننىڭ، خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇرتىنىڭ ئەڭ چەت شۇنداقلا قاتنىشى بەكمۇ قولايسىز، يىراق بىر جايغا ئور-ۇنلىشىپ، بۇ يەردە پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، جاپا-مۇ-شەققەت ۋە توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، مول نەتىجە يارىتىدۇ. شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىرى-دۇ. مائارىپ سېپىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. بۇ ئىشلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ، ئەمەلىيەتنىڭ، سۆيگۈنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدۇ. ياشلىق باھارى تېخىمۇ پار-لاق نۇر چاچىدۇ. ئابابەكرى بولسا، قادىر بىلەن گۈلئايشەمنىڭ مۇھەببەت سىنىقى داۋا-مىدا ھەقىقىي دوستلۇق ساداقىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

كىتابخان بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ھەقلىق يۇسۇندا «يىگىت دېگەن قا-دىردەك بولسا، قىز دېگەن گۈلئايشەمدەك بولسا، دوست دېگەن ئابابەكرىدەك بولسا» دەيدۇ.

ئىنساننىڭ ياشلىق باھارى تولىمۇ گۈزەل، لېكىن ئۇنى قانداق ئۆتكۈزۈش كى-شىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. قادىرغا ئوخشاش ياشلىق باھارىنى ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بول-غان ئىشقا بېغىشلاپ، مەنىلىك ئۆتكۈزۈش—قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش!

ئاپتور ئۆز ھېكايىسىدە ياشلارنى كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە غايە بىلەن تەربىيىلەپ، ئىقتىدارلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم، ئاكتىۋال ئەھمىيەتلىك تېمىنى قادىرغا ئوخشاش تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇ-تۇپ بەرگەن. بۇ جەھەتتە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاپتور ھاياتىمىزدىكى خاراكتېرلىق ۋەقە، ھادىسىلەرنى دەل جايىدا تاللاپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتې-رىنى ئۆز ئارا مۇكەممەل باغلىنىشقا ئىگە بولغان ئىزچىل ۋەقەلىكلەر ئىچىدە ئېچىپ بەر-گەن. شەخسلەرنىڭ روھىي ھالىتى، ھېس-تۇيغۇسى ۋە ئىچكى دۇنياسى خېلى تەسىرلىك يېزىلغان. مۇشۇ نۇقتىدا ئاپتورنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ياشلىق قەسىدىسى دەپ باھالىساق ئارتۇق كەتمەيدۇ.

«سۆيگۈ سىنىقى» مەزمۇن جەھەتتىن مۇشۇنداق ئۇتۇقلۇق بولۇش بىلەن بىللە، بەدى-ئىيلىك جەھەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان. ئەسەرنىڭ جانلىق ۋە تەسىرلىك چىقىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل—بۇ ھېكايىنىڭ تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، تىل—ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي قورالى. شۇڭا بىر ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ياكى چىقمىغانلىقى ئۇ-نىڭ تىلىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىشلىنىلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يولداش مەھەممەت ئىمىننىڭ بۇ ھېكايىسىدە مەيلى ئاپتور تىلى بولسۇن، ياكى پېرسو-ناژلارنىڭ تىلى بولسۇن، ئوخشاشلا خېلى پىششىق ئىشلەنگەن. ئۇنىڭدىكى روشەنلىك ۋە ئې-نىقلىق كىتابخاننىڭ ۋەقە ھەم پېرسوناژلار توغرىسىدىكى تەساۋۋۇرىنى خېلى دەرىجىدە

كۆچە يېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

— مەن-مەن دىگەن يىگىتلەر ئاغزىدا پو ئاتقىنى بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە «ئۇسمىناق بۇسمىناق»لارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدۇ. (گۈلئايشەم)

— ئۇنداق بولسا كىمنىڭ تەمتىرەپ قالىدىغانلىقى، كىمنىڭ سىناقتىن ئۆتىدىغانلىقى مەسىلىسىنى ئەمەلىيەت ئۆزى ئىسپاتلىسۇن. (قادىر)

— بۇرادەر، سەن گۈلئايشەمنى چۈشەنمەيدىكەنسەن! (ئابابەكرى)

يۇقارقى 3 دىئالوگدىن قادىرنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، گۈلئايشەمنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارىشى، ئابابەكرىنىڭ گۈلئايشەم بىلەن قادىرنىڭ پاك مۇھەببىتىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسى روشەن نامايەن بولىدۇ.

ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ دولقۇنسىمان شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، گايىدا بايان، گاھى ئەسلىمە، گاھى تەسۋىر، گاھى ئىچكى كەچۈرمىشلەر زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى، قەھرىمانلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى، سەۋەب بىلەن نەتىجە ئورگانىك ھالدا تەبىي باغلانغان. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك تەسۋىرى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، تەسۋىرلەنگەن جايلار كىشىگە قايناق ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان لىرىك شېئىرنى ئەسلىتىدۇ.

نۆۋەتتە، ياشلارنىڭ مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بەزى ھېكايىلار ياكى قېلىپلاشقان «مودا» بويىچە «3 بۇرجەكلىك مۇھەببەت» قىلىنىپ ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان ئەقلىي ۋە جىسمانى ئەمگەك، ئىجادىي تۆھپە پائالىيەتلىرىدىن خالى ھالدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق يېزىلغاچقا، كىتابخانلار باش قىسمىنى كۆرۈپلا «يەنا ئاتام ئېيتقان بايىقى» ئىكەن دەپ ئوقۇماي تاشلاپ قويىدىغان ھادىسىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

«سۆيگۈ سىنىقى»نىڭ ئاپتورى بولسا، بۇخىل قېلىپپازلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزگىچە يول بىلەن ياشلار جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ تېمىنى ئەھمىيەتلىك، يېڭى سەۋىيىلەر زېمىنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ، دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ گۈزەل خىسلىتىنى مەدھىيىلەش، كىشىلەرگە كوممۇنىستىك تەربىيە بېرىش مەقسىدىگە ئېرىشكەن.

بىز يولداش مەھەممەت ئىمىننىڭ ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ماھارىتىنى تېخىمۇ چىنىقتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش كۆرەشى داۋامىدا «سۆيگۈ سىنىقى»غا ئوخشاش ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۆمەرجان ئابدۇللا

يولداش ئەسقەر مەمتىمىننىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سويما» ناملىق شېئىرىنى ھەجمىنىڭ ئىخچام، قىسقا بولۇشىغا قارىماي، مول ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادە قىلغان، كىتابخانلارغا بەلگىلىك بەدىئى زوق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىش تەلىۋىدىن چىققان بىرقەدەر ياخشى شېئىرى ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«سويما»-3 لا كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن. شېئىرنىڭ ئالدىنقى — ئۆتكۈنچى، كېيىنكى بايان قىلىنىدىغان ئاساسىي ئىدىيىنى ئېچىپ بەرگۈچى كۇپلېتىدا «مەن» نىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قەيسەر خاراكتېرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتور، ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىۋاتقان بىر ئەۋلات «مەن» نىڭ كەتەر، ئەمما ئۈمىتلىك لەۋزىنى شۇنداق يازىدۇ:

كوزگە ئىلماي چاغلاپ بەك كىچىك،
تۇوك سويمىغا ئوخشاتتىڭ مېنى.
بوپتۇ، ماقۇل، «سويما» مۇ بولاي،
«سويما» دېگەن گەپ ئاڭلاپباق قېنى...

مانا، بۇقىسقىلا بايان بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا «كىچىك» (ئادەمگە نىسبەتەن) «توك» (سويمىغا نىسبەتەن)— قىسقىسى ھەم ئەقىل، ھەمجىسمانىي جەھەتتىن ۋايىغا يەتمىگەن ئوبېكتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇ «كىچىك» ۋە «توك» بولۇشىغا قارىماي، ئۇ-زىنىڭ ئەشۇھالىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە كەلگۈسىگە ئۈمىتۋار قارايدىغان «سويما» ئەمەسمۇ؟
شېئىرنىڭ 2-، 3-كۇپلېتلىرى كىتابخانلارنى «سويما» نىڭ ئەتىسى— كەلگۈسىگە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ:

...سويما دېگەن چوشەر پىلەكتىن،
(پىلەكتىكى سېرىق چېچەكتىن،)
ئوزۇق ئالار زېمىندىن، يەردىن،
ئوزۇق ئالار ئېتىزنى چۈنەكتىن.

سەۋرى قىلساڭ بۇگۈنكى «سويما»،
ئەتە قوغۇن بولىدۇ تاتلىق.

(ئاخىرى 59-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەزەللەر

ئابدۇللا كېرەم

## گۈل-گۈلىستان ئىچىدە

ئۆتتى سانسىز مۇتەپەككۇر دەۋرى ئەففان ئىچىدە،
ھېچ بىرى تاپماي ئاسايىش كەتتى ئارمان ئىچىدە.
ئۇجاھالەت تۈنلىرى ئىرپانغا ئىمكان يوق ئىدى،
كەشپىياتچى كەشپ تۈپەيلى قالدى زىندان ئىچىدە.
يۈتتى كۆرمىگ يادىكارلىق، كويىدى پەن قامۇسلىرى،
ۋاي ئىسسىت، يوق بولدى بەرى سىرى پىنھان ئىچىدە...
تاڭ قوياشى نۇرچېچىپ تاپتى ئىجات ھور پەسلىنى،
مەرىپەت گۈللەندى قايتا باغى رىزۋان ئىچىدە.
كور! بۈدەم بولدى گويا شاھانە بىلىم ھۆرمىتى،
تەلپۈنۈش ئىرپانغا ئاددەت ئىشچى-دىخان ئىچىدە.
يېڭى گۈللەش چېغى بۇ، پىشۋالىنى ئۇستاز تۇتۇپ،
ۋارىسى ئۇزسە ئەجەپمەس چەكسىز ئىمكان ئىچىدە...

## زامان مەدھى

قوياش مېھرى يېتىشتۈردى مېنى كوڭۈل ئازادىمغا،
ئۇزاقتىن ئىنتىزار كۈتكەن گۈزەل پەسلى باھارىمغا.
باھارۋەسلىگە مەن شەيدا، ۋۇجۇدۇمدا قۇۋۋەت پەيدا،
شۇڭا بۇلبۇل بولۇپ سايراپ ئوقۇي مەدھى زامانىمغا.
دىلىمدا شوخ ھەۋەس قاينار، بىزار مەن تۈنلىرى بىدار،
خەلق كوڭلىنى ئايان ئەتسەم يېتەرمەن چىن مۇرادىمغا.

## كۈلدى

يېڭى دەۋران باھارىدىن جىمى جان روھلىنىپ كۈلدى،
كوڭۈللەر يايرىغاچ ئەركىن قېرى-ياش زوقلىنىپ كۈلدى.

جىمى مىللەت بولۇپ سىرداش، سەپەردە ئۇزئارا قولداش،
تولۇپ دوستلۇق بىغى گۈلگە بۈلەكچە خوشلىنىپ كۆلدى.

يۈرۈڭقاش هەم ئىلى جۇشقۇن ئاقار مەنزىل تامان دولقۇن،
ئۇنىڭ قوينىدا مەردانە يىگىت-قىز شوخلىنىپ كۆلدى.

ئەنە، پەرهات تۇرۇپ يەڭنى زەپەردە بىزىندى ئەلنى،
ئۇڭا ئىلهام بىرىپ سەپتە شىرىن هوزۇرلىنىپ كۆلدى.

ئىلىم- پەن قوينىنى ئاچتى يېڭى ئەۋلات ئۆچۈن كەڭرى،
بىلىم شەيدالىرى ياشلىق باهارىن ئۆرغۈتۈپ كۆلدى.

چىمەندە مىڭ-تۈمەن غۇنچە تولۇپتۇ هۆسنىگە شۇنچە،
ئۇنىڭ بەرگىدە بۇلبۇللار بولۇپ جۇر سايرىشىپ كۆلدى.

ئۇلۇغ كومپارتىيەم بەردى بۈشان-شوهرەتنى خەلقىمگە،
زەپەر ئاسمانىدا جۇڭخوا، كىرئىمى شات بولۇپ كۆلدى.

# ۋەتەن ئىشقى

ئابدۇلهەي ئابدۇلهەق

هەر پەسىلنىڭ ئۆزىگە خاس خىسلەتۇ-مەناسى بار،
هەر ئېقىنىنىڭ ئۆزگىچە كىم هاسىلى دەرياسى بار.

هەر كۆڭۈلدە ئىشقى-سۆيگۈ ئۆزگىچە تەبىر تاپار،
هەر بىر ئىشقى-سۆيگۈنىڭ كىم ئۆزگىچە سەۋداسى بار.

سورىسام ئىشق ئەهلىدىن، دىدى: «تەرك ئەت ئىشقىنى سەن،
ئۇشبۇ يولنىڭ هەرقاچان پۈتمەس جىدەل-غەۋغاسى بار...»
مەن دىدىم: «ئىشقىمنى هېچ تەرك ئەتكىلى بولماس بىلىڭ،
جىسمۇ-جانىمنىڭ ئاڭا ئوتلۇق هەۋەس-ئىخلاسى بار.

ئاشۇ ئىشق-سۆيگۈ ئوتى كوكسۈمدە يانغاي بىر ئۆمۈر،
گەر كۆيۈپ پۈتسە مىكى قەلب-جانىنىڭ ئاڭا رىزاسى بار...»

— بۇنچە كويۇپ-پىشماغىڭغا نەسەۋەپ،-دەپ سورسىڭىز،
ئىپتىخار بىرلە جاۋاپ بەرسەم تولۇق ئاساسى بار:

ئاشۇ ئىشق ئانا ۋەتەننىڭ ئىشقىدۇر-سۆيگۈسىدۇر،
شۇڭا دەيمەن سۆيگۈنىڭ ئەلاسى-بىباهاسى بار.

# تۆيۇق ۋە رۇبائىلار

مەتقاسىم مەتنىياز

تاشلا بەگۇۋاشلىقنى، نۇرلۇق يولغا دەرھال يان بالام،
بەدقىلىق، بەدخۇي، مەـجەزگە بەرمە ئەسلا يان، بالام.
گەر زامان مېھرىنى ئاقلاي دەيدىكەنسەن، بەلنى چەگ،
مەردىيەت ئىشقىدا كىرى، ئوتتەك لاۋۇلدا، يان، بالام.

❖

بولمىغاچ ئەجدادىمىز غەيلەت، جاھالەتكە ئەسىر،
ئېيتمىغارلىق بىز بۈگۈن گەر ئوتسىمۇ نەچچە ئەسىر.
نۇر چېچىپ ئۆندەيدۇ يۈكسەككە دېمى شۇ ئەنئەنە،
ھە، شۇڭا ئەقلىم كوزىگە يات قاراڭغۇ شام، ئەسىر.

❖

ئاچ قوساق قالغانىدىمۇ، ئازغىن دېسە: «ھالۋامنى يەڭ؟»
تۇڭگۈلەر مۇشتۇم غەزەپتىن تۈرۈلۈپ جەينەككە يەڭ.
چۈنكى، ئەجدادىم ئۆگەتكەن: «ئىشتىقا بولما ھەمتاۋاق،
شەنىمىزنى بۇلغىما، موھتاجچىلىق، مۈشكۈلنى يەڭ!!!».

تەۋرىمە كەلسە قويۇن، توھمەت ـ بالا،
يەڭئۈنى مەزمۇت تۈرۈپ بول مەرت بالا.
تىك ئۆسۈپ، ئەلنىڭ ئامانلىق قەسرىگە ـــ
بول كېرەك قىلسا كېرەكلىك لىم ـ بالا.

❖

بۇلغىمىسۇن ئەقلىڭنى خاك ـ چاڭ،
سالما كىشى ھەققىگە قول ـ چاڭ.
پەزىلەتلىك، پاك، ياشا، ياڭرات ـــ
بىغۇبارلىق مۇنبىرىدە چاڭ.

❖

مەن ئۆزەمنى ئەلگە لايىق تۈزىمەن،
تۈزىمەنۇ ـ ھەرجا پاغا تۈزىمەن.①
بولمەن ئەل مىنسە ئات، ئاتسا قورال،
تىرىسا ھەم دولھوسۇللۇق تۈزىمەن.

❖

ۋەتىنىم ئىشقىدا كۈندۈز ـ كېچىمەن،
جەڭدىمەن، پەيت كەلسە جانىدىن كېچىمەن.
تەۋرىمەس ئەھدىم: سوپاتىڭ زىكرىدە ـــ
ئەڭ تىرەن سوز دېڭىزىنى كېچىمەن.

ئېيتىم ئۆچقۇر جېرەن قاشقا،
پەسەنت قىلماس داۋان ـ قاشقا.
ئەقىدەمنى تىگىشمەيمەن،
ئارا يولدا قەلەم قاشقا.

❖

سۆخەنچى سۆۋۈنۈپ خەقتىن گەپ ئېلىپ،
يەتكۈزۈپ بىراۋغا ئوتەر «نەپ» ئېلىپ.
بىلىسچۇ ئايلىنىپ لەنەتگەردىگە ـــ
يۈرگىنىنى ھەركۈنى تالاي «خەپ!...» ئېلىپ.

❖

تەخسىكەش پايدىچۈن قۇردۇ پىلان،
شۇ ئىشى ھىساۋى تاپقىلى ھايان.
ئوغۇ لەت بولغۇسى، لېكىن، تەخسىگە ـــ
دوم چۈشكەن «پاك سۈپەت» قالار مۇئامان؟

❖

ئەقلىنى دات باسسا بۇزۇلار سىياق،
بۇزۇلسا، قارىمۇكور دىندۇ ئاق.
بۇرادەر بۇھەقتە قىلما يىلى تالاش،
پاكمۇسەن، ناپاكمۇ، ئەلدىن سوراپ باق.

① چىدايمەن مەنىسىدە

ئىشچانلار ئەجرىدىن كۆرەر ھالاۋەت،
بىلىملىك — ئەقلىدىن تاپار كامالەت.
ئىقتىدار، ۋىجدانىدىن جۇدا بولغانىنىڭ،
جان بېقىش ئەسلىگى — شۇملۇق، خوشامەت.

❀

بەزىلەر بىر مەزگىل خېلىلاپ ئۆردى،
نەسىھەت قىلغاننى كاسىلداپ ئۆردى.
ھەقىقەت مىجەزى — پەرداز خالىماس،
شۇڭلاشقا ئۇلارنى پەشۋالاپ ئۆردى.

❀

نەپ كۈتمە، بۇرادەر قىڭغىر شامالدىن،
ئۇنداقلار قۇتۇلماس ئاخىر زاۋالدىن.
سەنمۇ گۈل ئۈستۈرسەڭ تىككەن تېرىماي،
لەززەتلەر ئالىسەن مېۋىدىن — بالىدىن.

❀

توكۇلگەن قان — تەردىن ئۈنەر گۈل-چېچەك،
جاپادىن قاچقاننىڭ ئارزۇسى پۈچەك.
شېرىنىسى چىقمايدۇ "شېرىن خىيال" نىڭ،
ئەجرىدە ھەر كىمنىڭ بەخت، كېلىچەك.

❀

ياخشى دوست ئۆمۈرلۈك كۈچ — مەدەت ساڭا،
مەدىتى بەخش ئېتەر پاراغەت ساڭا.
نەپكىلا جان تىككەن نەپسى سۇلتانغا،
ياندىشاڭ، ياندىشار پالاكەت ساڭا.

# ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى

مەھەممەت چاۋار

## مەشۇغۇم

چىن ۋاپادار مەشۇغۇم مېنىڭ،
ئاقكۆڭۈل ھەم كەمتەر مۇلايىم.
تۇرسامۇ مەن ئۇنىڭدىن يىراق،
پۈرقىتىدىن يىمەيمەن ۋايىم.

تەسۋىردىگە ئەمەسمەن ھېرىس،
ۋىجدانىغا پەيۋەندە يۈرەك.
ياسالىملىق نە ھاجەت ماڭا،
شۇ نىگارنىڭ قەلبىدىن بۆلەك.

## رەيھان

بىزەلمىگەن رەڭ بىلەن ھۆسنى،
چاقنىمايدۇ باغدا ئۆزگىچە.
بىراق ئۇنىڭ پۇرىقى شېرىن،
رام قىلىدۇ دىلنى كۆزگىچە.

گۈل رەيھاننىڭ سىرى نىمىدۇ؟
تەبىئىلىك ئۆزىنىڭ خىسلىتى.
ئوخشىتىمەن دىلبەرنى ئاڭا،
ھېسلىرىمنىڭ شۇدۇر ئىلپەتى!

## كەشتە

بەزىلەر "چىن گۈزەل" دەيدىكەن،
يار جامالى بولسا گۈل مىسال.
چاپار ئىككەن كېپىنەك كەبى،
شاختىن شاخقا ئەگىشىپ خىيال.

چىراي دېگەن بەرھەق گۈل ئۆزى،
تاڭدا كۈلسە، سولىشار كەچتە.
بۇياق ئەمەس بىلگىنكى ئاشىق،
مېھرە بىبەتكە ئېقىلدۇر كەشتە.

### ماقال-تەمسىللەر

پىتنەس ئىشنىڭ قېشىغا، باتۇر كىلۇر بېشىغا،
ئۆزنىڭ ئۆزگە دورا، مەدەستان كوزگە (دورا)
بىر ئاچقانىغا سوزلىمەڭ، بىر ھارغانىغا (سوزلىمەڭ)
دۇنيا كېتەر بوشلاقتىن، ئېقىل قاچار خوشلاقتىن.

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

مەمتىمىن توختى

## پاك ساقلىغىن گۈلۈڭنى

ھاياتىڭنى قەدىرلەپ،
توغرا تاللا يولۇڭنى.
قوندۇرمىغىن چاڭ-غۇبار،
پاك ساقلىغىن گۈلۈڭنى

ياخشى ئىشلە ئالغا باس،
جارى قىلغىن رولۇڭنى.
چاڭ-تۇزاڭلار قونمىسۇن،
پاك ساقلىغىن گۈلۈڭنى.

## تارتىنماڭ

ئۇچراشقاندا ئىككىمىز،
مەندىن قاچماڭ، ئار قىلماڭ.
چۈشەنمەستىن قەلبىمنى،
ئەقىدەمنى خار قىلماڭ.

سۆزلەڭ ماڭا تىكىلىپ،
مېنى ئۇنچە زار قىلماڭ.
ئىش خىسلىتىم ياقمىسا،
بولدى، مېنى يار قىلماڭ...

## ئۈۋدىلىغا قالمىغىن

سۆيسەڭ يارنى تاللاپ سۆي،
ئىرادەڭدىن يانمىغىن.
ئاي ۋە يىللار ئۆتكەندە،
سۆيگىنىڭدىن تانمىغىن.

ھەر كىشىنىڭ يارى بار،
دۇتارنىڭمۇ تارى بار.
چاۋاك چىقار جۈپ قولدىن،
كېيىن يالغۇز قالمىغىن.

# ئىلىم-ھېكمەتنى يارتۇتساڭ

مەمتىمىن قاسىم

ئىلىم-ھېكمەتنى يارتۇتساڭ دىلىڭدا نۇرچىراق يانغاي،
ئىچىپسەن ئابى زەمزەمدىن زېھىن تەشنالىغىڭ قانغاي.

غەپلەت ئۇيقىسى باسسا ھاياتىڭ نام-نىشان يوق،
گۈياكى پور سۆگەت ئوخشاش قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغاي.

"ئېشى ھاي-ھاي، ئىچى قۇي-قۇي" بەمەس، بولسا ئىچى ھەم ئۈز،
گۈياكى ئۆزىمدەك ئەل-يۇرت ئىزىڭدىن كوپ بەھىر ئالغاي.

ئىجاتكار نامى ئۆلمەيدۇ، ئۆمرىدىن كوپ ئىجات ئۆمرى،
دىمەك توھپە- ئىجات مىليون ئەسىرلەر ساقلىنىپ قالغاي.

ئىلىم-پەندىن قانات راستلاپ ئىگىز ئاسمانغا ئۆي سالساڭ،
كوك قىزى قۇتلاپ سىنى، ھەم بويىنۇڭغا گېرە سالغاي.

ئىلىم-پەن گۈللىرى ياشناپ چاچار ھىد ئەمدى بۇئەلدە،
ئۇلۇغ كومپارتىيە مېھرى بىلەن پەنمەشئىلى يانغاي.

# «گۈزەل» گە

(سا تىر ا)

ئا ينۇر. موللا يۇپ

«ئېغىر كېسەل» دەپ ئاڭلاپ،
يوقلاپ كىرسەم ئۆيىڭگە،
ئولتۇرۇپسەن تەندۇرۇس،
گىردىم قىلىپ لەۋىڭگە.

كىرگىنىمنى سەزمەستىن،
داۋام ئەتتىڭ پەردازنى،
كۈلكەم قىستاپ، تـۇيدۇرماي،
كۈزەتتىم سەن رەڭۋازنى.

بىر پەس ئەينەك ئالدىدا،
ھىمداپ تەردىڭ قېشىڭنى،
ئاندىن كېيىن قىسقاچقا-
تۇرمەللىدىڭ چېچىڭنى،

لىق بىرقۇتا ئۇپپىدا،
يۈزلۇرۇڭنى ھاكلىدىڭ،
قىزىل سىرنىڭ يۇقىدا،
تىرنىغىڭنى لاكلىدىڭ.

كېيىۋىدىڭ تاڭكىسنى،
چىقتىڭ گويا خادىغا،
تەستە سايىتىڭ كاساڭنى،
شۇنچە تار بىر خالتىغا.

قاراپ يۇغان ئەينەككە،
ئۇيان - بۇيان ئولغانىدىڭ،
مېڭىشى تەس ئۇدەكتەك،
مىڭ جاپادا تولغانىدىڭ.

كىرپىگىڭنى بويىدىڭ،
ئوتتۇك ھېيى- يېغىمدا
«ۋاي!...» دەۋەتتىڭ ماي كىرىپ،
كوز ئېچىشقان چېغىمدا.

ئېھتىمالىم كوزۇڭگە،
قاراڭغۇلۇق تىقىلدى،
تىك تۇرالماي بەدىنىڭ،
«گولۈپ» قىلىپ يىقىلدى.

سەن يىقىلدىڭ، مەن كەلدىم،
ئاچالمىدىڭ كوزۇڭنى،
بـوشراق پەرداز قىلساڭغۇ،
قىنىيما يتتىڭ ئوزۇڭنى.

شۇنداق دىسەم، «دات..» دىدىڭ
«ماڭ دوختۇرغا پات!...» دىدىم،
سۇنىئى ياڭزا- «گۈزەللىك»،
بىز ياشلارغا يات دىدىم..

# تەڭ سورسە ھارۋىنى..

ئەنۋەر تۇردى

تۇرسام يولدا، جەسۇر تۇلپاردەك-
ھارۋا سورەپ ئوتتى جۈپ يىگىت.
ئۇنىڭ بىرسى خەنزۇ ياش- شياۋلى،
يەنە بىرسى ئۇيغۇر- ئابلىمىت ...

بىر خوشاللىق ئىلھامى قوچتى،
ئۇلار ئوزاپ كەتكەندە، ئالغا.

ئوز-ئوزۇمگە دىدىم پىچىرلاپ،
چۇمگەن پېتىم زوقلۇق خىيالغا :

«...ھەممە ئادەم، ھەمىشە شۇنداق،
تەڭ سورسە ئىدى ھارۋىنى.
تېز يۈكسىلىپ ۋەتەن، بارچىنىڭ-
ھەل بولماستى ئارزۇ- ئارمىنى؟!...»

يېڭى قاشتېشى

# شېئىرلار

ئەرشىدىن راشىدىن

## ياشلىق ھەققىدە سوھبەت

بۇندىن بىر نەچچە يىللار مۇقەددەم،
(قىمدۇق ئۇچاغ نېگىزملەردە .)
باھار پەيتى كورۇشكەنتۇق بىز،
دوستۇم بىلەن خۇددى مەشەدە.
قۇچاقلاشتۇق بۇگۇن يەنە بىز،
چىن دوستلۇقىمىزنىڭ مەھرىگە قېنىپ.
ئەسلەپ ئەشۇ يىللارنى دوستۇم،
دىدى: ياشلىق كەلسىچۇ يېنىپ!
دىدىم: سىزدىق چۇشەرگىنى راس،
يورغا يىللار پېشانىمىزغا ھەم،
بىراق ياشىمىز، قېرىمىغا.
يەتمىگۈنچە نىشانىمىزغا.
سوزلىرىمدىن كۈلۈپ دىدى ئۇ:
ئېيتىلغان ئوق ئارقا يانامدۇ؟
رەھىمسىز يىل ياشلىق جامىدا،
ساقا يەنە ئاراپ سۇنامدۇ؟

مەن دىدىمكى: قوشۇلدى پەقەت،
ئونلاپ ساناق بۇرۇنقى ياشقا.
چۇشەنسەڭچۇ ياشلىقنى، ياشنى،
(ياش ياشقىمدۇر، ياشلىقتۇر باشقا.)
بىلسەڭ ئومۇر گويا بىر دەرەخ،
كوگىرل ھەريان سوزۇلغان يىلتىز،
قېرىمىسا دەرەخ يىلتىزى،
شۇ دەرەخمۇ قېرىماس ھەرگىز.
خوشالمەنكى، ياش مېنىڭ كوڭلۈم،
قولۇمدىدۇر زىلۋا ياشلىقىم، مەڭگۈ،
قەدىرلىمەكتۇر مەن، ئۇرچۇن قەلەمقا ئالغىنىم.
ياشلىق- جانان، لىگىشتىنى باشىنى،
دوستىزم ئاستا ئېيتىقىنىڭ دوۋرۇس،
دىدى: سېنىڭ قارىدى بەرگە،
ئۇ قىزاردى، قىلغانىدەك نومۇس.
ئوز سوزىدىن

## ئەتە ئۇچۇن . . .

تۇنۇگۇن قويىمىغاندا بىراۋ
قاندافچە ھەبيار ...
تەبيارغا ...
نىمەتلەر

ھەممىشەم ئۇ اقىرا يەسەن قەسەم ئىمچىپ،
بىرسەن قاملاشتۇرۇپ ئۇەدىلەرنى.
لېكىن ئىمش تېرىقتەك، ئۇنتۇزسەن،
ئۇ قۇلا ئۇەدە بىلەن „ئەتە“لەرنى.

## ئوغلۇمغا

ئاز دەمەسەن سەن ...
قىمىمىندۇر ئىمزھارى ...

ئۇزۇنگىدىن بۇن ئىزر بالام،
ئورنۇگىدە يىكە ... بالام،
... تەـى،

كەنگەندە ئەلنىڭ كۈچ-مادارى،
قايتىدىن كەلدى كۆڭۈل باھارى.
تۇغۇلدۇق جان قوزام بولەكتىمىز...
مىليونلاپ بالىلار قاتارى
ئەمدى پۇل، ئاق تۇغقا [illegible]
ھەر ئىشقا كەچتى پۈتتۈن، [illegible]
دىمەككى، مەكتەپكە دە [illegible]
ھە شۇڭا ئاسانلىقا [illegible]
كەلمەدى كۆزلەلدۇق [illegible]
تىنچىمۇ بىمىز قاتناتقا [illegible]
ياتما بىمىز مۇۋاپىق [illegible]
كۆتەرىپ [illegible]
بىز ئوقۇندا [illegible]
سەن بىلىمىم [illegible]
بە خىتىمىزنىڭ [illegible]
ئالغا [illegible]
خەلقىمىز [illegible]
ھەم [illegible]
[illegible]

## ۋ-ناقلىق ئالدا [illegible]

ھەل [illegible]

ئۆمەر ئىمىن

ا نى تىلەك- مەقسەتلەر ھەبىسەل [illegible]
كۆڭۈلدىلىك، تۇرمۇش چوڭ [illegible]
بىلسىڭىز، ھەر ۋە [illegible]
تىز پۈتكۈپ ھەر [illegible]
ھور ھايات، [illegible]
بارچە نېمەت- [illegible]
بۇ ئەتەن [illegible]
مسلمسىز [illegible]
گە ۋە [illegible]
كورگەزا [illegible]
تۇتتە [illegible]
غە [illegible]

[illegible] ساپىدا،
[illegible] جاپىدا)
[illegible] جېنىڭنى،
[illegible] گا پىدا.
[illegible] ئاۋات"، دەر،
[illegible] قەن-ناۋات"، دەر،
[illegible] تاغلىرى،
[illegible] ھايات"، دەر.
[illegible] ئوزۇق،
[illegible] قوپ-قورۇق.
[illegible] تۇق.
كۈنۈ-تۈن ئىشلىمەك پەرزىمىز،
بىلسىرى ئاشاتتى قەرزىمىز،
دە يىتتۇق: بىز:"ئىشلىگەن نىچچۈن
ئاقىدۇ قە يەردە ئەرزىمىز؟"

[illegible] ئىشلەپ.
[illegible] ئوچۇن،
[illegible] ئىشلەپ.

[illegible] دىشۋارنى،
[illegible] لاردا.
[illegible] ئاغرىنى،
[illegible] ئاغرىنى،
[illegible] قانىماستىن،
[illegible] باغرىنى.

# ئۆزگەرمىسە . . .

ئۇيغۇر ئادىل

خىزمەت ئورنى يا مەنسەۋى ئۆزگەرسىمۇ،
خۇلۇق- مىجەزى قاباھەتكە ئۆزگەرمىسە.
ئىلمى ئېشىپ، شان كوكىگە يەتسە ھەركىم،
ھەرگىز نادان ھاماقەتكە ئۆزگەرمىسە.

كىچىك پېئىل، خۇش مۇلايىم بوينى قۇتقا-
بولسا، ئەمما ئايلانمىسا كورەڭ بۇتقا،
سالام بەرسە تەڭ باراۋەر ئەھلى يۇرتقا،
كىچىكلىنىپ زاتى ئىتقا ئۆزگەرمىسە.

گاھ مىللىتى، گاھى يۇرتى ئالماشمىسا،
(چاينىدىكەن گەپ-سوزلىرى قاملاشمىسا،)
كىيىم، قۇرۇق نام-شوھرەت ھەم قوغلاشمىسا،
ئىشلەپ يېسە، نەپسى مۇتقا ① ئۆزگەرمىسە.

گەر قىز بولسا ئىززەت، ئىپپەت يارى بولسا،
چىن مۇھەببەت كوڭلىدىكى بارى بولسا،
ئوغۇل بولسا مەرت، ھالاللىق جارى بولسا،
بىر دەم «مۇز» غا، بىر دەم «ئوت» قا ئۆزگەرمىسە.

ئەسلى زاتى ھەم پۇشتىنى ئۇنۇتمىسا،
ۋەتەن، خەلق، ھەم دوستىنى ئۇنۇتمىسا،
ۋىجدان، غايە، دىل ئىشقىنى ئۇنۇتمىسا،
ئەركىنلىكنىڭ جايى سوتقا ئۆزگەرمىسە.

تاشلىۋەتسە بارچە يامان ئىللىتىنى،
بىلىپ يۈرسە ئىنسانى قەرز- قىممىتىنى،
خۇرسەن قىلسا ئاتا-ئانا، مىللىتىنى،
ئىپار چاچسا، تۈتۈن-دۇتقا ئۆزگەرمىسە.

جۇر بولمىسا بىكار تەلەپ نەغمىسىگە،
قەدەم قويسا مەرىپەتنىڭ پەللىسىگە.
بېغىشلىسا كۈچ-ئەقلىنى كەلگۈسىگە،
ھۇرۇن، تەييار تاپقا، قۇرتقا ئۆزگەرمىسە.

ئۇيغۇر ئادىل، نەسىھەتنى قىل ئۆزەڭگە،
بولماغاي پىل، تارچۇقتىن چىق، باققىن كەڭگە،
دەۋران ئاچقان يولنى بويلاپ چۈشكىن جەڭگە،
ئۇلمە يۇرتۇڭ ئىسىل يۇرتقا ئۆزگەرمىسە!

# ئۆتەرمۇ ئۇ روھى ئاچ دائىم ...

باتۇر روزى

كورۇپ بۇگۈن توساتتىن ئۇنى،
ھەيران قالدىم- تونۇيالمىدىم.
بىر قارىدىم كوڭلۇم ئېلىشىپ،
ئىككىنچى رەت قارىيالمىدىم.

قىزىل رەڭلىك كاناي شىمغا،
ماسلىشىپتۇ چىڭگىلىك چېچى.
ئالا بالداق، رەڭدار كوينىكى،
پۇتتا ئودەك تۇمشۇق غىچ-غىچى.

چاشقان بۇرۇت قويۇپتۇ تېخى،
كېپىكىسىمۇ بولەكچە قىڭغىر.
تۈچ زەنجىرلىك زۇننار ئېسىپتۇ،
مېنى كورۇپ كۈلدى ئۇ «خىر- خىر...»

— يەس پوس،- دىدى قولىنى تەڭلەپ،
سىر دىكچىدەك چايقىدى دولا.
سىلكىۋىدى بېشىنى يانغا،
قىمىرلىدى بۇدرە كوكۇلا.

— بولۇۋاپسەن چوكانىدەك،- دىسەم،
قىزىرىپمۇ قويمىدى يۈزى.
— قېنى ئۇيغۇر غورۇرى؟،- دىسەم،
«مىت» قىلمىدى ئاغزى، يا كوزى.

نومۇس قىلدىم ئارتۇق تۇرۇشقا،
باشقا گەپكە بارمىدى رايىم.
كېتىۋېتىپ دىدىم: «ئېست ئەخمەق،
ياشارسەنمۇ روھى ئاچ دائىم؟!...»

① مۇت — بەدەلسىز، بىكار مەنىسىدە




بابامۇرات دامىنوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئۇزۇندىن بىرى كورۇشمىگەن ئىككى قەدىناس — ئوكتەم بىلەن ئەزەم كومسومول كولى بويىدىكى ئاشخانىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇزاق سوھبەتلەشتى.

— قېنى، بايىقى گەپلىرىڭنى ئەمدى باشلا، — دىدى ئەزەم قانداقتۇر نارازى ئاھاڭدا.

— سوزلەپ بېرىمەن، ئالدىرىما، — دىدى ئوكتەم ئاقپىشماق يۇزىگە ماس كەلگەن قارا كوزلىرى بىلەن دوستىغا تىكىلىپ.

— گېپىڭ قىزىقارلىقمۇ؟ — يەنە سورىدى ئەزەم.

— ئاۋال ئاڭلىساڭچۇ.

ئوكتەم يان يانچۇقىدىن پاپىروس ئېلىپ ئەزەمگە تۇتتى، ئوزىمۇ بىرنى تۇتاشتۇردى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چومۇلگەن ئىدى. شۇ پەيتتە ئوكتەم يەنە پاپىروس قۇتىسىنى قولىغا ئالدى.

— مەن، تەشمىنىڭ 2-سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئىدىم، — دەپ ھىكايىسىنى باشلىدى ئوكتەم، — قىشنىڭ سوغۇق كۇنلىرى بولسىمۇ تېخى تۇنجى قار چۈشمىگەن ئىدى. بىر كۇنى تاڭ سەھەردە دەرىزىدىن قارىسام، ھويلىدىكى دەل-دەرەخلەر ئاق كورپە يېپىنىپتۇ. بىز بىر ياتاقتا توت كىشى يېتىپ قوپاتتۇق، ياتىغىمىز قىزلار ياتىغىغا يېقىن ئىدى.

مەن ساۋاقداشلىرىمغا «قىزلارغا قارلىق يازمايلىمىز» دىگەن ئىدىم، دەرىزە يېنىدا ياتقان ئابدى ئىسىملىك بىر دوستۇم «تېز بول، سەن يازمىساڭ ئوزەم يازىمەن» دەپ مېنى ئالدىراتتى. بىزئۇنى «ئابدى سىلىق» دەپ ئاتايتتۇق. ئابدى قىزلار بىلەن سوزلىشىشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ قىزلار بىلەن بىمالال قولتۇقلىشىپ ئالاتتى — دە، كىنو-تىياتىرلارغا باراتتى، ئويۇنلارغا ئېلىپ چۇشەتتى، لېكىن ئۇ ناھايىتى ساپ، كوڭلى ئوچۇق يىگىت ئىدى.

ئېھتىمال قىزلار ئۇنى ئەشۇ خىسلىتى ئۇچۇنمۇ ياخشى كورۇشەتتى، ھورمەت قىلىشاتتى.

شۇنداق قىلىپ «قارلىق» يېزىشقا كىرىشتىم. ھەمراھلىرىمدىن بىرى ماڭا «پولو ياز» دىسە، يەنە بىرى «پولو ئەمەس، مانتا ياز» دەيتتى. ئۇچىنچىسى بولسا «مانتا دەپ شۇلىمىگەيلىرىڭنى ئاققۇزماي، ياخشىسى دوپپا ياز، دوپپا» دەپ چوقان سالاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەن ئۇ چاغلاردا 22 ياشلاردا ئىدىم، جېنىم تېنىمگە سىغمايتتى.

— توغرا، ياشلىقىمدا ئۇلگۈردەك شوخ ئىدىم، — ئەزىم گەپ قىستۇرۇپ قويدى. لېكىن ئۆتكەن خىيالى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن قورقتىمۇ، سۆزىنى توختاتماستىن داۋام ئەتتى:

— مەن كۆپ نەرسىلەرنى خالايتتىم — يۇ، ئەمما نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم، راستىنى ئېيتسام، ئاغىنە، ئۇ چاغلاردا تاغنى ئۆرۈۋەتكىدەك شىجائىتىم بار ئىدى. «قارلىق» يېزىۋاتقىنىمدا ساۋاقداشلىرىمنىڭ بايىقى سۆزلىرى دىتىمگە ئانچە ياقمىدى. مەن كىمدىندۇر ئاڭلىغان ۋە شۇ ۋاقىتتا تۇساتتىن ئېسىمگە كېلىپ قالغان «قولياغلىقچە، ئۇ بىلەن قول تەگمىگەن غۇنچە» دېگەن سۆزلەرنى يازدىم — دە، ئويلاپمۇ ئولتۇرماي توغرا كەلگەن قىزلار ياتىقىغا يۈرۈلدۈم ۋە ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىك ئېچىلدى، ئىككى قەدەم تاشلاپلا ياتاققا كىردىم. ئىشىك يېنىدا ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل كەلگەن، كۆزلىرى ئويناق ۋە جىلۋىلىك بىر قىز تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى يىپەك ئىچ كوينىكى تەتۈر كىيىلگەنلىكىدىن چاكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باشقا قىزلار كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن يوشۇرماي يوتقانلىرىغا پۈركۈنۈپ يېتىشاتتى. مەن «خوش، نېمە خىزمەت؟» دېگەندەك قاراپ تۇرغان بايىقى قىزغا «مانا تۇتۇڭ» بۇ سىزگە «قارلىق» دېگىنىمچە خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ياتاقتىن چىقىپ قاچتىم.

— نازىلىيە، قوغلا..... ئارقىسىدىن يەت! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ يوتقانلىرىغا پۈركۈنۈپ ياتقان ھېلىقى قىزلارنىڭ خىتاپلىرى ئىدى. بىراق نازىلىيە نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەن بولسا كېرەك، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، ماڭا قارىغانچە تۇرۇپ قالدى.

— يامان يېرى، ئۇ مېنى قوغلىغىدەك كە-

يېنىمگە ئىدى — دە،

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەن ئىدى. نازىلىيەگە ياتاقنىڭ ئالدىدا دۈچ كېلىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «بوھساپ ئەمەس» سىز بىزنى غەپلەتتە قالدۇردىڭىز»، — دېدى ۋە يېقىملىقلىقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ ماڭا شۇنچىلىك يېقىپ كەتتىكى، ئۆزىمۇ كۆزۈمگە شۇنداق نازىنىن كۆرۈندى. قىيغىن، شۇكۈندىن باشلاپ نازىلىيە ماڭا يېقىملىق قارايدىغان، ئىللىققىنا سالام بېرىدىغان، ھەربىر سۆزى قايماقتەك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كېچىلىرىچۇ؟ كېچىلىرى نازىلىيەنىڭ كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەس، ماڭا تېنچلىقىمۇ بەرمەس ئىدى. نازىلىيە... ئاھ، قانداق گۈزەل نام! بۇ نام ئۆزىگە قانداق ماس كەلگەن — ھە! «ناز» سۆزىدىن ئېلىنغان — دە، دەپ قانداقتۇر بىر خۇشاللىق ۋە ئىھتىراس بىلەن خورسىنىپ كېتەتتىم. تۈن بويى نازىلىيەنى ئويلاپ، ئۇخلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئەتىسى ناھايىتى خامۇش قوپاتتىم.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. كىمدۇر ئىشىكنى قاقتى. مەن «مۇمكىن» دېگەن ئىدىم، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا نازىلىيە كىرىپ كەلدى. ياتاقتا يالغۇز ئىدىم. نازىلىيە ئىشىكتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا كارۋاتتىن سەكرەپ تۇردۇم ۋە يالاڭياق ئۇنى قارشى ئالدىم. قارا، ئەشۇ پەيتتە پۈتۈنلەي بىرەر نەرسە كىيىشمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ — ھە. ئەي دوستۇم، ئۇ ۋاقىتلاردا ئاياق بىلەن ئەمەس، بېشىم بىلەنمۇ يۈرۈشكە تەييار ئىدىم.

«بىر ئۆزىڭىزغۇ، ياتاقداشلىرىڭىز قېنى؟» دېدى شۇ پەيتتە نازىلىيە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ. مەن ياتاقداشلىرىمنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. نازىلىيە بىرەر نەرسىدىن خاۋاتىرلەنگەندەك، ئۇياق-بۇياققا كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ، «مانا قارلىقنىڭ ئەجراسى» دېدى قەغەزگە ئورالغان بىر نەر-

سىنى ماڭا بېرىپ، ئېچىپ قارىسام، كەشتىلەنگەن شايى قولياغلىق ئىكەن. مەن ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بەنت ئىدىم. نازىلىيە: «قارلىقنىڭ بىرشەرتىنى ئورۇنلىدۇم. ئىككىنچى شەرتى...» دېدى-دە، ئۇيالغىنىچە تەبەسسۇم بىلەن يەرگە قارىدى. مەن قولياغلىقنى تەشەككۈر بىلەن قوبۇل قىلدىم. نازىلىيە كوپ ئولتۇرمىدى. قانچە ئىلتىماس قىلسامۇ، ئاداشلىرى كۈتۈۋاتقانلىقىنى باناقىلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن كېتىۋېتىپ، ئۇ يەنە يېقىملىققىنا كۈلۈمسىرەشنى ماڭا ھەدىيە قىلدى ۋە نازلىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ ئىشق داستانلىرىمۇ باشلىنىپ كەتتى دېگىن؟ — گەپ قىستۇردى ئەزىم.

— ھەئە ئاغىنە شۇنداق بولدى، — دېدى ئوكتەم قانداقتۇ پۇشايمان ئاھاڭىدا، — بىز تېز-تېز ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق.

تۇم قاراڭغۇ كېچە، ئىككىمىز ئۈچۈنمۇ بەختلىك كېچە ئىدى. مەن نازىلىيە بىلەن بىرگە بولۇۋاتقانلىقىمدىن، يۈرۈگۈمىزمۇ بىر مۇقامدا سوقۇۋاتقانلىقىمدىن، ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇۋاتقانلىقىمدىن چەكسىز خۇشال ئىدىم. مەن نازىلىيەنىڭ نېمىشقىدۇ تېز-تېز تىترەۋاتقان ئۇماق ۋە ئىسسىق بارماقلىرىنى سىقىپ، خۇشاللىقىمدىن تىرەمگە سىغماي ئولتۇراتتىم.

بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ دىدارىغا تويۇشمايتتۇق، ھەرئىككىمىزغا يەت بەختلىك ئىدۇق.

شۇ پەيتتە، يېنىمىزغا تۇرقى ھەيۋەتلىك بىرگەۋدە پەيدا بولدى. ئۇ قانداقتۇ ياسىما خەيرىخاھلىق بىلەن: «ھارماڭلار، بەختلىك بولۇڭلار» دېدى. نازىلىيە بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قانچىلىك تىترەپ كەتكەنلىكىنى مەنمۇ سەزدىم.

— سىزنى ئوقۇپ يۈرۈيدۇ دېسەم...، — دېدى ئۇ يەنە ۋەزمىن، لېكىن قانداقتۇ دەھشەتلىك بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

نازىلىيە ئاڭا جاۋابەن «ھە-ھە ئۇزەم... شۇ-شۇنداق...» دەپ تىترەپ تۇرغاندا «ھە، شۇنداقمىدى...» دېگىنىچە يىگىت نازىلىيەگە يېقىنلاشتى. نازىلىيە ئۇنىڭ قەدەم تاشلىشىغىلا چىقىرىدى-دە، شاپىلاق زەربىسىدىن تەلپەكتەك غولاپ چۈشتى.

كۆتۈلمىگەن ۋەزىيەتتىن مەنمۇ سەراسىمگە چۈشتۈم.

مەن نازىلىيەگە ياردەم بېرىشنىمۇ، يېنىدا تېچ قاراپ تۇرغان كىشىگە تاشلىنىشنىمۇ بىلمەيتتىم. قاراڭغۇ كېچىدە مەن ئۇنەڭغا تىك قارىيالماي، بېشىمنى ئېگىپ تۇراتتىم. شۇ پەيت «تاتلىقىم» تەستەكىنىڭ قانداق قىلىپ چېكەمگە تەككەنلىكىنى بىلمەي قالدىم، پەقەت كوزلىرىمدىن ياش ئۇچقۇنلاپ چاقناپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە.... شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ ياتىقىمىزغا كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن.

— راسا باپلاپتۇغۇ، ئەزىمەت.

— قويغىن، راسا.

ئەزەم قورۇق چۈشكەن پىشانىسىنى ئالقىنى بىلەن ئۇگۇلاپ، بىر چېكىنىشە يىلۇق، — دېدى. ئوكتەم ئۇنىڭ ئۇزاتقان پاپىروسىدىن بىرنى ئېلىپ ئۈن — تىنسىز چېكىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر ئىككىسى بىرمىنۇتچە جىمىپ قېلىشتى، ئوكتەم كېيىن يەنە سوزىنى داۋام قىلدى:

— كېيىن بىلسەم بۇ يىگىت نازىلىيەنىڭ ئېرى بولۇپ، ئىسمى ئەلى تاشمەتوۋ، ئۆزى مال دوختۇرى ئىكەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر نەچچە كۈن دەرسكىمۇ بارماي يۈردۈم، ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق — دە!

— خوش، نازىلىيەخانچۇ؟

— نازىلىيەمۇ شۇنداق بولدى، — دېدى ئويلىنىپ ئوكتەم. ئۇ بەش-ئالتە كۈن قاتتىق ئاغرىپ چەكتى-يۇ، كېيىن ئۆزىنى تو-

توپ ئالدى ۋە ماڭا ئاۋالقىدىنمۇ ئىللىقراق، نازلىنىپراق بەزەر تاشلايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن مەنمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتىم. كۈنلەر، ئايلار قانداق ئۆتكەنلىگىنى بىلمەيتتىم. شۇنداق قىلىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز نىكاھدىن ئۆتتۇق.

ئابدى ۋە باشقا دوستلىرىمنىڭ كايىشلىرىمۇ ماڭا تەسىر قىلمىدى. ئاتا-ئانام ئورنىغا قالغان ۋە مېنى تەربىيلەپ ئادەم قىلغان تاغام بولسا ئۆيلىنىشىمنىڭ تارىخىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەنگەنلىگى ئۈچۈن تىرىكىپ كەتتى-دە، ئارىنى ئۈزدى.

نىكاھدىن ئۆتكىنىمىزگە بىر ئاي بولغان ئىدى، كۈندۈزى سائەت 3-4لەردە قانداق كىنولارنى قويىۋاتقانلىغىنى ئوقۇپ كېلىۋاتاتتىم. توت كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك يېنىدا بىر كىشى مېنى توختاشقا ئىشارە قىلدى. ئۇ گورۇي كەلگەن، تىنى ساغلام، يەلكىلىرى كەڭ ئوتتۇز ياشلاردىكى قارامتۇل بىر يىگىت ئىدى. يۈزلىرىدە چېچەكنىڭ ئىزلىرى قالغان بولۇپ، ياشۋاقتىدا كۆيۈپكەتكەنمۇ، ئەيتاۋۇر مەڭزىدە چوڭقۇر داغ ئىزى بار ئىدى. مەن ئىچىمدە بۇ كىمدۇ، قەيەردە تونۇشۇپ قالغانىدىمەن، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ سەپ سالاتتىم، ئۇمۇ ئۆتكۈر كوزلىرى بىلەن ماڭا قارايتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى، ھەتتا قاراشلىرى ماڭا تونۇشتەك قىلسىمۇ، ئەمما ئەسلىيەلمەيتتىم.

— يىگىت، — دېدى ئۇ ماڭا ۋەزمىن ئاھاڭدا، — ئېيتىڭچۇ، سىز نازىلىيەنى مەندىنمۇ كۈچلۈكرەك سۆيەرمىدىڭىز؟ بۇ كىشىنىڭ كىملىگىنى مەن ئەمدى بىلدىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا تىك قارىيالماستىن يەرگە قارىدىم ۋە سوز تاپالماي بىر ئاز جىم تۇرۇپ قالدىم.

— سويمەسەم ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەستىم، — دېدىم، كېيىن كەسكىن قىلىپ. ئۇ ماڭا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كوزلىرى بىلەن قاراپ قويدى. بىردىنلا ھەر ئىككىمىز جىمىپ قالدۇق.

بۇجىمجىتلىقنى يەنە ئۇ بۇزدى:

— ھەممە يىلى بەختلىك بولۇڭ، — دېدى ۋە قارشى تەرەپكە كەينىگىمۇ قارىماي يۈرۈپ كەتتى. بۇ يىگىت مېنىڭ رەقىبىم بولۇشى بىلەن بىللە، مەندە چەكسىز ھورمەت قوزغاپ، ئۇنى ھەر جەھەتتە ئۆزەمدىن ئۈستۈن ھىس قىلدىم. لېكىن ئۇ كۆنلىرى مەن نازىلىيەسىز ياشىيالمايتتىم، ياق ياشىيالمايتتىم.

❖ ❖ ❖

— كېيىنچۇ، — سوردى ئەزەم يېقىملىق ئاھاڭدا،

— شۇنىڭدىن كېيىن.... شۇنىڭدىن كېيىن يۈرەك ئوتلىرى قىسمەن ھارارەتتىن چۈشۈشكە باشلىدى، مەن كوزۈمنى ئېچىپ ئەتراپىمغا قارىدىم-دە، ئويلاندىم: توغرا قىلدىممۇ؟ ئەگەر ناتوغرا قىلغان بولسامچۇ.....؟ بۇ سوغۇق پىكىردىن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. لېكىن مەن ئۆزەمنى دالدىلىغاقا ئۇنىدىدىم ۋە كاللامدا پەيدا بولغان بۇ پىكىرلەرنى ھەيدەشكە ئۇرۇندىم.

لېكىن مەن خاتىرجەم بولالمىدىم، "— نېمىشقا باشقا بىر كىشىنىڭ خوتۇنىنى يولدىن ئازدۇردۇم، نېمىشقا ئۆزەمدىن چوڭ خوتۇنغا ئۆيلەندىم، بۇ نېمە ئۈچۈن!...." دېگەن سوراق بىرىنچى قېتىم خىيالىمدىن ئۆتتى ۋە شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا قانداقتۇر سەسكىنىپ كەتتىم، مەن يەنە ئۆز پىكرىمدىن قاچتىم، ئۇنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇندىم.

لېكىن بۇ پىكىر يەنە مېڭەمگە يۇشۇرۇنچە ئىچكىرلەپ كىرىپ تىنچلىغىمنى بۇزاتتى.

"نېمە ئۈچۈن ئاينىتتىم، نېمە ئۈچۈن؟" دېگەن ئويى كېلىشىگىلا، "ياق، سەن ئاينىتمىدىڭ ئۆزىدىن بولدى، ئۆزىدىن، ئۇ سېنى ئاينىتتىمۇ...." دېگەن ئاۋاز ماڭا تەسەللى بېرەتتى ۋە مېنى ئاقلاشقا ئۇرۇناتتى.

مەن قارىمۇ- قارشى پىكىرلەرگە چو-
مۇلۇپ تۇرغىنىمدا يەنە باياقى ئاۋاز: «بى-
كار قىلادىكەن، ياخشى ئىش قىلمىدىڭ. ئۆزەڭدىن
چوڭ ئايالغا ئۆيلەندىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە
بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلدىڭ، ئېيتە، بۇ-
نىمە ئۈچۈن، جاۋاپ بەر»، دەيتتى ماڭا.

ئوكتەـــم پاپىروسىنى ئاخىرىغىچە چېكىپ
بولدى ۋە دەزماللانغان شـــايى كاستيۇمىغا
پاپىروس كولى چۈشۈپ كەتتىمۇ نىمە، ئۇنى
پىرجەك ۋە شىمىدىن بارماقلىرى بىلەن چىر-
تىپ چۈشۈردى. كېيىن گەۋدىسىنى رۇسلى-
دى-دە، داۋام قىلدى:

ـ نازىلىيەنىڭ ئاجايىپ ھۆسنى- جامالى
قانچىلىك گۈزەل بولسا، ئىچكى دۇنياسىمۇ
شۇنچىلىك بىمەنى ۋە پەس ئىكەنلىگى ماڭا
بارا-بارا روشەن بولۇشقا باشلىدى. كېيىن-
كى كۈنلەردە بولسا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاۋال-
قىدەك جان ئالغۇچى جەزىبىلىك لجانان ئە-
مەس، بەلكى زاھايىتى خۇنۇكتەك كورۈنۈش-
كە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەزىلەتلىرى
نەزىرىمدە ئەمدى ئەيىۋى بولۇپ كورۈنەت-
تى. «قاراڭ، ئۇنىڭ رەڭگى قانچىلىك سول-
غۇن، كۈلۈشلىرىمۇ ئۆزىگـــە ياراشمايدىغۇ»
دەيتتىم ئۆز- ئۆزەمگە. كوڭلۈم نازىلىيەدىن
ئەنە شۇنداق سوۋۇپ كېتىۋاتقان كۈز كۈن-
لىرى ئۇرۇش باشلاندى. كوپ ئوتمەي ئىنىس-
تىتوتىمىز بىلەن خەيرلەشتىم.

ئون توت ئاي فرونتتا بولدۇم. ئۇرۇش
دىگەن ئۇرۇشتە، دوستۇم، بېشىمىزدىن نىمە
كۈنلەر كەچمىدى، دەيسەن.

1942ـ يىلى باھار ئايلىرى ئىدى. خار-
كوۋ ئاستانىلىرىدا شىددەتلىك جەڭلەر بو-
لۇۋاتاتتى. دۈشمەن ئۇلۇمگە قارىماي ھـــۇ-
جۇم ئۈستىگە ھـــۇجۇم قىلاتتى. ئەشۇ كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە ئېغىر يارىدار بولغان بىر
سولداتنى ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىقتىم. ئۇ
ئاپتوماتىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ئالغان
ئىدى. مەن ئۇنى يەلكەمدە بېلىقتەك تول-
غۇنۇپ ئېلىپ كەلمەكتە ئىدىم. ئۇنىڭ ئې-
غىزىدىن توختىماي كېلىۋاتقان قان بوينۇمغا
ئېقىپ چۈشەتتى.

بىرۋاقىتلاردا قارىسام بۇ يارىدار سولدات
قانداقتۇ تىتىرەش بىلەن بېشىنى يەلكەمگە
تاشلىدى. ئـــۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى.
مەن ئۇنى ئاۋايلاپ يەلكەمدىن چۈشۈردۇم.
ئۇنىڭغا بىرئاز ياردەم بەرمەكچى بولدۇم.

بىز دەھشەتلىك ئوت ئىچىدىن سەل چەت-
كە چىقىپ ئالغان ئىدۇق. مەن ئۇنىڭغا تە-
سەللى بېرىپ، «ئەمدى قورقما، ياخشى بو-
لۇپ كېتىسەن» دىدىم. خىيالىمدا ئۇ، كۆ-
لۈمسىرىگەندەك بولدى، بۇماڭا «بىكارتەش-
ۋىشلەنمە، مـــەن ئۆز ئىشىمنى قىلدىم» دە-
ۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇماڭا سىنچىلاپ قا-
راۋېتىپ، تۇساتتىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى باي-
قى كۈلۈمسىرەش غەزەپ ۋە يىرگىنىچ بىلەن
ئالماشتى. شۇئان ئۇ يۈزىنى مەندىن ئورى-
دى. مەن ھېچنەرسىگە چۈشىنەلمىدىم. مې-
نىڭ خالىس نىيىتىم ئۇنىڭغا قولۇمدىن كې-
لىشىچە ياردەم بېرىش ئىدى. ئۇ بولسا مەن-
دىن يۈزىنى ئورۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
شۇنداق ۋاقىتتا ھە! ئۇنىڭغا يېنىمدىكى سۇ-
داندىن سۇ بەردىم. ئۇ بەرگەن سۇيۇمنى ئى-
چىشتىنمۇ باش تارتتى. زومۇ-زو بولسىمۇ سۇ-
داننى ئاغزىغا تىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا
ئۇ تەشنالىق بىلەن سۇنى ئىچىشكە باشلىدى.
سۇدىن قېنىپ ئىچـــكەندىن كېيىن يارىدار
ئۆزىنى يېنىك سەزگەندەك بولدى. شۇۋاقىت-
تا ئۇ ماڭا دوستانە باقتى. مەن ئەجەپلەندىم
ۋە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدىم. قارى-
سام يۈزلىرى چوقۇر، مەڭزىدە چوڭقۇر كو-
يۈك ئىزى. مەن لال بولۇپ جايىمدا قېتىپ
قالدىم... ئالدىمدا نازىلىيەنىڭ بـــۇرۇنقى
ئېرى، مېنىڭ رەقىبىم ئەلى تاشمەتوۋ تۇ-
راتتى. ئەلى ئاكا، ئـــەلى ئاكا...، مەن يىغ-
لامسىرىغىنىمچە ئـــۇنىڭ قانۋە لايغا مى-
لەنگەن پىشانە ۋە يۈزلىرىدىن سويۈپ كەت-

تتىم. ئەلى ماڭا دوستانە تىكىلدى ۋە ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقان جانسىز، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قولۇمنى سىقتى. ئۇ قانداقتۇر قۇۋۋەتكە كېلىپ ماڭا «نازىلىيەن... مەن ...سۇ ......» دە...دى.

مەن چۈشەندىم: بۇ ئۇنىڭ «نازىلىيەنى مەنمۇ سۆيەتتىم» دېگىنى ئىدى. ئۇكتەم سۆز قىلالماي بىرئاز جىم تۇردى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ تېزلەشتى.

— مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بىرى يىغلىغىنىمنى بىلمەيمەن، — ئۇ ئېغىر خورسىنىش بىلەن داۋام قىلدى، — لېكىن بۇۋەقە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى، تۇرالمىدىم، پۈتۈن باغرىم قانغا تولدى، قانغا. ئىسمىنى ئېيتاي دوستۇم، مەن شۇچاغدا قان يىغلىدىم، قان...

— ئۇ باھادىر يىگىت ئىدى، — داۋام قىلدى ئۇكتەم، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، — مېنى ئەيىپلىدى ھەم كەچۈردى. ھايات بىلەن ئەبەدىي خوشلىشىۋېتىپ، ئەلى يەنە «ناز...» دەۋالدى.

... ئېھتىمال، شۇچاغدا ئۇ نازىلىيەنىمۇ كەچۈرگەندۇ. ئاھ، نازىلىيەنى بىركۆرمەي كەتتىم- دەپ ھەسرەت چەككەندۇ. ئىمىشقا نازىلىيەنىڭ قۇچىقىدا جان بەرمىدىم، دەپ ئارمان قىلغاندۇر. ئېھتىمال، ئۇ ماڭا «نازىلىيەنى خارقىلما، زار يىغلاتما» دەپ ۋەسىيەت قىلغاندۇر. بەلكى ئۇ مېنى كەچۈرۈپ: «ئەيىپ سەندە ئەمەس، نازىلىيەدە» دېگەندۇر، نازىلىيەگە نەپرەتلەر ئېيتقاندۇر. ھەرھالدا بۇمەسىلە ماڭا قاراڭغۇلۇقچە قالدى. لېكىن ئۇ نازىلىيەنى سۆيەتتى، ئاجايىپ، يۈكسەك قەلبى بىلەن سۆيەتتى، بۇماڭا ئېنىق ئىدى.

ئەلى ئۆزسۆيگۈسىگە سادىق ئالىجاناپ ۋەمەرت كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆكسىدىكى ئىككى «قىزىل يۇلتۇز» ۋە «شان- شەرەپ» ئوردېنلىرى ئۆز قېنىغا بويالغىنىچە جاسارەت ۋە مەردلىك گۇۋاھى بولۇپ پارلاپ تۇراتتى.

— كېيىنكى قىسقىسى، — تاشكەنتچە مەخمەل دوپپىسىنى ئۈستىگە سۈرۈپ قويۇپ، پېشانىسىنى سىلىغىنىچە جىددى داۋام قىلدى ئۇ، — قايسى فرونتتا بولماي ئىشقىلىپ قولۇمدىن كەلگىنىچە جەڭ قىلدىم. دوستۇم ئەلىنىڭ قىساسىنى، ئەلىگە ئوخشاشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرەشتىم. «قىزىل بايراق»، «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنلىرى ۋە يەنە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلاندىم، ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ۋزۋوت كوماندىرى ئىدىم. لېكىن ستالىنگراد جەڭلىرىگە كېلىپ بىزنىڭمۇ ئامەتىمىز تەتۈر كەلدى. ئېغىر يارىدار بولۇپ قالدىم. 5 ئاي ھەربى دوختۇرخانىدىكى ساناتورىيىدە يېتىپ، ئاندىن جانەجان پوزىتسىيىمىزگە قايتتىم. — ئېسىمدە، — ئۇكتەم پاپىروسىنى بىرشۇراپ، قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئويلىنىپ تۇردى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەشۇ فرونتتا بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا كىشىلەر ئۆزخوتۇنى ياكى سۆيگۈنىدىن خەت ئالغانلىرىدا كۆز ياشلىرى بىلەن ئوقۇپ- ئوقۇپ ئوقۇشاتتى. مەن ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كۈلەتتىم، تۇرۇپ ئەجەپلەنەتتىم. مەن نازىلىيەدىن كەلگەن خەتلەرنى يىغىپ، 2-3گە بىرقېتىم بىر- بىرىگە باغلاشمايدىغان 4ئېغىز سۆز بىلەن خەت يازاتتىم. شۇنىڭغىمۇ گەپ تاپالماي قىيىنىلاتتىم.

شۇنداق قىلىپ مەن فرونتتىن نازىلىيەگە بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ قايتتىم.

1947- يىلى ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈردۈم. نازىلىيە ئاياللار بولۇم دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئىشقا تەيىنلەندىم. كېيىن بىلسەم، مېنىڭ ئىشقا تەيىنلىنىشىمدىمۇ نازىلىيەنىڭ ھەسسىسى بار ئىكەن. مەن ئەسلى يېراققىراق كەتمەكچى ئىدىم.

مەن ئۇيگە قايتقىنىمدا بەزىدە كۈتۈلمىگەن تەنىلەرگە دۇچ كېلەتتىم: «ھە، نىمىشقا زوھرەگە ئىككىلىنىپ قارىدىڭ، نىمە ئۈچۈن يىگىتلىرىنىڭ پىيادۇرۇنىغا ھىجىيىپ قويىدۇڭ، نىمىشقا گۈلسىناي ئىشخاناڭدا كوپھايال بولۇپ قالدى، نىمىشقا خالىنىسا يەندىن كوزىنى ئۈزمەيدۇ» دىگەنگە ئوخشاش سوراقلار ئارقا- ئارقىدىن يىغىپ كېتەتتى.

ئۇكتەم ئەپسۇسلانغاندەك «ئۇھ» تارتىپ قويىدى.

— بۇنداق ئاساسسىز تەنبىھلەرگە دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەھمىيەت بېرمەيتتىم ۋە ئاچچىغىمنى بىلەن گۇناھسىزلىغىمنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتىم. نازىلىيە ئىككى قاتار تىللا چىشلىرىنى كورسىتىپ «بىلىمىز، بىلىمىز، سىز ئاپپاقسىز» دەپ ھىجىيىپ قوياتتى. «سوزۇمگە ئىشىنىڭ نازىلىيەخان، گۇمانلىرىڭىز مۇتلەق ئاساسسىز» دەيتتىم مەن نازىلىيەنىڭ مەسخىرە بىلەن كۈلۈشلىرىدىن غەزەپلىنىپ.

— راسا، روھى ئازاپ بېرىپتۇ- دە؟

— راسا، كىمنىڭ ئالدىغا كىرگىنىمنى، كىم مېنىڭ ئالدىمغا كىرگىنىنى، كوچىلاردا كىم بىلەن ۋە قانداق قىلىپ سالاملاشقىنىمنى قىسقىسى ھەممىسىنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. بەزىدە ئىش ۋاقتىدا قېشىمغا كېلەتتى- دە، سائەتلەپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇزىمۇ ئىشتىن قالاتتى، مېنىمۇ ئىشتىن قوياتتى.

ئەگەر ئۇيگە سەل كېچىكىپ كەلسەم، بىرەر ئايال بىلەن ئۈچۈرۈق چىراي سوزلەشۋاتقىنىمغا كۆزى چۈشسە، بولدى- دە، ئۇ كۈنى ماجرا تېرىيتتى. بەزى كۈنلىرى تاڭ ئاتقىچە جەڭگى- جىدەل قىلاتتى.

بېرىپ- بېرىپ بۇنداق تەشۋىش جانغا تەگدى. ئەلەمدىن غەزىۋىم قوزغالدى. بۇنداق چاغلاردا ئەلى پاجەسىمۇ ئەسكە چۈشەتتى. شۇنداق قىلىپ غەزەپ ئۇستىگە نەپرەت قوشۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئوپېراتسىيەلەرمۇ كوڭۇلدىكىدەك چىقماي يىتتى.

خىيال بىر يەردە بولمىغاچقا ئىش قانداق بولماقچى دەيسەن، دوستۇم.

— ئاغىنە، ماڭا قارا، قىزدىق گەپلەرنى قىلىپ بېراتىسەن، خۇدا ھەققى ناھايىتى قىزىق، — دېدى ئەزىم، — لېكىن بىر ئاز دەم ئال، كەل، يەنە بىر نەرسە بۇيرۇيلى، — دېدى ئەزىم كىچىك قوي كوزلىرىنى ئويىنىتىپ.

— كەچكى تاماقنى ئويدە يەيمىز، ھازىر ھەممىسى يېتەرلىك بولدى، — دېدى ئىمىراز بىلدۇرۇپ ئۇكتەم، ئۇ ئالدىدىكى سۇۋۇپ قالغان زىخ كاۋىپىنىمۇ نېرىراققا سۇرۇپ قويىدى.

لېكىن ئەزىم بوش كەلمىدى، ئۇ مانتا بىلەن يەنە ئىككى شىشە پىۋە ئەكەلدۇردى. ئۇكتەمنىڭ ھەققەتەن ھېچ نەرسە يىگىسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئالدىدا تۇرغان مانتىدىن بىرنى يەپ، ئارقىدىن بىر ئىستىكان پىۋە ئىچىۋەتتى. كېيىن ئەزەمنىڭ زورلىشىغا قارىماي، ھەم يىمىدى ھەم ئىچمىدى.

— يىمىسەڭ، ئىچمىسەڭ، — دېدى ئەزەم ئېچىز لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، — باشلا، گەپ سېۋۈمەسەن.

ئۇكتەم ئەتراپىغا قارىۋالدى. ئاشخانىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئەمما كول بويلاپ سەيلى قىلىۋاتقانلار بولسا بارا- بارا كوپىيىۋاتاتتى. ئاتا- ئانىلار مەمنۇنلۇق بىلەن بالىلىرىنى قوللىرىدىن يېتىلەپ روھلۇق قەدەم تاشلاپ كېلىشەتتى. ئۇكتەم چىكىپ تۇرغان پاپىروسىنى بىر شورىدى- دە، كولدانغا تاشلىدى.

— نازىلىيە بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىمىز ئەنە شۇنداق ئىدى، — سوزىنى داۋام قىلدى ئۇكتەم، — بىر ۋاقىتلاردا كوزۇمگە پەرىشتە بولۇپ كورۇنگەن كىشىنى ئەمدى

«ھە، سەن ئەشۇ نازىلمىيە-دە» دەپ ئەيىپلەيتتىم. بۇ سۆزۈمدىن نازىلمىيەنىڭ پىغانى پەلەككە يېتەتتى، بوغۇلۇپ، چىرايى ئۆڭۈپ كېتەتتى، ئەگەر قولىدىن كەلسە مېنى غەزەپ ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈۋەتكىسى كېلەتتى.

— بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ بۇنچىلىك سوغۇق بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ — پەرزەنت يوقلىقى ئىدى. نازىلمىيە ئانا بولۇشتىن كۆرە، پەرداز بىلەن كىرىلىپ يۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

مېنىڭ ئۇنىڭغا بارا-بارا سوغۇق مۇئامىلەتتە بولىۋاتقانلىقىمنى سەزگەن نازىلمىيە ئەمدى مېنى تەقىپ ئاستىغا ئالمايدىغان، بەزىدە كەچ كەلسەم سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدىغان بولدى.

ئەمما بارا-بارا نازىلمىيە بەزىدە ئۆيگە كەلمەيدىغان قىلىق چىقىرىۋالدى. مەن دەررۇ قەدەم تاشلىشى ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا خوجىلىق بولۇمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۇرغۇنباي دېگەن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن قاتنايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ بالىلىرى بىلەن بويتاق قالغانلىقىنى بۇرۇن ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن «مىش-مىش»لەرگە ئىشەنمىدىم. تەكشۈرۈپ كۆردۈم: «مىش-مىش»لەر توغرا بولۇپ چىقتى. ئەمما مەن ھامان پەرۋاسىز ئىدىم. گويا بۇ ھادىسە نەزىرىمدە ئاللىقاچان سادىر بولۇشى كېرەكتەك ئىدى. «ياخشى بولدى، كەچرەك بولسىمۇ ياخشى بولدى» دېدىم شۇ چاغدا ئىچىمدە.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۆيگە كەلدىم-دە، بىرلا چامادانىمنى كۆتەرگىنىمچە كېتىپ قالدىم. شۇ كۈنى ئىشتىنمۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بوشانغان ئىدىم.

❖ ❖ ❖

شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. مەن تاشكەنت قىشلاقلىرىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىدە ۋراچ بولۇپ كەلدىم. ئەمدى شەھەردىن يۈز چاقىرىمچە ئۇزاقلاشقان ئىدىم ھەم مەن بۇنىڭغا سۆيۈندىم. دوختۇرخانا ھويلىسىدىن ماڭا ئازادىغىنە بىر ئېغىزلىق ئۆي بېرىشتى. ئۈستەل، ئورۇندۇق، كارۋات، كۆرپىلىرىگىچە ھەممىسى تەييار ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ باش ۋراچى زەردىپە مەھمۇدوۋا ئەشۇ قىشلاقلىق، قاتتىق قوللۇق ئىشچان ئايال ئىكەن. ئۇ ماڭا شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇنىڭغا يارىشا ئىشنىمۇ تەلەپ قىلدى.

— بىر چىكمىشە يلۇق، — دېدى ئەزەم سەلىققىنە.

— مەيلى، — دېدى ئۇكتەممۇ.

دوستلار چىكىشتى، پاپىروسنى چىكىپ بولغىچە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئويچان جىم ئولتۇرۇشتى.

— مېنىڭ ئۆيۈمنى دوختۇرخانا خادىملىرىدىن بىرى يۇيۇپ، تازىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئەسكى چىت كۆينەك، بېشىدا رەڭگى ئۆچكەن قىزىل شال[1] رومال، ئايىغىدا قۇيما رېزىنكە كالاچ بولۇپ، ياشقىنە بىر قىز ئىدى، 2-3 ئاي ئۇنىڭغا ئېتىۋارمۇ بەرمىدىم.

بەزىدە ئۆيگە كەلگىنىمدە، ئۇ تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەۋاتقان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ تەرگە چۆمگەن گۆدەك يۈزلىرىگە نەزەر تاشلاپ، ھە، ئەھۋالىڭ قانداق، چارچىغان بولساڭ، دەم ئال دەپ قوياتتىم.

— ياق چارچىمايمەن، — دەيتتى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

بىر كۈنى پېشىندە ئۆيگە كەلسەم، ئەشۇ قىز پول يۇيۇۋاتقان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ ئۇ گويا «نېمە قىلاي سىز چىقىپ تۇرامسىز ياكى سىز كەتكەندىن كېيىن كېلىپ يۇيايمۇ» دېگەندەك تىك قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزەڭنى كۆپ كايىتما، چارچىغان

بولساڭ دەم ئال، دېدىم-دە، ئىشىكنى سۈردۈم.

—ئېتىم قۇندۇز، —دېدى ئۇ ساددىغىنە قىلىپ جايىدا تىك تۇرغىنىچە.

—قۇندۇز، قۇندۇز، —دېدىم تەكرارلاپ مەنمۇ، —ياخشى نامىڭ بار ئىكەن، ھەم ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدىن ئۇيالدى بولغاي، ئۇ چەتكە بۇرۇلۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا، ئىشلەۋەر قۇندۇز، ئىشلەۋەر، مەن ئازراق دەم ئېلىپ كېتىمەن، —دېدىم ۋە چاپىنىمنى، بەتىنگەمنى سالدىم-دە، كارۋاتقا سوزۇلدۇم.

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. قۇندۇز پولنى ئاياللارغا خاس كۆركەملىك بىلەن يۇياتتى. مەن گاھى-گاھىدا ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتىم.

مەن جايىمدا يېتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا، —قۇندۇز، سەن نەچچە ياشقا كىردىڭ، دېدىم.

—ئونسەككىز، —دېدى ئۇ ساددىغىنە قىلىپ.

شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن ئايال كۈتكۈچى: —سىلەرگە يەنە بىرەر نەرسە كېرەكمۇ، —دەپ ئۆكتەمنىڭ سۆزىنى بولدى.

—ھازىرچە ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، كېرەك بولسا ئۆزىمىز ئېيتىمىز، —دېدى قاپىغىنى سېلىپ ئەزىم.

خىيالىم چېچىلدى، —دېدى ئۆكتەم، توختىغان يېرىدىن داۋام قىلىپ، —مەن ئۇنىڭغا تىترىگىنىمچە، قۇندۇز، چارچىغانسەن، ئولتۇر بىردەم پاراڭلىشايلۇق، —دېدىم.

—ياق، چارچىمايمەن، مەن ئۆگىنىپ كەتكەنمەن، —دېدى ئۇ دادىل تۇرۇپ، باشلىرىم چۆگىلۈپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى، شۇ ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭغا: —قۇندۇز ئېيتقىنە، ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭ بارمۇ؟ —دېدىم؛ ئاۋازلىرىم قانداقتۇر بوغۇلۇپ چىقتى.

قۇندۇز ماڭا جاۋاپمۇ بەرمەي، ئىشىنىمۇ چالا قالدۇرغىنىچە تاغ كېيىگىدەك قېچىپ چىقىپ كەتتى.

—توختا، ھېلى سېنى.... —دېدىم قېچىپ كېتىۋاتقان قۇندۇزنىڭ كەينىدىن، شۇندىن بىرى قۇندۇز مەندىن قېچىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۆيۈمنىمۇ مەن ئىشقا كەتكەندە تېز يۇيۇپ بولاتتى-دە، قاچاتتى.

قۇندۇز مەندىن ئىمكان قەدەر قېچىپ يۈرەتتى-يۇ، لېكىن بىرە-بىرە ماڭا قاراپمۇ قوياتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا دەررۇ نازىلىيە ۋەقەسىنى ئەسكە ئالاتتىم.

خىيالىمدا نازىلىيەنىڭ بېقىشلىرى بىلەن قۇندۇزنىڭ ھەيىن ۋە ساددا كۆز تىكىشلىرىنى سېلىشتۇردۇم. ياق، بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. قۇندۇزنىڭ قاراشلىرى، نازىلىيەنىڭ بېقىشلىرىدەك ئۇنداق نازلىق ۋە سېرلىق بولماستىن، قانداقتۇر يېقىملىق ۋە سېھىرلىك ئىدى. قۇندۇز ھەقىقەتەنمۇ ساددا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، سۆيگۈسى ۋە نەپرىتى، خوشاللىقى ۋە قايغۇسى—ھەممىسى شۇ ساددىلىقىغا مۇجەسسەم بولغاندەك ئىدى......

قۇندۇزنىڭ قاراشلىرى مېنىڭ ھاياتىمغا قانداقتۇر بىر بەخت-سائادەتنى ۋەدە قىلىۋاتقاندەك ئىدى. مېنىڭ بۇ قاراشلارغا، بۇنداق ساددا ۋە گۈزەل كۆزلەرگە ئىشەنمەستىن باشقا ئىلاجىم يوق ئىدى.

ئاخىرى بىز نىكاھ خېتى بېرىدىغان ئىدارىنىڭ بوسۇغىسىغا يارقىن ئۈمىتلەر بىلەن بىرگە قەدەم تاشلىدۇق......

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىز پەرزەنت كۆردۇق، قۇندۇز قىز تۇغدى.

قىزىمىزغا يۇلتۇز نامىنى بەردۇق. بالىغا ئاتا-ئانىسىنىڭ نامىلىرى بىلەن ئاھاڭداش قىلىپ ئىسىم قويۇش خەلقىمىزدە قە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىمىدىن تارتىپ بىر ئادەت.
يۇلتۇز ئىسىملىك قىزىمىز ئائىلىمىزگە
پەيزى قوشتى، ئۆيىمىزگە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە
قانداقتۇر ئاجايىپ روشەن بىر نۇر كىرىپ
كەلدى.

ئۆكتەمنىڭ ئاۋازى چاققان ۋە جا-
راڭلىق ئىدى. ئۇ زوقلۇنۇپ سوزلەيتتى، —
ئەشۇ يولتۇزىمىز ئوماققىنە پاقاچەكلىرى
بىلەن تېپىنىپ، ئۆزىچە نىمىلەرنىدۇر غىڭ-
شىپ كۈلۈپ ياتاتتى. مەن، يۇلتۇز نىمىلەر-
نى دەۋاتسەن قىزىم، دىسەم كىچىككىنە لەۋ-
لىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ "گو، گو" دەپ قوياتت-
ياتتى. "سەن مېنىڭ دادام...... سەن
مېنىڭ ئاتام، ئاتىجانىم بولىسەن" دىگە-
نىمىدۇ؟ كەپتەرنىڭ كوزلىرىدەك ئويناپ
تۇرغان كوزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ- تىكىلىپ
قارايتتى-دە، يەنە كۈلۈپ كېتەتتى. ھەي
شەيتانەي، ئەي شەيتانچاقەي دەيتتىم سۆ-
يۈنگەنلىگىمدىن، مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ
بويىنلىرىدىن، ئەڭگەكلىرىدىن پىراپ ئۆپكەن-
نىمدە، ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان غۇنچىدەك
تىللىرىنى چىقىرىپ تۇرۇشى ھەممىدىن قىز-
زىق-تە. ئۇنىڭدىن كېلىپ تۇرىدىغان قان-
داقتۇر ئۆزگىچە پۇراقچۇ؟ ئىخ، قانداق لەز-
زەتلىك ئۇ پۇراقلار، پەرزەنت پۇرىقى! قە-
لەمتۇرۇچتەك تىرناقلىرى بىلەن يۈزلىرىمنى
تىملاپ، بەزىدە شايى كاستويۇمىمنى شىرىق-
لىتىپ قويىسچۇ؟ يىرگەنمەي ھە-ە، شۇمتەك
دەپ كۈلۈپ، ئەنە قويۇسەن.

پەرزەنت مېھرى، ئەنە شۇنداق بولار
ئىكەن دوستۇم......دىدى ئۆكتەم مەمە-
نۇنلۇق بىلەن، — گەپىنىڭ قىسقىسى مەن ئۇنىڭ
بىلەن پۈتۈنلەي ئىرماش-چىرماش بولۇپ
كەتتىم.

ئىشتىن قايتقىنىمدا ئۇنى قىزىمغىمۇ
بەرمەي زوق بىلەن ئوينىتىپ يۈرەتتىم.

قىزىمنى سويۇش بىلەن بىرگە ئانىسى-
غا قاراپ كوزلىرىمگە ئىشەنمەيتتىم، ئۇ
كوزۇمگە دۇنيادا تېخى يوق گۈزەللەردىن
بولۇپ كورۇنەتتى. ئىمىشقا سىنى بۇرۇنراق
كورمىدىم، سەن قەيەردە ئىدىڭ، مەن سىنى،
پەقەت سىنىلا ئىزدەپ يۈرگەن ئىدىمغۇ.

ئاھ، بەختىمدىن ئايلىناي، ئاخىرى ئىز-
لىگىنىمنى تاپتىم......

شۇنداق قىلىپ ئىشلارمۇ، ئاغىنە، يۇ-
رۇشۇپ ۋىراچلىق نامىممۇ كەڭ تارقالدى.
ئاخىرى، مېنى يەنە تاشكەنتكە خىزمەتكە
تەكلىپ قىلىشتى.

قىسقىسى، ئەر - خوتۇن بو-
لۇپ ياشىغىنىمىزنىڭ 6- يىلى بولدى.
ھازىر ئۈچ قىزىمىز بار. ئۇلار بىر-بىر-
دىن ئوماق ۋەگوزەل. ئۇلارنىڭ گەپدان-
لىغىنى دىمەيسەن، تاڭسەھەردە ئۈچىلىسى
تىزرۇۋالدۇ-دە، خۇددى قۇچقاچتەك چۇرۇق-
لىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرىمۇ
بىر ھۇزۇر.

قىزىمىز 3 بالىنىڭ ئانىسى بولسىمۇ، ھا-
مان كەمگەپ، ئويناتچان، لېكىن ئۇنىڭ
قىزلىرى شۇنداق گەپدانكى، ئانىسىغا ھېچ
ئوخشىمايدۇ. لېكىن گەپدان بولغىنى بى-
لەن، تىللىرى شۇقەدەر شىرىن-شېكەركى،
قويغىن، بولۇپمۇ كىچىگى شاديا، تېخى 2
ياشقىمۇ كىرگىنى يوق، لېكىن ھەممىسىدىن
شەيتىنى شۇ، ئۇنىڭ "ئاددا، ئاددا"
دىيىشلىرى ئىشقا بارغىنىمدىمۇ قۇلاق تۇ-
ۋۇمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ئوتكەن يىلى با-
ھاردا ئاشقازىنىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن يې-
سىنتۇركىغا بارغان ئىدىم. ئۇنىڭ "ئاددا،
ئاددا" دىيىشلىرى يېسىنتۇركىغىمۇ يېتىپ
كەلدى دىگىنە. ئۇيقۇلىرىدىم ئارىسىدىمۇ
ئۇنىڭ "ئاددا، ئاددا" دىگەن جاراڭلىق ئا-
ۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرۇۋەردى-دە، 2
ھەپتە ئاران چىدىدىم. قويغىن، 3-ھەپتە-
دىلا ساناتورىيىمنى چالا تاشلاپ چىقىپ
كەتتىم.

خوتۇنۇمنىڭ كەم گەپلىگىنى بايا ئېيت-

قان ئىدىم. لېكىن ئۇ جىمغۇر بولغىنى بىلـ
لەن دائىم خۇشال-خورام يۈرىدۇ. بەزىدە
ئۇ ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئاستاغىنە ناخشا ئېيـ
تىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالىسىنى
بوشۇكتە تەۋرىتىپ ئېيتقان «ئەللەي» ناھا-
يىتى يېقىملىق، خۇددى بۇلبۇلنىڭ ئۇزىدە،
ئېھتىمال مېنىمۇ ئانام بۇۋاق ۋاقتىمدا
شۇنداق قىلىپ ئۇخلاتقاندۇر دەيمەن ئىـ
چىمدە، لېكىن ئۇ پەقەتلا بالىلىرى ئۈچۈن
ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ
مېنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىمۇ،
ئىش تامام، ئۇ شۇزامان ناخشا ئېيتىشـ
نى توختىتىۋالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن
ئۇنىڭغا، قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ ئاڭلايلۇق
دەيمەن.

—ھە، تېخى سىزمۇ ئاڭلاۋاتامسىز،—دەپ
ئۇ ماڭا قېيدايدۇ.

قىزىندۇزۇم كىچىككىنە قىزچاقلىرىم بىلەن
شۇنداق قىزىق بىر تىلدا سۆزلىشىدۇكى،
ھەيران قالىمەن، مەن ئىچىمدە، ئۇنىڭغا
بۇلبۇلگۇيا بولۇپ كەتكەن، دەيمەن مېيـ
غىمدا كۈلۈمسىرەپ.

بەزىدە ئىش بىلەن كېچىكىپ قالسام
ياكى دوستلارغا دۇچ كېلىپ قالسام ھايال
بولۇپ قالىمەن، بۇنداق ۋاقىتلاردا سوكۇلـ
دىغىنىمچە ئۆيگە ئادەتتىكىدىن تېزراق كې-
لىمەن. قىزىندۇزۇم مەيۈسقىنە مېنى كۈتۈپ
ئولتۇرغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈش
بىلەنلا يۈلتۇزدەك چاراقلاپ كېتىدۇ، بايـ
قى مەيۈسلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. يۈزلىـ
رىدە ماڭا تونۇش بولغان تەبەسسۇملار
ئوينىشقا باشلايدۇ.

بىراق ئۇ مەندىن نىمە قىلىپ يۈرگەنـ
لىكىمنى، نىمىشكە كېچىككەنلىكىمنى ھەرگىز
سورىمايدۇ. مېنىڭ ئۆيگە كېلىشىمدىن مەمـ
نۇن بولسا كېرەك، ئۇ يەنە ھەرقاچانقىدىـ
كىدەك بەخت قۇچىقىدا يانىدۇ. ئېھتىمال،
مەنسىز ئۇ ئۇزىنى تۇمۇرىدىن جۇدا بولـ

غان گۈلدەك ھىس قىلسا كېرەك. مېنىڭ
كېلىشىم بىلەنلا ئۇنىڭغا جان كىرىدۇ.

بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولدى:
توساتتىن، شەھەر ساقلىغىنى ساقلاش بۆلۈـ
مى مېنى ئىش ئۈستىدىلا چاقىرىپ، شەـ
ھەر چېتىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىنى
تەكشۈرۈشكە كومىسسىيە رەئىسى قىلىپ ئەـ
ۋەتتى. مەن ۋاقىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن
قىزىندۇزۇغا خەۋەر بېرەلمىدىم. ئىش كەچكە
سوزۇلدى. ئەشۇ دوختۇرخانىدا ۋىراچ بوـ
لۇپ ئىشلەۋاتقان دوستۇم ئابدى بىلەن
تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ بىچارە
فىرونتتا بىر قولىنى تاشلاپ كەلگەن ئىدى.
ئابدى سۇرخىدىن دەريادا ئىشلەيتتى، كەلـ
گىنىگە ئەمدىلا بىر ئاي بولغان ئىكەن.
نائىلاج ئۇنىڭكىدە قونۇپ قالدىم. قونۇـ
شۇم- قوندۇمۇ،كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئىـ
چىمنى ئىت تاتىلاپ چىقتى. كېچىنى كىرـ
پىك قاقماي بىئارام ئۆتكۈزدۈم ۋە تاڭ
سەھەردىلا يولغا چىقتىم، دوستۇمنىڭ ناشـ
تىلىقىغىمۇ قارىمىدىم.

مەن يۈگۈرگىنىمچە تىراموۋاي بېكىتىگە
كەلدىم. بەختىمگە قارشى تىراموۋايمۇ يوق
ئىكەن. ئۇنى كۈتۈشكە سەۋرىم چىدىمىدى.
ھېچنەرسىگە قارىماي پىيادىغا زور بەردىم.
مەن ئۆيگە كېلىشتە ماڭمىدىم، چاپتىم،
چاپتىم، چاپتىم ئەمەس ئۇچتۇم. تەخمىـ
نەن يىگىرمە چاقىرىم يولنى ھەش-پەش دىـ
گىچە بېسىپ ئۆيگە كەلدىم، ئۆيگە كىرسەم،
بىچارە قىزىندۇزۇم ھارغىن ۋە پەرىشان ئولـ
تۇرۇپتۇ، رەڭگى بىر كېچىدىلا سولۇپ قالـ
غاندەك ئىدى. يېتىن سىماسى مەيۈس ۋە
غەمكىن، گۈزەل كوزلىرى يولسا ئولتۇرۇـ
شۇپ كەتكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ، كېسەل
بولۇپ قالغانمىدۇ دەپ قورقۇپ كەتتىم ۋە
شۇ زامانلا ئۇنى باغرىمغا بېسىپ يۈزلىـ
رىدىن، كوزلىرىدىن سۆيۈپ كەتتىم، جېـ
نىم قىزىندۇزۇم ساقمۇ سەن، دىگىنىمچە ھاـ
سىرايتتىم.

قۇندۇزمىنى جاۋاپسىز قالدۇردى ۋە ھوڭرىگىنىچە ئىككى بىلىگى بىلەن بويىنۇمنى چىرماپ ئالدى ۋە بېشىنى كوكرىگىمگە قويۇپ قانداقتۇر ئەسەبىي تىترەش بىلەن "قە-قە-قەيەردە سىز، بارمۇ سىز" دىگەنىچە بوغۇلاتتى، ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ سوزلىرىنى پەقەت مەنلا چۈشىنەتتىم. "قەيەردە سىز، بارمۇ سىز" بار-يوقى ئىككى ئېغىز سوز-ھە...-

بۇ سوزلەر ھەم تەشۋىش، ھەم قورقۇنۇچ بىلەن تولغان ئىدى. قۇندۇز پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترىگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلايتتى، مېنىڭ بارلىغىم، يوقۇلۇپ كەتمىگىنىم ئۈچۈن شاتلىنىپ يىغلايتتى. مەن ئۇنى باغرىمغا باستىم، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان يۈزلىرىدىن قايتا-قايتا سويدۇم ۋە ئاران تىنچلاندۇردۇم.

ئوكتەمنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك جىلۋىلىنەتتى، ئۇ پاپروستىن بىرنى چېكىۋالدى. ئەزەم بولسا "غىڭ" قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇ ھەتتا پاپروسمۇ چەكمەيتتى.

— قۇندۇزۇم، — دەپ ئالدىرىماي سوزىنى داۋام قىلدى ئوكتەم، — ئۇ خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن بېشىدىن ئوتكۈزگەن تەشۋىشلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ چوڭ، بالىلارنىڭكىدەك ئۈمۈتۋار كوزلىرىدە ھامان بەختىيارلىق مەرۋايىت تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئۇ مېنىڭ ئويگە قايتىشىمنى يېرىم كېچىگىچە كۈتۈپتۇ، مەندىن دېرەك يوق. تاغامنىمۇ زاۋۇتتا، كەچلىك سىمىنىدىكى ئىشتا ئىكەن.

بىز تۇرمۇش قۇرغاندىن بېرى ھېچقاچان سەۋەپسىزلا بۇنداق ئۈن-تۈنسىز يوقىلىپ كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتە ئارتۇقچە كېچىكمەيدىم ئويدە بولاتتىم. ئۇ مېنىڭ بۇنداق دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىگىمنى كوروپ قىزلىرىغا، ئاتاڭغا بىر گەپ بولدى، بولمىسا، ئاللىقاچان ئويدە بولاتتى، دەپتۇ-دە، كىچىك قىزى شادىيانى قۇچىغىغا ئېلىپ ھەدرەگە بېرىپ، مېنى كوپ ئىزدەپتۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ بالىلارنى يەڭگەمگە قالدۇرۇپتۇ-دە، ئوزى يالغۇز تۈن-قاراڭغۇدا تاشكەنت بويلاپ مېنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا قۇندۇز تاشكەنتنى تېخى ياخشى بىلمەيتتى. شەھەرگە كەلگىنىمىزگە تېخى ئەمدىلا يېرىم يىل بولغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەش ياغاچتىن تەشمىگە، مەن ئىشلەيدىغان تەجرىبىخانىغىچە بېرىپتۇ، نوۋەتچى ۋىراچلار، ھەمشىرىلەردىن سۈرۈشتۈرسە، ئۇلارمۇ مەن توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتالماپتۇ، "ئېيتمىدىمىز، ئوكتەمگە بىر ئىش بولغان.... بۇلار ياكى ھېچنەرسىنى بىلمىشمىسە.....»، دەپ ئويلاپتۇ-دە، تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. قۇندۇز قايتىپ ھەدرەگە، ھەدرەدىن بولسا يەنە قايتىپ پىيادە تىراموۋاي ئىزىنى بويلاپ شەيخانەتاۋرا، ئاندىن ئوردىغا بېرىپتۇ.

— ھەي، بىچارە، راسا تەشۋىش يەپتۇ-دە، — دىدى ئەزەم بېشىنى چايقاپ.

— ھە، دوستۇم، ئۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ خىيالىدىن نىمىلەر ئوتمىگەن دەيسەن. قارا، مېنىڭ يوۋاشقىنە ۋەجىمغۇر قۇندۇزۇم قاراڭغۇ تۈندە تاشكەنتنىڭ يېرىمىنى پىيادە كېزىپ چىقىپتۇ. تاڭ يورۇي دىگەندە ئەمدىلا ئويگە قايتقان ئىكەن. شۇ ئاردا مەنمۇ ئويگە كېلىپ قالدىم.......

قۇندۇز تېچلاندى. نىمە دىگەن بولسام، ھەممىسىگە ئىشەندى. نازىلىيەدەك تەنلەرمۇ قىلمىدى. سوراقمۇ قىلمىدى.

— ئاھ، كىشىگە ئىشەنچ بىلدۈرۈش، — دىدى ھاياجان بىلەن ئوكتەم، — ئۇلۇغ ساداقەت. بۇنىڭ قەدرىگە يەتمەك كېرەك. كىشىگە ئىشەنچ قىلىشتىنمۇ ئۇلۇغ ساداقەت بولۇشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟! ياق، سەمىمى دوستلۇقنىڭ ئاساسىدا ھەر ۋاقىت ئىشەنچ ياتىدۇ. ئائىلىدە بۇ مەركىزىي مەسە-

له، ئىشەنچ يوقالدىمۇ، ئىش تامام، ھەممە بەختسىزلىكلەر شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى ئىت-مۈشۈكنىڭكىدەك بولۇشقا باشلايدۇ.

بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ئاساسى بەختى بىر-بىرىگە ئىشىنىشتە، ئىشەنچ بولسا باھار يامغۇرىدىن كېيىنلا يەرنى ئوز-ئوزىدىن يېرىپ چىقىدىغان ھوگۈز ئەمەس. ئائىلىدە يۈز بەرگەن كوڭۇل خىرەلىكىنى ئارىدىن كوتىرىۋېتىش، بۇ قىيىن ئىش.

ئاخىرى ئۇ، يىرىڭلىنىشقا باشلىغاندىلا شارتتىدە كېسىپ تاشلايدىغان يىگىلەپ قالغان غوزا ئەمەس.

ئەزەم ئويلىنىپ، جىم ئولتۇراتتى. ئۇ، ئوكتەمنىڭ كەچمىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى.

— ئەشۇ تاڭ ھامان ئېسىمدە، - كوتىرەڭگۈ روھ بىلەن داۋام قىلدى ئوكتەم، - بايا ئەيتقىنىمدەك، قىزىندۇزۇم تىنچلاندى. تىنچلانغانلىغى ئۈچۈن، پۈتۈن كوكسى بىلەن نەپەس ئالاتتى. تەبەسسۇم بىلەن ماڭا باقاتتى، خالاس....

مەن ئۇنى چۈشەندىم: "ئوزەڭ كەلدىڭغۇ-ئوزەڭ، ماڭا بەس..." دەيتتى ماڭا ئۇنىڭ كوزلىرى.

مانا مەن ساڭا ئوتمۈشۈمنى سوزلەپ بەردىم دوستۇم، - يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك دېدى ئوكتەم، - ئازلىسە بىلەن ئوتكەن ھاياتىمنى سوزلىدىم. قانچىلىك بەمەنى ھايات ئىدى ئۇ، ئەشۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەم ھازىرمۇ نەپرەتلىنىمەن. مەن ئىلگىرىمۇ ۋىراچ بولمىغىنىم بىلەن ئاددىغىنا ۋىراچلاردىن ئىدىم، - داۋام قىلدى ئوكتەم، - بۇنىڭغا پەقەتلا تەجرىبەمنىڭ كەملىگى سەۋەپ ئەمەس. ماڭا پەقەت يەڭگىل ئوپىراتسىيەلەرنىلا بېرىشەتتى. شۇڭا، چوڭ ئوپىراتسىيەلەر ۋاقتىدىمۇ قوللار تىترەيتتى. ئۇ ۋاقىتتا كوڭۇلمۇ خاتىرجەم ئەمەستى-دە، ئاغىنە.

ھازىر مۇرەككەپ، ئېغىر ئوپىراتسىيەلەر مېنىڭ زىممەمدە. ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن قانچە-قانچە كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدە تەبەسسۇم ئوينىغانلىغىنى كورۇش، يۈرەك قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان تەشەككۈرلىرىنى بەختلىك كوز ياشلىرى بىلەن ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى قەلبىدىن-قەلبكە يول سېلىپ ئوتىۋاتقان "ئاپىرىن" سوزلىرىنى بايقاش قاتارلىقلار ۋىراچ ئۈچۈن قانچىلىك يۈسەك مۇكاپات-ھە!... ئوكتەم بۇ سوزلەرنى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى.

قىزىندۇزۇم تىرىكچىلىك تەشۋىشلىرىگە قارىماي، كەچكى كۇرستا ئوقۇماقتا. بۇيىل ٩-سىنىپنى تۈگىتىدۇ. ئۇمۇ ۋىراچ بولماقچى.

— موجىزە...، - ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى ئەزەم، - شۇنداق گەپلەر بولىدىكى، ئۇنىڭ مېغىزىنى چېقىپ كورۇش كېرەك... شۇ ئارىدا دوستلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كول دەرۋازىسىدا سەممىي خوشلاشتى.

ئوزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئوركەش ئىبراھىم

(بېشى 31-بەتتە)

"سويما" دېسەڭ رەنجىمىدىم ھېچ،
يۈرۈگۈمدە قوزغالدى شاتلىق.

پارتىيە مېھرى، خەلق تەربىيەسىدىن ئىبارەت "پىلەك"، ئانا تۇپراق-ۋەتەندىن ئىبارەت "زىمىن" بۈگۈنكى-"سويما"نى پەرۋىشلەپ، ئەتىنىڭ تاتلىق قوغۇنى قىلىپ ئوستۈرىدۇ. بۇنىڭغا "سەۋىر"- ئوسۇپ-يېتىلىشتىن ئىبارەت بىر جەريان كېتىدۇ، ئەلۋەتتە...

مەن ئاددى بىر ھەۋەسكارلىق سۆيۈشۈم بىلەن دەل شېئىردا سۈرەتلەنگەن، ئوسۇپ-يېتىلىۋاتقان "سويما" بولۇش ھالىتىم بىلەن يولداش ئەسقەر مەمتىمىننىڭ بۇ شېئىرىدىن ئالغان تەسىراتىمنى شەرھىلەپ ئوتتۇم.

مەھەممەت بارات

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىنە پىشە

(باللادا)

— خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مىللىي شىپاخانىدىكى پىشقەدەم تىۋىپلار ۋە شاگىرتلارغا بېغىشلايمەن.

ئابدۇللا سۇلايمان

## مۇقەددىمە

بىر ئۇتلۇق ئارزۇ پۈككەن دىل قېتىمدا،
بارچىدىن ئۈستۈن تۇرار سۆيگۈ-ئىخلاس.
ئېقىدە-ئىخلاس ئاچار مېھنەتكە يول،
ئېقىدە-ئىخلاس ساپدىل ئىنسانغا خاس!
ئېقىدە باغلانسا ئەل - ۋەتەنگــە،
توكۇلمەس تەرمۇ تۇپراق گۈل-چىمەنگە.

ئەسىرلەر ئۇلانغاندا ئەسىرلەرگە،
ساپ سۆيگۈ-ئىخلاس مەزمۇت رىشتە بولدى.
ئەجدادلار مىراسى بۇشان-خىسلەتنى،
ئەۋلاتلار جارى قىلىپ كۈچكە تولدى.
ئەجداتنىڭ ئەۋلاتلارغا مېھرى ئاقتى،
ئەۋلاتلار ئەلگە شەرەپ گۈلى تاقتى.

بەختىيار تاڭدا ياشناپ بەختى كۈلگەن،
بىرىمەن شۇ ئوغۇل-قىز نەسىللىرىنىڭ.
توكۇلدى ئەجرىم ۋەتەن-ئەل ئىشىغا،
شاھىتى بولۇپ كوركەم پەسىللىرىنىڭ.
ئۈگەندىم ئاتامىراس تىبابەتنى،
ئۇرغۇتۇپ تەندە پۈتمەس شىجائەتنى.

چۈمۈلە ئۇزۇق يىققان كەبى مەنمۇ،
تۇپلىدىم رىتسەپلاردىن نۇسخا-ئەندىز.
دورىلىق گۈل-گىيالار خاسىيىتى،
خاتىرەم بەتلىرىدە سالدى زەر ئىز.
باغلىدىم بەلنى قامىس يازماق ئۈچۈن،
تىبابەت كانلىرىنى قازماق ئۈچۈن.

—

پىشقەدەم ئۇستازلىرىم قوللاپ قىزغىن،
سىناق ۋە تەجرىبەدىگە بەردى يــاردەم.
دېيىشتى ئۇلار: «توپلاش ئۈچۈن نۇسخا،
كېزىڭ كەڭ تاغ-دالانى بولۇپ بەردەم.
شىپادۇر يۇرتنىڭ ھەر تال ئوت-گىياسى،
گىياغا بايدۇر يېزا، تاغ-قىياسى......»

مەسلىھەت ئارزۇيىمغا كەلگەچكە مــاس،
تەقلەندى تــەييارلىقى يول سەپەرنىڭ.
بىلدىم چىن ئاساس دەپ ئەل ئۈمىدىنى،
مەن قىزچىماق بولغان ئۇتۇق، شان-زەپەرنىڭ.
كەسپداش يارانلىرىم تىلەپ ئـاق يول،
خوشلاشتى مېنىڭ بىلەن سىقىشىپ قول...

★ ★

يەلكەمدە ئوزۇق-تالقان، سەپەردىمەن،
ئايىغىم تاغ يولىدا قالدۇردى ئىز.
تېنىمدە ئۇرغۇپ يېڭى جاسارەت-كۈچ،
ئۈمىتتە باستىم قانچە داۋاننى تېز.

جىرادىن قىيالارغا ئۆتتۈم ئاتلاپ،
گۈل-گىيا تەرىپىنى دىلدا يادلاپ.

چوققىلار بولەنگەندە نۇرغا سەھەر،
مېھنەتتە قارشى ئالدىم قۇياشىمنى.
ئايىغىم ئاستىدىكى يېمران چوپكە،
توكتۇم نۇرشە بىنەم قىلىپ تەر-ياشىمنى،
چۈشلىكى ئورلىسە كۈن نەيزە بويى،
يول باستىم ئەيتىپ دىلدىن شاتلىق كويى.

كۈن ئىگىز تاغ كەينىگە قايرىلغاندا،
گۈلخانلار ياقتىم راسلاپ قونالغۇنى.
ئىز سالدى قەلەم قەغەز قۇرلىرىغا،
خاتىرلەپ كورگەن-بىلگەن ھىس-تۇيغۇنى،
ئوت-گىيا خاسىيىتى- قىممىتىدىن،
پۈتتى كوپ بەتلەر شىپا-خىسلىتىدىن.

★ ★

بۈگۈن دەل سەپىرىمنىڭ ئونيەتتىسى،
مەزگىلى چۈشتە يەتتىم بىر جىراغا.
قاپتاللار بېشىللىقنىڭ ئۈز دۇنياسى،
كەڭ ئەتراپ تولغان رەڭدار گۈل-گىياغا.
چوققىلار ئۈستىدە قار كورۈنەتتى،
بۇلۇتلار توپى پەسكە سىرۇلەتتى.

تاللاپ گۈل-گىيالاردىن نۇسخا-ئەندىز،
ئورلىدىم ئەشۇ قارلىق چوققا تامان.
ئېغىزغا ئىقىلغاندەك بولدى ئوپكەم،
چىغىر يول خەتەرلىكى ئاندىن يامان.
ئاۋايلاپ باستىم ئاياق غەيرەتلىنىپ،
قەلبىمدە ئارزۇ-ئېستەك ئوتى يېنىپ.

شاخلاردىن قونىپ شاخقا سايراپ كەكلىك،
ئىزدىمغا تەڭكەشلەيتتى غەزىلىنى.
بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى تېنىق كوكتە،
ئۇچاتتى لاچىن ئىزدەپ مەنزىلىنى.
بىر چاغدا چىقتىم تىزلەڭ-تاغ ئۈستىگە،
ئوزەمنى كوردۈم گويا باغ ئۈستىدە.

شۇ تۈزلەڭ-باغ ئۈستىگە چىقا-چىقماي،
ئەتراپىم مانانلاشتى، باستى تۇمان،
ئوتكۈنچى شامال چىقىپ، ئارقىدىنلا،
چېچىلدى قۇياش نۇرى تۈزگە شۇ ئان.
ئىنتىلگەن چېغىم پىكىر يۈرگۈزۈشكە،
تاڭ قالدىم كۈتۈلمىگەن ئوزگىرىشكە:

تاش يېرىپ چىققىتى بىر گۈل يەر ئۈستىگە،
چوڭايدى، چوڭايدى ئۇ بارغانچە تېز.
بەرگلىرى ئىككى ياڭغا قايرىلىپلا
ئىچىدىن چىققىتى گۈزەل نازىنىن قىز.
ياپىرىدىن باشقىچىلا كارامەتكۇ،
ئىشىنىش تەسكۈ، قانداق ئالامەت بۇ؟!..

شۇ گۈزەل كەلمەكتىدى مەن تەرەپكە،
قولىدا قېلىن قامۇس كىتاپ تۇتۇپ.
قالغاندا ئارىلىغىمىز ئۈچ- توت قەدەم،
تاغۇ-تاش كۈلدى بىردىن قەھ-قەھ ئۇرۇپ
«ئەسسالام...» دىدى، مەنمۇ ئىلىك ئالدىم
«كىم بولغاي؟» دىدىم قىزغا قاراپ قالدىم.

—سىز مېنى تونىمايسىز، مەن تونۇيمەن،
دىدى ئۇ ھەر لەۋزىدىن توكۈپ چېچەك.
شۇ چېچەك چاچتى ئىپار، دىماق خوشنۇد،
باشلاندى مانا مۇنداق ئەپلىك چوچەك:
(مەن ئۇنى ئىزدىدىم كوڭۈل دەپتىرىمگە،
نە دەپتەر، قەلب قېتى بەتلىرىمگە.)

★ ★

...گۈللەنگەن دىيار ئىدى شەھرى ماچىن،
بۇنىڭدىن كوپ ئىلگىركى ئەسىرلەردە،
ناخشا كۈي- بۇلاقلىرى بولسا قوينى،
پارلايتتى ھونەر-سەنئەت قەسىرلەردە.
ھوسنلۇق ئېتىز- باغلار يېرى مۇنبەت،
ئىككى قاش① دەرياسىدىن ئەمگەچ شەربەت.

مەرىپەت- ئىلىم ئەھلى ئىجادىدىن،
تاراتقان يىرت نامىنى كەڭ جاھانغا.

① ئىككى قاش دەرياسى- يۇرۇڭقاش ۋەقارىقاش دەريالىرى.

www.uyghurkitap.com



گىلىمى، يېپەك- ئەتلەس، قاشتاشلىرى،
ئېزىزلاپ تونۇلغان چىن، رۇم، ئىرانغا.
يوللارنى تۇتاشتۇرغاچ لەنگەر- رابات،
بولغان كەڭ «كارۋان بىر يۇك» يولى ئاۋات.

ئەرلىرى تۈگۈل قىز ھەم جۇۋانلارمۇ،
يۇرتىنى گۈللەش بىلەن بولغان مەشغۇل.
ئېچىلغان كۆزئېيىلىرىنىڭ ئېتىكىدە،
چېچەكلەپ، نوتا سىزىپ مىڭ تۈمەن گۈل.
بۇندا كوپ توھپىكارلار ياشاپ ئوتكەن،
شانىنى تارىخ بېتى ئۈزرە پۈتكەن.

ئەللامە كەنتىدە مۇشۇ يۇرتنىڭ،
بار ئىدى بىر تىۋىپ قىز كۆچكە تولغان.
مەرىپەت تەھسىل قىلىپ كىچىكىدە،
چېچەن ۋە زېرەكلىكتە كەڭ تونۇلغان.
بىنەپشە ئىدى ئۆزىنىڭ ئىسمىمۇ ھەم،
خەلقىگە مېھرى كوكسىدە قەلبىدە جەم.

ۋارىسى بولۇپ ئاتا كەسپىنىڭ ئۇ،
كويىنىپ داۋالىغان بىمارلارنى.
ياسىغان ھەرخىل مەجۇن، قىيام، شەربەت،
ئاختۇرۇپ- كورۇپ تىببى كىتابلارنى.
تېنىمدە ئۇرغۇتۇپ كۈچ-جاسارەتنى،
ئۇگەنگەن يىراق ھەيدەپ قانائەتنى.

ۋە لېكىن يۇرتنىڭ جاھىل كاتتىلىرى،
توقۇشقان ھەسەت قىلىپ ئاڭا تۆھمەت:
ئاچقانىمىش چىرىمىلىنى بىنەپشە قىز،
«مۇقەددەس قائىدە»گە قىلماي ھورمەت.
دېيىشكەن: ئۇلىيال ئاغرىق ساقايتالماس،
ئۇ پەقەت ئويدە ئەرگە بەخشەندە- خاس.

قانچەكوپ ياققانسىرى توھمەت تېشى،
قوللىغان قىزنى خەلق شۇنچە قىزغىن.
تاپقۇزماق بولۇپ شىپا بىمارلارنى،
قىلغان ئۇ يېڭى دورا سىناق تېزدىن.
دورىغا لازىم بولغاچ تاغ سۇمبۇلى،
ئىزدىگەن، تاپىلمىغان يۇرتتىن ئۇنى.

ئېلىپ ئۇ يۇرتنىڭ دۇئا- ئىشەنچىنى،
بېلىنى باغلاپ ماڭغان يول-سەپەرگە.
ئاشقاندا ئالتە داۋان، بەش دەريادىن
يەتكەن «كوھىقاپ» ئاتلىق بىر شەھەرگە.
(بېغىدا شۇ شەھەرنىڭ باركەن سۇمبۇل،
كەڭ باغنى ساقلايدىكەن تۈمەن بۇلبۇل.)

(ئالغانىكەن تارتىپ زورلۇق كۈچ بىلەن شاھ،
بولسىمۇ بۇلبۇل يۇرتى ئەسلى بۇ يەر.
ئۇلارنى ئىشلىتەركەن قىلىپ مەھكۇم،
توكسىمۇ گۈل باغلارغا ئىشقىدىن تەر.
شۇڭلاشقا ئۇلار شاھقا نارازىكەن،
قەلبى ھەق-ناھەق ئىشقا تارازىكەن.)

بۇلبۇللار ئاڭلاپ قىزنىڭ تەلىۋىنى،
- مەرھەمەت بېغىمىزغا مېھمان، دېگەن.
كورمىسۇن سىزنى ئوردا ئەھلى ھەرگىز،
تۇتايلى شاھدىن سىرنى پىنھان، دېگەن.
ئارىلاپ تاغنى، سۇمبۇل تەرگەندە ئۇ،
گۈلزارلىق ئىچرە قامەت كەرگەندە ئۇ:

تولدۇرۇپ ئېتىكىنى گۈل-چېچەككە،
باشلىغان يەنە يېڭى تەتقىقاتىنى.
دورىلىق ئوت-گىيادىن نۇسخا تاللاپ،
قويغان ھەر بىرخىلغا لايىق ئاتىنى.
ئۇ ناخشا ئېيتسا تاغنى چاڭ كەلتۇرۇپ،
تورغايلار زەڭ قويۇشقان ئۇچۇپ يۇرۇپ.

كوھىقاپ شاھى بىر كۈن ئوۋغا چىقىپ
يىراقتىن كورۇپ قالغان بىنەپشىنى.
(خەۋەرسىز ئىدى قىزمۇ بۇ خەۋپتىن،
ھەۋەستە داۋام ئەتكەچ ئوز ئىشىنى.)
نەۋكەرلەر تۇتۇپ ئۇنى قولغا ئالغان،
بويىنىغا ئېغىر قۇۋۇق- تاقاق سالغان.

سوراقتا ئايان بولغان شاھقا ئېنىق،
قىز باشتىن كەچۈرگەن بىر پۈتۈن ئەھۋال.
بەرگەندە جاۋاپ ھەربىر سوئالغا ئۇ،
ۋەزىر تەڭ قويغان مۇنداق تەلەپ دەرھال:

— ئوردىغا مەخسۇس تەۋىپ-لوقمان بولساڭ،
مال-دۇنيا تېپىپ، بېيىپ، شانغا تولساڭ؟...

قىلغاندا بۇ تەلەپنى بىنەپشە رەت،
تاشلىغان زەي زىندانغا ئۇرۇپ قىيناپ.
سېغىنغان شۇندا دائىم يۇرتىنى ئۇ،
يادىغا كېلىپ تالاي يوقسۇل، بىتاپ.
بۈلبۈللار ئوغرىلىقچە پات-پات كىرىپ،
يوقلىغان ئۇنى، مەدەت-ئىلھام بېرىپ.

قاچقان ئۇ بۈلبۈللارنىڭ ياردىمىدە،
يۇرت ئىشقى-سويگۈسىدىن كۈچكە تولۇپ.
بىراق، شاھ خەۋەر تېپىپ قوغلىغان تېز،
تۇتقىلى ئۇنى قورشاۋ-تۇزاق قۇرۇپ.
كەچ كىرىپ قارايغاندا تاغنىڭ ئىچى،
تارايغان بارغانسېرى قورشاۋ سېپى.

ئارقىدىن قىستاپ كەلگەن چېغى دۈشمەن،
بىر قىيا توسۇۋالغان قىز ئالدىنى.
ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن غۇلىتىپ تاش،
قىلغاندا جاندىن جۇدا كوپ غالچىنى.
ئۈزدىمۇ يارىلانغان ئوقلار تېگىپ،
ئۈچۈشقان باشتا ئەجەل قۇشى ئەگىپ.

شۇ پەيتتە بىنەپشىنى قۇتقۇزۇشقا،
بۇلاقلار شاۋقۇن سېلىپ بەرگەن سېگنال.
لەرزىگە كېلىپ تاغلار، جىرا-ئىدىر،
ياردەمگە قول سۇزۇشقان گويا دەرھال.
كوكتىكى يۇلتۇزلارمۇ ئۇچۇپ پەسكە،
بولۇشقان ھەمدەم بۇ قىز-زەبەردەسكە.

سىلكىنىپ-تەۋرەپ بىردىن تاغ يىرىلىپ،
بىنەپشە قىزنى ئالغان قوچىغىغا.
قالمىش ياۋ جىددىلىشىپ بۇ ھالەتتىن،
تېپىرلاپ قاراپ قالغان تىك چوققىغا.

ياغدۇردەك يېغىپ لەنەت-نەپرەت تېشى،
قالمىغان ھەرگىز ئامان ياۋلار بېشى...

يەتكەندە بۇ خەۋەر يۇرت ئەھلىگە تېز،
ئىزدىگەن قىزنى كوپ يىل تاغ-قىيادىن.
كارامەت ئىشكى ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى،
بولغان زەپ روشەن زاھىر بىر گىيادىن؛
ئۇنىڭكى گۈللى سوسۇن، بەرگى يېشىل.
خىسلىتى-توت پەسىلدە ئىمدى، بىر خىل.

بىنەپشە قىز دەپ بىلىپ شۇ گىيانى،
چاچقان ئەل قار ئۈستىگە ئۇرۇغىدىن.
ئېچىلغان گۈل-غۇنچىسى قىزنىڭ قەلبى،
تىڭشىغان تىنىغـــىنــى پـــۇرۇغىدىن.
تەۋىپلار ياساپ كېيىن ئۇنىڭدىن شەربەت،
كورسەتكەن بىتاپلارغا مېھرى-شەپقەت.

★ ★

قىز ئەشۇ چوچىكىنى تۈگەتكەندە،
خىياللار بۆشۈگىدە ئەللەيلەندىم.
تىباپەت ئەھلى-دانىش ئەجداتلارنى،
ئوتكۈزۈپ كوز ئالدىمدىن، جاھان كەزدىم.
دىل-قەلبىم ئەسلىمىدىن ئاچتى ۋاراق.
تەپەككۇر-ئەسىر ئاتلاپ ئۇچتى يىراق...

★ ★

بىتاپلار ئاھ-زارىنى ئوتتى تىڭشاپ،
بىر زامان دانىش ئىبنىسىنا ھېكىم①.
كوردى ئۇ بەرگەن دورا مەنپەتىنى،
ئوخشاشلا خاقان ھەم باي، يوقسۇل-يېتىم.
بۇ يولدا غەيرەتلىنىپ تۇردى يەڭنى،
باشلىدى بىتاپلىققا قارشى جەڭنى.

ئايلارنى يىلغا ئۇلاپ سەپەر باشلاپ،
قانچە يۇرت-ئەللەرنى ئۇ كېزىپ چىقتى.
ئومرىنى سەرپ قىلىپ تىباپەتكە،
قىممەتلىك كىتابلارنى يېزىپ چىقتى.

① ئىبنىسىنا — ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا (مىلادىنىڭ 980-يىلى تۇغۇلۇپ 1037-يىلى ۋاپات بولغان) شەرق تىباپەتچىلىكىنىڭ ئاتىسى، ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «كىتاب ئۇلشىپا» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تونۇلۇپ ئەجرى بىلەن كەڭ جاھانغا،
كۆچ-ئىلھام بەخش ئەتتى مىليون جانغا.

كوتىرىپ دورا، ئەسۋاپ ئەلفارابى①،
باردى شاھ قەسرى، نامرات كەپىسىگە.
قالدۇردى تالاي رېتسېپ باغلاپ ئىشەنچ،
كەڭ تۇرۇك دۇنياسىنىڭ ئەتىسىگە.
تىبابەت ئىلمىگە ئۇ ئىرا ئاچتى،
ئالىمنىڭ مېھنەت گۈلى يۇراق چاچتى.

ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭدى كۆپلەر،
توختىماي ئېتىلغاندەك چەشمە-بۇلاق.
مۇھەممەت ئالائىددىن خوتەنىي①،
بۇكەسىپ بىلەن مەشغۇل بولدى ئۇزاق.
تىبابەت مەكتىۋىنى قۇرغان چېغى،
شاگىرتقا تولدى ئۇنىڭ ئىلىم بېغى...

شۇ يوسۇن بۇكەسىپنىڭ گۈلباھارى،
نۇرلۇق تاڭ ئاتقاندىلا يېتىپ كەلدى.
قانچىلاپ يۈسۈپ ھاجى②، تۇردى مۇھەممەت③،
ئەجدادلار ئىزلىرىنى بېسىپ كەلدى.
قۇرۇلدى شىپاخانا، مىللى مەكتەپ،
ئۆگەندۇق سىرلارنى توپلاپ رەتلەپ...

★ ★

يوگۇلۇپ بۇخىيالار، يېڭى قات-قات،
ئاستىلاپ توختىغاندا پېكىرىم چاقى،
قارىدىم قىزغا، دېدىم: «كىم ئىدى ئۇ،
ئىكەنغۇ قەلبى ئاتەش، ئەل ئامراقى؟...»
كۈلدى قىز، دېدى: «ئاشۇ چوڭ چەكتىكى-
مەن ئىدىم، ئىشەنمەسسىز بۇڭا بەلكى؟...»

دېدىم: «ئەي نازىنىن قىز، يۇرتتا ھازىر،
تۆگمەندىۋابا، چېچەك... ئازاپلىرى.
ئۇتتۇز تۆرت يىل مۇقەددەم يەرچىشلىگەچ،
ئەزگۈچى ۋەجاھالەتكا زازاپلىرى.
تاڭ نۇرى شۇندىن بويان كەڭ چېچىلدى،
دىل سويگەن كەسپىڭىزگە يول ئېچىلدى.

پەتىۋا- دەستەكلەرنى تەكلىمە يەۋ،
سىز-بىزگە ئەمدى ھېچكىم ھەيۋە قىلىپ.
چوڭ مىللى شىپاخانا قۇرۇۋالدۇق،
بۇ دەۋران ئىمكانىدىن رىغبەت ئېلىپ.
ئىشلە يىلى بىرگە كېتىپ شۇئورۇندا،
كۆلە يىلى ئۇستاز-شاگىرت تەڭ، سورۇندا».

ئاڭلاپ بۇسوزلىرىمنى يىننەپىشە قىز،
دېدى: يۇرت ئىشقى پەۋەس دىل قېتىمدا.

---

① ئەلفارابى — ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇق فارابى (870_950) مەشھۇر ئالىم، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، مۇزىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلمى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 80 يىللىق ھاياتىدا 120 دىن ئارتۇق چوڭ توملۇق ئەسەر يازغان.

① مۇھەممەت ئالائىددىن خوتەنىي — (تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) مەشھۇر دىنى ئەرباپ، تىبابەتچىلىك بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللانغان. چىڭگىز ئىستىلاسى دەۋرىدە نايمان قەبىلىسىدىن كۈچلۈك خوتەننى بېسىۋالغاندا، ئالائىددىن خوتەنىي كۈچلۈك بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. بەس مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قالغان كۈچلۈك خان، ئۇنىڭ 3 مىڭدىن ئارتۇق شاگىرتى ۋە ئوزىنى تىرىك كۆمۈۋەتكەن.

② يۈسۈپ ھاجى — قەشقەرلىك مەشھۇر تىۋىپ، ئۇنىڭ «قانۇنچە» ناملىق كىتاۋى بار.

③ تۇردى مەھەممەت — خوتەن ئۇيغۇر مىللى شىپاخانىسىنىڭ داڭلىق تىۋىپى، 1979- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «مىللى تىبابەتچىلىك قوللانمىسى» ناملىق كىتاۋى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى ۋە مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا كىتاپلىرىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۆزەمنى سەزدىم شۇنچە شات بەختىيار،
بولغاچقا كەسىپدىشىم سىز يېنىمدا.
يازغانتىم تەجرىبەمدىن نۇرغۇن رېتسىپ،
ئاخىرى بولغىدەك ئۇ ئەلگە ئىسسىپ.

بىنە پىشە قىز سۆزىدىن كوز ئالدىمدا،
نامايەن بولدى گۈزەل بىر مەنزىرە:
گويا كى كوردۈم تالاي بىمارلارنىڭ،
كارۋاتتىن تۇرغىنىنى قۇيۇپ ئورە.
ياشلىقى قايتىپ كەلگەندەك يېسىپىت چال،
ئېيتماقتا بۇ دەۋرانغا رەخمەت، خوشال...

پىشقەدەم تىۋىپ ئەنە شاگىرتىغا،
ئىزاھلاپ بەرمەكتە ئۆز ئەسىرىنى.
رەتلىنىپ ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى،
گۈللىتىپ بارماقتا يەن قەسىرىنى.
نەشىردىن چىقىپ قامۇس نەچچە توملاپ،
خوشخەۋەر تارقالماقتا جاھان بويلاپ.

ئۆزۈلمەي «كارۋان بۇيۇك» يوللىرىدا،
كەلمەكتە ھاجەتمەنلەر داۋا ئىزدەپ.
قاشتېشى دىيارىنى يېڭى نامدا،
«تىبابەت يۇرتى» ئاتاپ-كوپتەرپلەپ.
كوزلىرىم ئالدىدىكى بۇ مەنزىرە،
كېڭەيدى ھاسىل قىلىپ زور دائىرە.

**خاتىمە**

ئەي مېنىڭ ئەقلى دەريا كىتاپخانىم،
ئىزاھات بىرەي كېيىنكى سەپىرىمگە.
كوزلىگەن مەقسەتلەرگە يېتىپ قايتتىم،
بىنە پىشە بىلەن ئىلچى شەھىرىمگە.

بىز كېيىپ ئاق خالاتنى، باشلىدۇق جەڭ،
ۋەتەنگە توھپە قوشۇش يولىدا تەڭ.


ئۆچرىشىپ قالساق ئەگەر، قىزدىقىسىنىپ،
سورارسىز بەلكى مەندىن مۇنداق سوئال:
قاي ھېكمەت بىنە پىشگە كىرگۈزدى جان،
ئېيتارسىز، قىلدىڭ ئۆزەڭ قانداق ئامال؟
بۇ دىيال ئىچكى سىرى پىنھان ئەمەس،
سۆزلىمەي تەپسىلاتنى شۇڭلاشقا بەس.

سىز ئەشۇ قىزنىڭ قۇربان بولغىنىنى،
بىلمىسىز كوھقاپتا ئاداققى دەم.
ئىشەنگەن ئىددىگىز كېيىنتەن-خاكىدىن،
ئۇ يىنگە بىنە پىشە گۈل شۇنچە كوركەم.
بۇ جەريان بولسا تارىخ-چىن رىيالliq،
ئەمەستۇر كېيىنكى ئىشىمۇ ساختا-جالىق.

ئىلىم-پەن راۋاج تاپقان بۇ زاماندا،
بولمايدۇ دەمسىز بۇنداق ئۆزگىرىشنى.
بىلمىسىز، يۇرت سويگۇسى، پەن كۈچىنىڭ،
جانىمىزغا قايتىلاپ جان كىرگۈزۈشىنى.
سىرى شۇ مەن ئېيتقان سوز-بايانلارنىڭ،
تەسۋىرى ئوتمۇش ۋە بۇ زامانلارنىڭ.

كورۇسىز تاڭلا ئەرتە تىبابەتتە،
ئاجايىپ يۇكسۈلۈشلار بولغىنىنى.
بىنە پىشە گۈللىرىنىڭ چېچەك ئېچىپ،
نۇرلىنىپ كامالەتكە تولغىنىنى.
توزۇماس كوركەم ياپراق-چېچەكلىرى،
ياشنايدۇ ئەل ئومرىدەك ئەبەدىيكلىرى.

1982- يىل، نۇيابىر، خوتەن.



# باھاۋانىس

## ھەسەن بىلەن گۈھەرنىڭ

### 1-ھېكايىسى①

ئى شاھزادە مۇلكىزات سىزگە يۇقىرىدا شاھزادە بەھرام بىلەن زۇھرەنىڭ كەچمىشلىرىدىن ھېكايە سۆزلەپ بەردىم. ئەمدى ئۇلاردىنمۇ زىيادە رىيازەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەسەن بىلەن گۈھەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟-دېدى تۇتى قۇش.

-ئى تۇتى،-دېدى شاھزادە مۇلكىزات،-ئۇ قانداق ھېكايە، ئەگەر ئىختىيار قىلىپ سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئاڭلاشقا تەشنا دۇرمەن.

شا تۇتى سۆخەنگۈيلۇق بىلەن، شىرىن تىلىدىن شۇنداق ھېكايە باشلىدى:

-ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەردە ھەسەن ئىسىملىك سودىگەر يىگىت بار ئىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەتتىن باش كۆتەرمەيدىغان دىيانەتلىك سېخى ۋە زېرەك ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى تىجارەت ئىشى بىلەن ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ دەشتى-باياۋانلارنى كېزىپ ئاخىرى بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەردە سودا-سېتىق بىلەن مەشغۇل بولغاچ، كوچا-كويلارنى زىيارەت قىلىپ يۈرۈپ، بىر ساھىب جامال قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ مىژگان ئوقىدىن سىنەسىدە ئىشقى-پىراق ئوتى يېنىپ، مەجنۇنلەرچە بىھۇش بولدى. قولى ئىشتىن توختىدى، پۈتكۈل خىيالى قىزغا بەنت بولۇپ، جىسمى ئاتەش گۈلخانىدا ياندى. ئۇ ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغۇنۇپ ساراي ھۇجرىسىدا زار-زار يىغلايتتى. سارايۋەن ھەسەننىڭ نالىسىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ۋە نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دېدى:

-ئىلاجى بار بۇ ئىشىق سەۋداسىدىن قايتىپ، ئۆز ئىشلىرىڭغا كۆڭۈل قويساڭ ياخشى ئىدى. بۇ قىزنىڭ پىراقىدا ۋىسالغا يېتەلمەي ۋەيران بولغان كىشىلەر كۆپ، سەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش پىراق ئوتىدا يېنىپسەن، ساڭا مەسلىھەتىم شۇكى، بۇ شەھەردە بىر خوتۇن بار، ئۇ پالانى يەردە ئولتۇرۇدۇ. شۇ خوتۇننى تېپىپ ئەھۋالىڭنى بايان قىلساڭ، مۇرادىڭ ھاسىل بولسا ئەجەپ ئەمەس، ئېسىمدە بولسۇنكى ئۆزگە ئادەمنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ.

ھەسەن سارايۋەن ئېيتقان ھېلىقى خوتۇننى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ بۇۋى قىيا پەتتىدىكى تۇل ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋا-



كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

①بېشى ئۆتكەن يىلىنىڭ سانلىرىدا

لىنى ۋە يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسىنى بىر-
بىردىن ئىزھار قىلىپ، باھار يامغۇرىدەك
ياش تۆكۈپ، يىغى يىغلاپ تۇرۇپ، ياردەم
بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. خوتۇننىڭ ھە-
سەنگە ئىچى ئاغرىپ، بۇ تۆكۈمەس سەۋدا-
نى كۆڭۈل كۆكسىدىن چىقىرىۋېتىش توغرى-
سىدا نەسىھەت قىلدى. ھەسەن تېخىمۇ بى-
دۇبىدار بولۇپ، ئاھۇ-ئەبغان بىلەن نالە
زار قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خوتۇن
ئېيتتىكى:

—ئى ھەسەن، خەتەرلىك ئىش ئۈچۈن
خام خىيالدا بولۇپسەن، بىلگىنىكى خام-خى-
يال ئىزىدىن يۈرمەك ئۆز جېنىغا جەبرى
سېلىش بىلەن باراۋەردۇر. بۇ نەھىيىدىن
ياندىنىڭ ياخشى.

—ئى مېھرىبان ئانا،-دېدى ھەسەن،-
ماڭا مەدەت ۋە يار يۆلەكتە بولۇپ، نىجات-
لىق يولۇمنى كۆرسىتىپ بەرسەڭ، مەن ئاجىزانە
بىر غېرىپ، خەستە مۇساپىردۇرمەن. ئىشقى-
مۇھەببەت دەردىدە يۈرەك-باغرىم پارە-پا-
رەدۇر. ھىجران دەشتىدە ۋىسال مەنزىلىگە
تەلپۈنۈپ، غاپىللىق بىلەن قەدەم بېسىۋا-
تىمەن. بۇ شەھەرنىڭ ياخشى-
يامان سىرلىرىدىن بىخەۋەرمەن. نەس-
ناكەس بۇ زاماندا قازانىڭ قاتتىق قولى
ياقامنى چاك ئېتىپ، مېنى بۇ بالادەشتىگە
كەلتۈردى. ئىشىق زەنجىرى پۇت، قولۇمنى
بەنت قىلدى، پىراقنىڭ قىل ئاغامچىسى بويى-
نۇمغا سىرتماق بولۇپ چۈشتى. ئەمدى تەق-
دىرىمنىڭ قانداق بولۇشىنى-ۋىسالغا يېتىپ،
بەختكە ئېرىشىمەنمۇ، ھىجران چۆلىدە ئىز-
سىز ھالاك بولۇشۇمنىمۇ بىلمەيمەن. خۇ-
دالىق ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلىپ، مۇراد-
مەقسىدىمگە يەتكۈزسەڭ، ئۇ شۇنداق دەپ
يېنىدىكى بارلىق مال-دەسمايىسىنى
خوتۇننىڭ ئالدىدا قويدى.

—ئۇنداق بولسا-دېدى خوتۇن ھە-
سەنگە،- مەن كۆرسەتكەن يول بىلەن پە-
خەس بولۇپ ماڭساڭ. ئاز كۈن ئىچىدە مە-
شۇغۇڭ گۆھەرنىڭ مۇبارەك ھۆسنى جامالىغا
قېنىپ، چەككەن رىيازەتلىرىڭنىڭ ئەجرىنى
كۆرىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ھازىردىن
باشلاپ بىر تاغنىڭ كانارىدا ئەھتىكاپتا
ئولتۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەتكە
مەشغۇل بولغىن. كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ
باردى-كەلدى قىلمىغىن. گۆھەرنىڭ ئاتىسى
سېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ« مەندەك دەرۋىش
ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ، ھەم ساڭا ھىمداش-
لىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىقبال يولى ئې-
چىلىپ، مۇرادىڭغا يېتىسەن. ئېسىڭدە بول-
سۇنكى بۇنىڭدىن ئۆزگە چارە يوقتۇر.

ھەسەن خوتۇننىڭ ئېيتقىنى بويىچە
شەھەر سىرتىدىكى بىر تاغنىڭ باغرىدىن
ماكان تۇتۇپ، لەيلىنىڭ ئارزۇسىدا ئاھ ئۇر-
غان مەجنۇندەك ئىبادەتكە ئولتۇردى. ئارى-
دىن كۆپ ئۆتمەي، قىزنىڭ ئاتىسى ھېلىقى
خوتۇن بىلەن يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، بىر
تىرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان نەۋ-
جۇۋان يىگىت ئاللاغا سېغىنىپ تۇۋە ئىس-
تىغپاردا ئولتۇرۇپتۇ

دەرۋىش« بۇ تەقۋىدار يىگىت قاچان-
دىن بېرى بۇ دىيارغا كېلىپ ئىستىقامەت
قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەردارمۇ سىز؟»
دەپ خوتۇندىن سوردى.

قېرى خوتۇن بۇۋى قىياپىتىدە يۈر-
گىنى بىلەن ھىلە ئىشلىتىشتە شەيتاندىن قې-
لىشماس ئىدى. شۇڭا ئېيتتىكى:

بۇ يىگىتنىڭ قايسى ماكاندىن قا-
چان كەلگەنلىگىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ،
بەلكى ئاسماندىن چۈشكەندۇر. جاھاندىن
سىز بۇنىڭدەك ئىستىقامەتلىك كىشىنى تا-
پالمايسىز. سۆزۈمگە ئىشەنسىڭىز، قىزىڭىز
مۇشۇ يىگىتكە تولا مۇناسىپتۇر ھەم بۇن-
داق دۆلەت يەتتە ئىقلىمدا سىزدىن باش-
قا ھېچ كىشىگە نېسىپ بولماس.

دەرۋىش خوتۇنغا: «سېنىڭ ئېيتقان-

لىردىك ئورۇنلۇق، قولۇڭدىن كەلسە، يىگىتنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، بۇ خىزمەتنى ئادا قىلساڭ» دېدى.

خوتۇن دەرۋىشكە: «جېنىم تېنىمدە بولسا ئۇ يىگىتنى رازى ۋە قايىل قىلىپ، خىزمىتىڭىزدە بولغايمەن»، — دېدى-دە، ھەسەنگە بۇ خوشخەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئۆزىدىن كوپ مىننەتدار قىلدى ھەم بۇ يولدا چەككەن رىيازەتلىرىنى يىگىتكە بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بەردى. ئۇندىن كېيىن دەرۋىش يېنىغا بېرىپ: «زاھىدنى مېنىڭ بىر مۇشەققەتتە رازى قىلدىم»، دەپ ئېيتىپ ئۇنى ھەم مىننەتدار قىلدى. دەرۋىش دەرھالتوي تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ ياخشى كۈن ياخشى سائەتتە قىزى گوھەرنى ھەسەنگە نىكاھلاپ بەردى.

نەچچە ۋاقىت پىراق دەردىدە قاقشاپ يۈرگەن ھەسەن مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ مەيۈس كوڭلى گۈلدەك ئېچىلدى. ئۆز مەھبۇبىنىڭ يېنىدا بولغىنىدىن بەكمۇ خوشال بولدى. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ دىدارلاشقىنىدىن بۇلبۇللار چىمەندە قانات قېقىپ خەندان قىلدى، سۇسەن گۈللى گۈلشەندە خوشال بولۇپ ئىپارھىدلىرىنى ھەر ياققا چاچتى. قۇشلار ناۋا ئەيلەپ، تاللار مەيىن شامالدا نازۇك بەلچۈنۈپ ئۇسۇلغا چۈشتى. ھەسەن ئالماس ئۈزۈككە ياقۇت كوز قويۇلغاندەك يارىشىملىق جۈپتى گوھەرنى ئــوز يۇرتىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن دەرۋىشنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. دەرۋىش ئىجازەت بەردى. ئۇلار يولغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ناھايىتى قېرىپ كەتكەنلىكتىن دۆلەتنى بىر زالىم ۋەزىر باشقۇراتتى. ئۇنىڭ پۇقرالارغا سالغان زۇلۇمىنىڭ ھەددى يوق ئىدى.

ھەسەن بىر سارايغا چۈشتى. ئۇزۇن ئوتمەي يېمەك-ئىچمىگى تۈگەپ كېتىپ، نائىلاجىلىقتىن بېشى قاتتى. گوھەر ھەسەننى بۇ تەڭلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 7خىل رەڭدار يىپتىن بىر دانە رومال توقۇدى ۋە ھەسەنگە:

— بۇ رومالنى بازارغا ئاپىرىپ، يارىغانغا سېتىپ پۇلىغا ئوزۇق ئېلىڭ — دەپ يولغا سالدى.

ھەسەن رومالنى بازارغا ئېلىپ چىقتى. خالايىقلار تۇشمۇ-تۇشتىن گوررىدە يىغىلدى، ئۇلار «ئەلىمساقتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە شەھىرىمىزدە بۇنداق رومالنى كورمىگەن ئىدۇق...» دېيىشىپ، بەكمۇ ھەيران بولدى. رومالنىڭ نەرقى بارغانسىرى ئۆرلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زالىم ۋەزىر ھەسەن بىلەن رومالنى ئېلىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتى. چاپارمەنلەر ھەسەننى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى.

رومالنىڭ ئۈزلىكىدىن ۋەزىرنىڭ ئەقلى لال بولدى. ھەسەتخورلۇق قىلىپ: «رومالنى سەن قەيەردىن تاپتىڭ، ئۇنى كىم توقۇدى؟» — دەپ سورىدى.

ھەسەن جاۋاپ بەرمىدى. ۋەزىرنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بىرسى ھەسەننىڭ كەچمىشلىرىنى بىلەتتى، ئۇ ۋەزىرگە ئەھۋالنى بايان قىلدى، ۋەزىر ھەسەننى «ئوغرى» دېگەن بەدنام بىلەن زىندانغا سېلىشقا، گوھەرنى چېچىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ياساۋۇللار گۇناسىز گوھەرنى ئامانغا زامانغا بەرمەي ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ ماڭدى.

خەلق يول ئۈستىدە مەسۇمە بىر ئايالنى بۇ ھالدا كورۇپ، «بۇ خوتۇن نېمە گۇنا قىلدى؟»، دەپ سوراشتى. ياساۋۇللار «بۇ ۋەزىرنىڭ خىزمەتكارى ئىدى، نامەھرەمگە كورۇنۇش قىپتۇ»، دەپ جاۋاپ بەردى. گوھەر بۇ تۆھمەتنى ئاڭلاپ، ئىشىنىڭ تەكتىنى ئۇقالماي نېمە قىلىشنى ۋەكىمدىن مەدەت تىلەشنى بىلەلمەي زار-زار يىغلايتتى.

بەدنىيەت ۋەزىر بۇنداق ساھىپجامالنى ئۆمرىدە ھېچ كۆرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى قوزغالدى. گوھەرنى خىلۋەت بىر ئۆيگە قاماپ قويدى ۋە كېيىن ئۆز مۇرادىنى ھاسىل قىلماقچى بولدى...

★ ★

ۋەزىرنىڭ كېنىزەكلىرىدىن بىرسى شۇ يەرلىك بىر ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ۋەزىرنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، بىر-بىرسىگە قېنىشالماي كەلگەن ئىدى. ئوغرى بۈگۈن كېنىزەك بىلەن ئىشرەت قىلىش ئۈچۈن ئاغامچا بىلەن ئوردىغا يامىشىپ چىقماقچى بولدى. گوھەر ئۆيدە يېتىپ، ئادەم شەپىسىنى ئاڭلىدى. «ھەسەن مېنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلاپ: «ئى ۋاپادارىم ھەسەن، سىنىڭ ئارزۇلۇق گوھىرىڭ مەن ئەمەسمۇ...» دەپ، ئوغرى بىلەن ئاغامچىدىن سىرىلىپ چۈشتى. تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شەھەر سىرتىغا قاراپ قاچتى. يول ئۈستىدە زۇۋان سۈرۈشمىدى. تۈن ھەسسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، گوھەر ھېرىپ كەتتى. ۋە: «ئى ھەسەن، پۇتۇم قاپىرىپ كەتتى، ئايىغىمغا تىكەنلەر سانچىلدى، مەن بولالمىدىم، بىردەم ئارام ئالساق قانداق» دەپ ئولتۇرۇۋالدى. ئوغرى ئۆزىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن گوھەردىن يىراقراق بىر جايدا ئولتۇردى. ۋەزىرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، ئۇلار يەنە يولغا راۋان بولدى. گوھەر ئارتۇقچە ھەرەج تارتار ئىدى. تاڭ ئېتىپ سۈبھى كۆتىرىلدى. قارىغىدەك بولسا يېنىدىكى ھەمراسى ھەسەن ئەمەس يات بىر كىشى، بۇنى كۆرۈپ گوھەر ھۇش كالىسىدىن كەتتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «ۋادەرىخ مېنىڭ تەلىيىم نەمانچە كاژ، لەھەڭنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ، ئەمدى دىۋىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپتىمەن» دەپ ئاھ ئۇرۇپ پەريات قىلدي.

ئەلقىسسە: گوھەر ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ ئەلەم تۈپەيلى، پەلەكتىن نارازى بولۇپ، مەجنۇنلارچە نەرە تارتىپ، زار-زار يىغلىدى. شۇ ئان ئارقا تەرەپتىن بوغۇناق كۆتىرىلىپ، توگە مىنگەن بىر كىشى يېتىپ كەلدى. ئوغرى قورقۇپ يوشۇرۇندى.

توگە مىنگەن كىشى: «ئى خوتۇن، سىز كىم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟» دەپ سورىدى. گوھەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ھاۋادىساتلارنى بايان قىلدى. ئۇ كىشى خوشال بولۇپ، گوھەرنى مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. گوھەر توگە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇداغا مۇناجات قىلدى: «ئى بارى خۇدايا، پاك ۋۇجۇدۇمنى ئىپپەت- نومۇسۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئاسى، شەرمسار قىلمىغايسەن، نامەھرەم، بەت قىلمىقلارغا يولۇقتۇرمىغايسەن. ھالال ئېرىم- ھەسەنگە يەتكۈزگەيسەن.»

ئوغرى توگە مىنگەن كىشىنى دەسلەپ ۋەزىرمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. قارىسا ۋەزىر ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن توگىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ۋاقىرغىنىچە يۈگۈرەپ كەتتى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ۋەزىر قارىسا گوھەر يوق، ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى تەخمىن قىلىپ، مەھرەملىرى بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. بىر مەنزىلدە ئۇلار ئوغرىنىڭ كەينىدىن يېتىشتى ۋە ئوغرىدىن گوھەرنى كۆرگەن، كۆرمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى سورىدى. ئوغرى ھېچ ئىشنى ئېيتىپ بەرمىدى. ۋەزىرنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مەھرەملەر ئوغرىنى قىيىن-قىستاققا ئالدى. ئوغرى بەرداشلىق بېرەلمەي، «گوھەرنى توگە مىنگەن كىشى ئېلىپ كەتتى.» دەپ ئىقرار قىلدى. ۋەزىر ئۇنى بىر ئاتقا مىنگۈزۈپ، يول باشلاشنى ئېيتتى. ئۇلار ئوغرىنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ، باشقا بىر يۇرتقا يېتىپ كەلدي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەرنىڭ پادىشاسى شىكارغا چىققان ئىدى. پادىشا شىكار قىلىۋېتىپ، توگە مىنگەن كىشى بىلەن گۆھەرگە يولۇقۇپ قالدى. پادىشا ئۇلاردىن هال-ئەھۋال سورىدى.

توگە مىنگەن كىشى: «بۇ ئۆز خوتۇنۇمدۇر، سەپەر قىلىپ بۇ يەرگە كېلىشىم.» دېدى.

بۇ ۋەقە ئۈستىدە ۋەزىر مەھرەملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. گۆھەر بىلەن توگە مىنگەن كىشىنى كۆرۈپ ئېيتتىكى، «ئى شەھرىيار، بۇ خوتۇن مېنىڭ كېنىزىگىم ئىدى. توگە مىنگەن كىشىنىڭ كېنىزەككە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئاخشام ئوردىدىن ئېلىپ قاچقانچە بۇ يەرگە كەپتۇ. مەن بۇلارنى ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىرى ھوزۇرلىرىغا كەلدىم. پادىشانىڭ ئادالىتىدىن ئۈمىت قىلىمەن» دېدى.

ئوغرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ئى شەھرىيار، شاھى ئالەم بۇ ئەسلى مېنىڭ خوتۇنۇمدۇر. ۋەزىر خوتۇنۇمغا ئاشىق بولدى. ماڭا كۆپ جەۋرى-زۇلۇم قىلدى. خوتۇنۇمنى مەندىن زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، قەسىر ئىچىگە قاماپ، مەھبۇس سىياقىدا ساقلاپ كەلدى. مەن خوتۇنۇمنى ۋەزىرنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجرىتىپ ئېلىشنىڭ كويىدا ئىدىم. بۈگۈن كېچە خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن خوتۇنۇمنى قەسىردىكى سولاقخانىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقتىم، ۋەزىرنىڭ زۇلۇمىدىن قورقۇپ، بۇ تەرەپكە ئېلىپ كەلدىم. مەقسىدىم مۇشۇ ۋىلايەتكە كېلىش ئىدى. خوتۇنۇم ھاردۇق دەستىدىن يول ئۈستىدە يىقىلدى. كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا ماڭايلى دەپ ئىدۇق. بۇ توگىچى يېتىپ كەلدى. خېلى ئىنساپلىق كىشىدەك كۆرۈندى. «چۆلدىن چىققىچە خوتۇنۇمنى توگىڭىزگە مىندۈرۈۋالسىڭىز» دېدىم. توگىچىنىڭ بىزگە رەھمى كېلىپ، ماقۇل بولدى. خوتۇنۇمنى توگىسىگە مىندۈرۈۋالدى، لېكىن كېيىن نىيىتى بۇزۇلۇپ، توگىسىنى يۈگۈرتۈپ، خوتۇنۇمنى ئېلىپ قاچتى. مەن پىيادە بولغانلىغىم ئۈچۈن يېتىشەلمەي كەينىدە قالدىم. ئىز ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىشىم. كېرەملىك شاھىم، بۇ ئەرزىمنى سوراپ بەرسىلە.» دېدى.

پادىشا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېيتتىكى:

«گۆھەرگە ئازار يەتكۈزمەي ئوردىغا ئېلىپ بېرىڭلار، بۇ ساقتىپەزلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، ئايرىم-ئايرىم ئۆيگە سولاڭلار، ئۆز ئارا سۆزلەشمىسۇن» دەپ ئەمر قىلدى.

پادىشا شىكاردىن قايتتى، گۆھەرنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىنى راستلىق بىلەن بايان قىلىشنى ئېيتتى.

گۆھەر زار-زار يىغلاپ، دادىسىنىڭ مال-دۇنيا دېمەي، خۇدا يولىدا تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى بىر دەرۋىش ئىكەنلىگىنى، ئۆز رازىلىغى بىلەن ھەسەنگە نىكاھلاپ قويغانلىغىنى، ۋەزىرنىڭ ھەسەنگە تۆھمەت قىلىپ، زىندانغا قاماپ قويغانلىغىنى بىر-بىرلەپ ئىزھار قىلدى.

پادىشا ئويلاپ، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى بىر تەدبىرىنى تاپتى.

كېنىزەكلىرىدىن يەتتىسىگە شاھانە كېيىملەرنى كەيگۈزۈپ، زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقاپ، سەپراس قىلدى. ئارقىدىن زىنداندىكى كىشىلەرنى كەلتۈردى. ئۇلارغا: «قېنى، بۇنىڭ ئىچىدىن گۆھەرنى تونۇپ ئېلىڭلار،» دېدى.

ئۇلار گۆھەرنىڭ چىراي-شەكلى، مەڭزىدىكى خالىنى بىلمەس ئىدى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرى بىلگەنچە بىردىن كېنىزەكنى «گۆھەر مۇشۇدۇر،» دەپ ئىلغىدى. ئۇلارنىڭ يالغانچىلىغى ئاشكارا بولدى. شاھ بۇلارنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرىدى.

ئەتىسى تەختىدە ئولتۇرۇپ، بارلىق ۋەزىر-ئۈزرا، ئاكابىر-ئەشرەپلەرگە ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى يەتكۈزدى. ئاندىن ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئوغرى بىلەن توگە مىنگەن كىشىگە نەسىھەت ۋە تەنبىھ قىلىپ قويۇپ بەردى. ۋەزىرگە: «سەن قاچان ھەسەننى ھوزۇرۇمغا كەلتۈرسەڭ، شۇ چاغدا سې-

نى ئازات قىلىمەن، دەپ پەرمان چۈشۈردى. ۋەزىر ئىلاجىسىز ھەسەننى پادىشا ئالدىغا ھازىر قىلدى. پادىشا ۋەزىرگە كۆپ تەنبىھ قىلىپ، قويۇپ بەردى. گوھەر بىلەن ھەسەنگە شاھانى كىيىملەرنى، ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ھەدىيە قىلىپ، ئەركىن خۇشال-خورام ھايات كەچۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى. ئۇلار شاھىنىڭ بۇ ئادالىتى ۋە ياخشىلىقىدىن كۆپ خۇرسەن بولۇشتى...

# ھەسەن بىلەن گوھەرنىڭ 2- ھىكايىسى

ھەسەن بىلەن گوھەر پادىشانىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ، شەھەر چېتىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى. كەچ كىردى، ھەسەن چىراق يېغى ئېلىش ئۈچۈن بازارغا ماڭدى.

بۇندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ياغچى ئاخشىمى ئۆيىدە ياغ ساتقان پۇللىرىنى ساناپ ئولتۇراتتى. بىر ئوغرى كىرىپ، چىراقنى ئۆچۈردى- دە، پۇلنى بۇلاپ قاچتى. ياغچى ئوغرىنىڭ ئۈستىدە مىرشاپقا ئەرز قىلدى. مىرشاپ ياغچىغا «ئوغرى ئۆيۈڭگە قايتا كىرگەندە، بىزگە مەلۇم قىلغىن، بىز ئۇنى تۇتۇپ پۇلۇڭنى ئېلىپ بېرەيلى.» دېدى. ياغچى شۇ ئوغرىنى تۇتۇش كويىدا تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدى، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغان ھەسەننىڭ تەلىيى تەتۈر كېلىپ، بۇ ياغچىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قالدى.

ياغچى ھارامخور ئادەم بولۇپ، دائىم خېرىدارلارغا ياغنى كەم تارتىپ بېرەتتى. ھەسەن جىڭنىڭ چېكىتىنى كورۇشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا غايىپتىن بىر شامال كېلىپ چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ياغچى «مېنىڭ پۇلۇمنى ئوغرىلاپ قاچقان ئوغرى سەن ئىكەنسەن،» دەپ ھەسەنگە ئېسىلىپ «ئادەم بارمۇ!» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى، خالايىق يىغىلدى. ھەسەننى تۇتۇپ، مىرشاپ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. مىرشاپ ھەسەندىن گەپ سورىماي يىلا خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇپ، ھەسەننى ئۇردى، بىھوش قىلىپ، زىندانغا قامىدى. ھەسەن بۇ ئىشنى كورۇپ ياقىسىنى چىشلەپ: «سۇبھانەللا، بۇ قانداق ۋەقە، نىمە قىسمەتتۇر، ھەر كۈنى بېشىمغا يۈزمىڭ سەۋدالار كېلىپ تۇرىدۇ،» دەپ خۇداغا نالە-زار قىلىپ نائىلاج گۇناھكارلار بىلەن بىللە ياتتى.

گوھەر ھەسەننى بىتاقەت بولۇپ كۈتتى، كەلمىدى. ھەسەندىن غەم قىلىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاڭ ئاتقۇزدى، ئەتىسىمۇ كەلمىدى. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. گوھەر كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، نەچچە كۈنلەپ ئىزدەپ، ھەسەننىڭ ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىدى. ئاخىرى نەزىرى زىندان تەرەپكە چۈشتى. كوردىكى ھەسەن گۇناھكارلار ئىچىدە بىتاپ بولۇپ، پۇت- قولىدا زەنجىر نالە قىلىپ يېتىپتۇ، گوھەر ھەسەننىڭ بۇ ھالىغا چىداپ تۇرالماي ئۆزىنى ئېتىپ زار- زار يىغلاپ سورىدىكى: «ئى ۋاپادارىم ھەسەن، نىمە سەۋەپتىن بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇڭ، پۇت- قولۇڭدا كىشەن، بۇنىڭ سەۋەۋى نىمە، سۆزلىسەڭچۇ»

ھەسەن كەچمىشىنى بايان قىلدى. ھەسەن بىلەن گوھەرنىڭ بىللە يىغلاپ تۇرغانلىقىنى گۈندىپايلار كورۇپ قېلىپ، مىرشاپقا خەۋەر يەتكۈزدى. مىرشاپ گوھەرنى چاقىرتقۇزدى. گوھەر ئەھۋالنى ئېيتتى. مىرشاپ گوھەرنىڭ ھۆسنى جامالىغا ئاشىق بولدى ۋە دېدىكى:

«سىز بۈگۈن ئاخشام كېلىپ، ماڭا كورۇنۇش قىلىپ، مىرادىمنى ھاسىل قىلسىڭىز ھەسەننى قويۇپ بېرىمەن، بولمىسا ھەرقانچە نالە پەريات قىلغىنىڭىز بىكار.»

گوھەر بۇناپاك، نائەھلىنىڭ سۆزىدىن دەرغەزەپ بولۇپ، مەيۇس ھالدا ھوجرىسىغا قايتىپ ئويلىدى: «مەن قازىخانىغا باراي، قازىغا ئەھۋالىمنى ئېيتىپ، ئەرز قىلسام مۈشكۈلۈم ئاسان بولغاي» دەپ قازى ئالدىغا باردى.

قازى گوھەرنىڭ ھورى غىلماندەك گۈزەل چېھرىسىنى كۆرۈپ، پاسىق ۋۇجۇدىدا ئوتلۇق بىر ھارارەت سەزدى. نامەھرەملىك ھەممىسى ئېزىلىپ، ئىمان - ئىخلاسى قايتتى ۋە گوھەرنى ئالداشقا تۇتۇندى. گوھەر بۇنداق بىھايا قازىدىن تولا نارازى بولۇپ، شەرمەندىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئويلىنىپ، ئۇنداق مەككارغا ھىلە ئىشلەتمەكتىن ئۆزگە چارە يوقلىغىنى ھېس قىلدى. ئۇ قازىنىڭ سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئۇلتۇرۇشلۇق جايىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن گوھەر قازىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، مىرشاپ قېشىغا كەلدى. مىرشاپقا يەنە ئۆز ئەھۋالىنى ئىزھار قىلىپ، ئەرز قىلدى. مىرشاپ ئەۋۋەلقى سۆزىدىن يانىدى. گوھەر ئۇنىڭمۇ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. مىرشاپ گوھەرنىڭ رازىمەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، بىر ئادەمنى بەزمە تەييارلىغىنى قىلىشقا ئەۋەتتى.

گوھەر ھوجرىسىغا كېلىپ، تەييارلىقنى پۈتتۈردى. كەچ كىرىپ كۆز باغلاندى. قازى ياخشى سەرپايە، سەللە - پەرىجىلىرىنى كىيىپ، ساقىلىنى بوياپ، قورۇق باسقان خۇنۇك كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، ھاسا تاياقىنىچە گوھەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكىنى چەكتى. گوھەر قازىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، مىرشاپ ئەۋەتكەن نازۇ-نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى. قازىنىڭ نەپسى شەھۋانىسى قوزغىلىپ، گوھەرگە ھە دەپ شوم كۆزلىرىنى تىكىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك سىرتىدا بىر تىۋىش ئاڭلاندى. قازى بۇتەنادىپ ھالدىن قورقۇپ «لاھولە» ئوقۇشقا باشلىدى. ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق دەپ سارىسىمگە چۈشتى. قانداق قىلىپ، بۇ شەرمەندىلەرنىڭ قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

گوھەر قازىنىڭ بۇھالىنى كۆرۈپ:
ئى قازى كالان، تولا ئەندىشە قىلماڭ. سىزنى بىر دەملىك خىلۋەت جايغا يوشۇرۇپ، قويۇپ، ئۆينى خالى قىلغاندىن كېيىن، خىزمىتىڭىزدە بولغايمەن، - دېدى ۋە قازىنى قازناقتىكى چوڭ كۈزىنىڭ ئىچىگە سولاپ ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى. ئاندىن ئىشىككە چىقتى. مىرشاپنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا نازۇ- نېمەتلەر بىلەن شاراپ كەلتۈردى. مىرشاپ خۇشلۇقىدىن ئانداق ئىچتىكى ھايال ئۆتمەي، مەينىڭ كۈچىدىن غەخ-ۋەخ مەس بولدى.

گوھەر شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنى ئالدار ئىدى. مىرشاپ غەپلەت ئىچىدە بارغانسېرى ئەقلىدىن ئازار ئىدى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، گوھەر ئېيتتىكى:
— «ئەي مىرشاپى سەردار، بۈگۈن مەندىن ۋەزىرمۇ مىراد سورىغان ئىدى. مەن نائىلاج رازى بولۇپ، ۋەزىرنى بۈگۈن كەچكە تەكلىپ قىلغان ئىدىم. ۋەزىر كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەمدى جېنىڭىزنى جايلىماسلىق باشقا ئامال يوق.» مىرشاپ ۋەزىرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، قورقۇنچىدىن جېنى ھەلقۇمىغا تىقىلدى ۋە يالۋۇرۇپ دېدى:
— ئى مەلىكە خۇبان، خۇدالىق ئۈچۈن ماڭا سىرى رەھمى قىلساڭ ۋە مېنى بۇ بالادىن قۇتقازساڭ؟ گوھەر ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا جاۋابەن:
— جان دىلىم بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولغايمەن. مەندەك بىناۋا ئاجىزەنىڭ ئۆيىدە سىزنى يوشۇرغىدەك بۇ تاغاردىن ئۆزگە نەرسە يوقتۇر. مالال كۆرمىسىڭىز، تاغارنىڭ ئىچىدە بىردەمگە يېتىپ تۇرسىڭىز، ۋەزىر

(داۋامى 79- بەتتە)

# كىتابتىن پارچە

موللا مەھەممەت قەشقەرى تەرجىمە قىلغان ئەسەر

## «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» (ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى) ھەققىدە

### نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» ئىلمىي قىممىتى ۋە بەدىئىي سۈپىتى يۇكسەك ئەسەر بولۇپ، 40 بابنىڭ بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر بابتا ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان بىر مەسىلە بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور مەسىلىنى بايان قىلىشتا، ئەۋۋەل شۇ ھەقتىكى كوزقاراشنى مېغىزلىق، قىسقىچە ئىزھار قىلىپ، ئاندىن بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن، كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر پادىشا، ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن تەسىرلىك ھېكايە، رىۋايەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بايان قىلىش جەريانىدا، كىچە يەتمىش رولىغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى پىكىرلىك شېئىرىي پارچىلارنى ئىشلىتىدۇ. باب ئاخىرلاشقاندا، ئۇزىنىڭ ئۆممەت-تەشەببۇسلىرىنى ئىخچام جۈملىلەر ئارقىلىق ئېيتىپ خۇلاسىلايدۇ. بىز بۇ ئەسەرنى: «قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش» فاڭجېنى بويىچە خەلقنى تەربىيىلەش، گۈزەل ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇش-تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن پايدىلىنىشىمىزدا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

«ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» نى پارس يازغۇچىسى ھوسەيىن كاشىفى (ۋاپاتى 15 5-يىلى) يازغان بولۇپ، 18-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر يازغۇچىسى قەشقەرلىق موللا مەھەممەت تۆمۈر 1709-يىلى پارس تىلىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كىتابنىڭ نۇسخىلىرى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، موللا مەھەممەت تۆمۈر قەشقەرى ئۆز زامانىسىدا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاكتىپ ھىمايىچىسى ۋە قابىل تەشۋىقاتچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان خەلقپەرۋەر ئالىم ۋە تەرجىمان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق شائىردۇر.

ئۇ، «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» نى ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ، سۆز-جۈملىلەرنى ئېنىق، ئۆز مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ دەل، پۇختا، ئوتكۇر ۋە پاساھەتلىك بولۇش-

قا ئەھمىيەت بەرگەن. كىتابنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلىكىدىن قارىغاندا، ئەدىپ-ئالىم موللا مەھەممەت تومۇرنىڭ تۈرك ۋە پارس تىلىنى ياخشى بىلىدىغان، يېتىشكەن تىلشۇناس ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا، گۈزەل تۈركى تىلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايەن قىلىپ، باشتىن-ئاياق مۇمكىن قەدەر ساپ تۈركى تىلىنى ئىشلىتىپ، ئەينى زاماندىكى «ئەرەب، پارس تىلى مۇقەددەس» دەيدىغان چۈشەنچىنى بۇزۇپ تاشلىغان. تۈركى تىل سۆز ئۈنچىلىرىنى قۇرلار يىپىدا چاقناتقۇزۇپ، ئەبەدىل-ئەبەت قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، پارسچە نۇسخىدىن قىلچە كەم تۇرمايدىغان بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن.

بۇقېتىم «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» دىن ئايرىم پارچىلارنى كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نەشرگە تەييارلىدىم. تەييارلاشتا، چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، شېئىرلاردىكى سۆزلۈكلەرگە لۇغەت بەرمەي، ئۇنى قالدۇرۇپ، ئورنىغا ھازىر قوللىنىۋاتقان مەنىسىنى ئالدىم.

**ئابدىرېھىم ئىسمايىل**

# «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» (ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى)دىن نەمۇنىلەر

## 8-باپ. ھايانىڭ بايانى (قىسقارتىلدى)

ھايانىڭ مەنىسى—يامان ئىش قىلماقلىقتىن ئۇيالماقتۇر. ئۇ، ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەت ۋە ئۇبدان ئادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھايا گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى بولۇپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. ئىنساندىن ھايا كۆتۈرۈلسە، ھېچ كىشى ھېچ كىشىدىن ئۇيالمايدىغان بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ، ياخشى رەسمى قائىدىلەر تۈگەپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتىدۇ. ئىنسانپىسىزلىق ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىپ، نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىدىغان بولىدۇ.

بېيىت:

مەنئىي ئىشلارنى بۇزارغا كۈچ-مەدەت بولغاي ھايا،
كىم يامان يولغا قەدەم قويسا،
ئۇنى توسقاي ھايا.

دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كۆپچىلىك ئۈچۈن ھايادىن پايدىلىقراق نەرسە يوقتۇر. ياخشىلارنىڭ ياخشى ئەخلاق مېۋىسى ھايا سۈيى، ھايا ئاپتىۋىدىن پەرۋىش تاپمىسا، ئۇ، ئۆزىنىڭ خام ھالىتى بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

قىتئە:

خەلق ئاراسىدىن ھايا كەتسە ئۇيات-
نومۇس كېتەر،
بار دېيىلسە پەردىشەپ، بۇدۇر ھايا
بولغانىدىن.

ھايانىڭ بىرخىلى—مۇھتاج بولغۇچىنى نائۈمىد ياندۇرماسلىقتۇر. ئاللا تەئەلا ھايا قىلغۇچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىلارغا خوشتاردۇر. ئەگەر بەندىلەردىن قايسىبىرى ئۆز-

ھاجىتىنى تىلەپ، دوئاغا قول كۆتەرسە، ھەقتەئەلا ئۇنىڭ قولىنى پەيزى رەھمىتى بىلەن تولدۇرۇپ، نائۈمىت ياندۇرمايدۇ. بەلكى بۇ، ھايا قىلغۇچىنىڭ ئارزۇ كۆپىگە قىممەتلىك مۇرات سۈيىنى قۇيىدۇ.

تىلىسەڭ ھاجەت، خۇدا دەرگاھىدىن
ئەيلەپ ئۈمىت،
قويمىغاي ھەرگىزسىنى ئۆز رەھمىتىدىن
نائۈمىت.

شۇنداق بىرھېكايە باركى، باغدات پادىشاھى مەئمۇن خەلىپىنىڭ زامانىسىدا بىر ئەئرابى (سەرالىق دېخان) ياشايتتى. ئۇ، تۆپرىغى شورلۇق بىر كەنتتە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋە ئۆمرىنىڭ بىرقىسمى بۇيەردە ئۆتكەن ھەم دائىم شورلۇق، ئاچچىق سۇ ئىچىپ بىرەر قېتىممۇ تاتلىق سۇ ۋە مېۋە كۆرمىگەن ئىدى.

بېيىت:
زىلال سۇ تەمىدىن شۇ دەمگىچە ئۇ بىخەۋەر ئىدى،
كى ئاچچىق سۇ ئىچىپ دائىم ئۆمرىنى ئۆتكۈزەر
ئىدى.

يىللار ئۆتۈپ بۇ ئەئرابىنىڭ يۇرتىدا ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچلىقتىن قىينىلىپ، يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا جايغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ سەرگەردانچىلىقتا يۈرۈپ، بىر كۈنى تۆپرىغى مۇنبەت، زىرائەتلەر كۆكىرىپ تۇرغان بىر يەرگە كېلىپ قالدى. بۇ ئورۇندا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان چوڭ بىر ئازگال بولۇپ، سۇيۈزىدە شامال ئۇچۇرۇپ ئەكىلىپ تاشلىغان غازاڭ، خەسلەر لەيلەپ تۇراتتى.

ئەئرابىنىڭ كۆزىگە بۇسۇ ئاجايىپ سۈزۈك ۋە پاك كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، بۇنداق سۇنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدى. ئەئرابى ئازگال بويىغا كېلىپ سۇدىن بىر چاڭگال ئىچىۋىدى، ئاغزىغا ناھايىتى شېرىن تېتىپ كەتتى. كۆڭلىدە ئۇ: «ھەقتەئەلانىڭ بېھىشتە مۇشۇنداق ئاجايىپ تاتلىق سۇلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەگەر گۇمانىم يالغان بولمىسا، ھەقتەئەلا مەندەك پېقىر-مۇھتاجقا رەھىمى كېلىپ، ئۇسسۇزلۇق ۋە بىچارىلىقىمنىڭ بەدىلىگە بۇ سۇنى بېھىشتىن چىقىرىپ بەرگەن بولۇشى ئېھتىمال. مەن بۇ سۇدىن بىر تۇلۇم ئېلىۋېلىپ، باغدات پادىشاھىنىڭ ئالدىغا باراي، بۇ تۆھپەم يۈزىسىدىن پادىشا ماڭا نۇرغۇن مال-دۇنيا ئېھسان قىلسا ۋە بۇنىڭ بىلەن بالا-چاقىلىرىم غۇربەتچىلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس،» دەپ ئويلىدى.

ئەئرابىنىڭ بىر تۇلۇمى بار ئىدى. ئۇنى سۇ بىلەن تولتۇرۇپ، خەلىپىنىڭ ئالدىغا بارغىلى باغدات يولىغا راۋان بولدى. ئۇ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، ھەيۋەت ۋە داغدۇغا بىلەن ئوۋغا ماڭغان خەلىپە مەئمۇننى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، دۇئاغا ئېغىز ئاچتى. خەلىپە ئەئراپىغا نەزەر سېلىپ، ھېسداشلىق قىلغان ھالدا قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئۇ، يۇرتىدا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىككە تاقەت قىلالماي، تىرىكچىلىك ئىزدەپ باغداتقا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. پادىشا يەنە ئۇنىڭدىن كىمنىڭ قېشىغا بېرىشنى نىشان قىلىپ يولغا چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئەئرابى: «سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتىم، ساڭا ھەدىيە قىلىدىغان قىممەتلىك تۆھپەم بار ئىدى، ئۇ شۇنداق نەرسە دۇركى، ھېچكىمنىڭ قولى ئۇنىڭ ۋىسالىغا ماڭا ئوخشاش يەتكەن ئەمەس، ھېچقانداق مەخلۇقاتنىڭ كوزى ئۇنىڭ سىياقىنى ماڭا ئوخشاش كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولمىغان» دېدى.

خەلىپە بىزگە پېتىن ھەيران بولۇپ: «قېنى چىقارغىنا، نېمە كەلتۈردۈڭ، كۆرەيلى» دەپ ئېيتتى. ئەئرابى قولىدىكى تۇلۇمنى كۆرسىتىپ: «بۇنىڭغا بېھىشنىڭ سۈيى ئېلىنغان. بۇ دۇنيادا ھېچكىم بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاتلىق سۇنى ئىچمىش ئەمەس، ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان بولسا كېرەك.» دەپ تۇلۇمنى خەلپىنىڭ ئالدىغا قويىدى.

بېيىت:

سۇ ئەمەس گويا كى ئۇ شاخۇ-شېكەرنىڭ شىرنىسى،
جانغا راھەت تىلەك، تىرىكلىك سۈيىنىڭ ھەم شىرنىسى

خەلپە خىزمەتچىسىگە تۇلۇمنى يېشىپ، ئۇنىڭدىكى سۇدىن قەدەھكە قۇيۇپ كېلىشنى بۇيرىدى. خىزمەتچى سۇدىن ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشا قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، سۈرەتكىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كوردى ۋە سەل-پەل تېتىپ بېقىپ، تەمىنىڭ ھەم ئۆزگەرگەنلىگىنى بىلدى.

خەلپە بىر ئاز تۇرۇپ قالدى-دە، بۇ ئەھۋالغا پىكىر يۈرگۈزۈپ، پاراسەت بىلەن ئەئرابىنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولدى. ھايا ساقلاپ، كەلتۈرگەن ھەدىيەسىنىڭ قانداقلىغىنى يۈزىگە سېلىپ، سىرنى ئاشكارا قىلىشنى خالىماي: «ئەي ياخشى نىيەتلىك كىشى! ئەيتقىنىڭدەك، بۇ ئاجايىپ سۈزۈك ۋە غارايىپ تۇلىمۇ شىرىن-شەربەتلىك سۇ ئىكەن. راست، ئۇنى ھەرقانداق كىشىگە بىرىۋىرىشكە بولمايدىكەن.» دىدى-دە، خىزمەتكارىغا سۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسىلىرى ساقلىنىدىغان مەخسۇس ئورۇندا قويۇشنى، ئۇنى ئالاھىدە ئوبدان ساقلاشنى تاپىلىدى. شۇنداقلا ئەئرابىغا قاراپ: «ماڭا ياخشى توھپە ئېلىپ كەپسەن، ھەرقانداق ھاجىتىڭ بولسا، ئېيتقىن، ئۇنى بىجا قىلىشقا مەن تەييار!» دەپ ئېيتتى.

ئەئرابى بۇگە پېتىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خەلپە يېنىدىن مىڭ دىنار چىقىرىپ، ئەئرابىغا ئۇزاتقان ھالدا: «بۇ ئالتۇنلارنى ئالغىن ۋە دەرھال يۇرتۇڭغا قايتقىن.» دىدى.

ئەئرابى مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈپ، پادىشا ھۇزۇرىدىن قايتىپ كەتتى. ئەھۋالنى كۆرگەن دۆلەتئەرباپلىرى خەلپىدىن: «نىمىشقا ئۇ ئادەم ئېلىپ كەلگەن تۇلۇمدىكى سۇنى ئەۋۋەل بىزگە تېتىتتۇرۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىز تەككۈزمىدىلە ھەم ئۇنى باغدا تېتىن نېرى كەتكۈزمەي، كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدىلا. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدۇق.» دەپ سورىدى.

خەلپە بۇگە پىكەجاۋاپ بىرىپ: «ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن سۈيى ناھايىتى بەتبوي، بۇزۇلۇپ قالغان سۇ ئىكەن. بۇ سۇنى ئۇ ئۆزى ئىچىپ كەلگەن سۇغا سېلىشتۇرۇپ، بېھىشنىڭ سۈيى دەپ خىيال قىپتۇ. ئەگەر بىرىڭلارغا بۇ سۇدىن بەرگەن بولسام، ھەممىڭلار ئۇنى مالامەت قىلاتتىڭلار. بۇچاغدا ئۇ خىجىل بولغان بولاتتى. ياندۇرىۋېتىشىمنىڭ سەۋەبىگە كەلسەم، مۇبادا ئۇ يولنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، بىرەر ئېقىن ياكى كۆلگە يولۇقۇپ، بۇنىڭدىن پاكىزە ۋە تەملىك سۇ ئىچەتتى-دە، ماڭا ناچار سۇنى ھەدىيە قىلغانلىغىدىن خىجالەت بولاتتى. شۇ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھايا قىلىپ، ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنىڭ سەھپىسىگە خىجالەت غۇبارىنى قوندۇرماسلىق نىيىتىدە ئۇز دىيارىغا كەتكۈزىۋەتتىم.» دىدى.

قىلغاچقا سېخىلەر ئاللادىن ھايا،
مۇھتاجنى نائۈمىت قويماس زادىلا.
ھايانىڭ يانا بىرخىلى — ھايايى ئەدەپ-

تىر. ئەگەر بىرئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھەرقانچە توغرا ۋە يوللۇق بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ، ئەدەپ، ھايانى ساقلىمىسا بولمايدۇ. پادىشاھى نۇشىرۋان نەرگەس گۈلى تۇرغان ئويىدە ھەرگىز كوكۇل ئاچماس ئىدى. چۈنكى: «نەرگەس گۈلى خۇددى قاراپ تۇرغان كوزگە ئوخشايدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ھايا قىلىمەن.» دەيتتى...

## 36-باپ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلمەكلىكنىڭ بايانى

ئاقىللەر ۋە ئاگاھلارنىڭ ئاپتاپ يەڭلىغ نۇرلۇق كۆڭۈل ئۆيلىرى ئۈچۈق ۋە روشەندۇركى، ئېزىز ئۆمۈر چاقماقتەك تېزلىكتە ئۆتۈپ بارىدۇ. تىرىكلىك سائەتلىرى مەۋج ئۇرۇپ ئاققان دەريادەك توختاۋسىز كېتىۋېرىدۇ. ھەربىر پۇرسەت بىباھا گوھەرگە ئوخشاش قىممەتلىكتۇر. ھەربىر ئىنسان ئۇنىڭ قىممەت باھالىغىنى چۈشىنىش كېرەك. دۇنيادا ياشاش نۆۋىتى پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئۇنى يەنە قايتىدىن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۆتۈپ بارغان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، پەيتنى زايا قىلمىغان كىشى بۇ ئۇزاق يولدا بەختەر مەنزىلگە يېتىشى چوقۇمدۇر.

غەنىمەت بىل ھاياتىڭ پۇرسىتىنى،
ئۆتۈپ كەتسە ئېلىكىڭدىن تۇيۇقسىز.
ئىشەنمەس زادىلا دەۋرانغا ئاقىل،
چۈمۈپ غەپلەتكە ياتماس ئۇخلاپ ھەرگىز.

شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئۆتكۈنچى رۇزىگاردا، بۇنداق زامانەئى بىقارارلاردا ھەربىر ئەقىل ئىگىسى خالايىققا كېرەم ۋە ساخاۋەتلىك، ئادالەت ۋە مەرھەمەتلىك بولۇپ، ياخشى ئات، ياخشى سۆيەتنى بۇ ئالەمگە يادىكار قىلىپ كېتىشلىرى لازىم. بۇ-ئىككىنچى قېتىم ئۆمۈر كۆرگەنگە ئوخشاشتۇر.

ھىكايە قىلىنىپتۇركى، بىر پادىشانىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئۇلۇغزاتنىڭ نۇرغۇن تەئرىپى بولدى. پادىشا ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن دانىشمەنلەردىن بىرىنى چاقىرغىلى ئەۋەرتتى. ئۇل زات پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپ، «پەرۋەردىگارا، پادىشانىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى مىڭ يىلغا ئۇزارتىپ بەرگەيسەن.» دېدى. پادىشاغا بۇ دۇئا ياقماي: «سىزنى خالايىق كۆپ تەئرىپ-توسىپ قىلغان ئىدى، سىز مېنىڭ ئالدىمدا بىھۇدە سۆزلىدىڭىز، مەن بۇنىڭدىن كۆپ ئەجەپلەندىم. چۈنكى، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆمرى مىڭ يىلغا بارمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟» دېدى. دۇئا قىلغۇچى زات چۈشەندۈرۈپ، پادىشاغا شۇنداق ئېيتتى: «ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىشنىڭ ئۆزى ئۆلگەن كىشىنىڭ قايتىدىن ئۆمۈر سۈرگىنىگە ئوخشاش، سىزگە بۇنداق دۇئا قىلىشىمنىڭ سەۋەبى ياخشى نامىڭىزنىڭ مىڭ يىللارغىچە ئۆچمەي، زىكىر قىلىنىپ تۇرۇشىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت.

بېيىت:

ياخشى ئادەم ئۆلسە ئۇبدان نامى ھەرگىز ئۆچمىگەي
ئەسكى ئادەم ئۆلۈكتەك ياخشى نام ئەپكەتمىگەي.

رىۋايەتلەردە كەلتۈرۈلۈپدۇركى، نۇشىرۋانى ئادىلنىڭ دۇنياغا داڭقى كەتكەن ئىمارەت سارىيىنىڭ سىياقى ھەددىدىن زىيادە ياخشى، چوڭ ۋە پەنجىرىلىك بولماستىن، بەلكى غىشلەر بىلەن سىلىق قىلىپ ئەتىلگەن، دەرىزە-ئىشىكلىرى نۇرغۇن، ئەمما ئانچە تەھسىن ئېيتىپ كەتكۈدەك ياسالمىغان ئىدى. بۇ ئىمارەتنىڭ شۇنچىلا شۆھرەت تېپىپ كېتىشى ۋە قىيامەتكىچە تەرىپلىنىشكە ھەقلىق بولۇشى بۇنداق بىر ھىكايىدىن ئىدى:

بىر قېرى خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسكى، ئىسلىق ئۆيى نۇشىرۋان سالدۇرغان ئىمارەتنىڭ يېنىدا ئىدى. ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن، نۇشىرۋان بارلىق ئالىم، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئىمارەتنىڭ قانداق ئەيىپ-قۇسۇرى بارلىقىنى سورىدى.

تاشقىدەمگە يەتكىچە گويا كى يۈز مىڭ كۆز بىلەن،
كۆرمىدى بۇنداق بەلەن مەشھۇر ئىمارەتنى جاھان
ئاچقى كۆپ ئالى دەرىزە ھەم ئىشىكنى ئۇستىلەر،
بولدىلەر خۇددى بېھىشنىڭ ئۆيلىرى بۇندىن ئايان.

ئۇلار كۆرۈپ «بۇ ئىمارەتنىڭ ياسىلىشىدا ھېچقانداق قۇسۇر كۆرمىدۇق، ئەمما ئول قې-

www.uyghurkitap.com



ری خاتۇننىڭ ئۆيى بۇ ئىمارەتنىڭ يېنىدا
بولغانلىقتىن مورىسىدىن چىققان تۈتۈنلەر
بۇ گۈزەل، پاكىزە قۇرۇلۇشنىڭ تاملىرىنى
مەينەتلەشتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ ۋەيرانە-
نى ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى قىلىۋېتىلمىسە،
ئىمارەتنىڭ سۈپىتىگە كوپ دەخلى يەتكۈزى-
دىكەن.» دېيىشتى.

ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا چۈشۈپ ئۇنى
پۈتكۈزگەن بولدۇم، پۈتكەندىن بىرى قېرى
خاتۇننىڭ مورىسىدىن چىققان تۈتۈنلەر كوز-
لىرىمنى قاراڭغۇ قىلىپ، دىماغلىرىمنى ئې-
چىشتۇرۇپ ئارام بەرمىدى. بۇنىڭغا چىداپ
تۇرالماي: «ئوت قالىمىسۇن، تۈتۈن چىقار-
مىسۇن!» دەپ كىشى ئەۋەتسەم: «تائام پۇ-
شۇرۇپ يېمىسەم قانداق ھايات كوچۈرەلەي-
مەن؟!» دەپ ئۇچۇر بېرىپتۇ. مەن بۇ گەپنى ئې-
غىر ئالماي، ئۇنىڭغا لەززىز تائاملار ئەت-
كۈزۈپ ئىبەرتتىم ۋە ھەركۈنى مۇشۇنداق
ياخشى تائاملار بىلەن تۇرمۇشىدىن خەۋەر
ئېلىپ تۇرىدىغانلىغىمنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئو-
يىگە ئوت قالاپ ئاۋارە بولماسلىقىنى خىز-
مەتكارىم ئارقىلىق ئىزھار قىلدىم. لېكىن
ئايال بۇنىڭغا بەنىلا ئۇنىماستىن پىكرىنى
يەتكۈزگۈچىگە: «پادىشاغا بېرىپ ئېيتىڭ:
دۇنيادا مەندەك پېقىر-ئاجىز تۇل خوتۇنلار
ناھايىتى تولا. ئۇلار قۇربى يەتكەن ئىش-
لارنى قىلىپ، ھالالدىن رىزىق تېپىپ، ماڭا
ئوخشاش كۇندە بىر ۋاق ئوماچ ئېتىپ ئى-
چىشكە ئاران قادىر بولىدۇ. پادىشانىڭ
شۇبھىلىك، لەززەتلىك مەززىرىنى مەن بىكار
يېمەيمەن! مېنى بۇ ئىسسىق ئويۈمدە ئوز
ھالىمغا يارىشا تۇرمۇش كوچۈرگىلى قوي-
سۇن! شۇنداق قىلسا بۇنىڭ خاسىيىتى نۇر-
غۇندۇر، ئادالەت ئىگىسى بولغان پادىشا
مەندەك پېقىر- بىچارىنىڭ ئەسكى ئويىنى
بۇزۇشتىن قول تارتىشى پۈتكۈل مەملىكەت-
كە تەسىر كورسىتىدىغان بىر ئىش بولۇپ
قالغۇسى، بۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئەسكەرلەر

خەلققە زۇلۇم-سىتەم قىلىشتىن قول يىغىدۇ،
دولەتتە ياخشى كەيپىيات ئەۋج
ئالىدۇ، پادىشا ياساتقان
بۇ ھەشەمەتلىك ئايۋان-سارايلار ئەھ-
تىمال نەچچە يىللاردىن كېيىن كونىراپ
ۋەيران بولۇپ كېتەر، ئەمما پادىشانىڭ بۇ-
جەھەتتىكى ياخشىلىقى كىتابلار سەھىپىسىدىن
ئورۇن ئېلىپ، قىيامەتكىچە قىسسە بولۇپ
قېلىشى مۇمكىن» دەپتۇ. مەن شۇ سەۋەپتىن بۇ-
ئاجىز، تۇل مەزلۇم بىلەن ھەقەمسايە بو-
لۇپ ئوتۇشتىن باش تارتىمىدىم.

ھوكۈمەت ئەرباپلىرى پادىشادىن بۇ-
گەپنى ئاڭلاپ كورسەتكەن مەسلەھەتنىڭ
ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى.

نۇشىرۋان ياساتقان بۇ ئىمارەتنىڭ
ئالدى تەرىپى رەڭگامۇرەڭ جاۋاھىرلەر بى-
لەن زىننەتلەنگەن ئىدى. قېرى ئايالنىڭ
بىر كالىسى بولۇپ، ھەركۈنى ئەتىگەن-ئاخ-
شامدا كالىنى ئىمارەت ئالدىدىن
ئوتكۈزۈپ، بۇ يەرنى بۇزۇپ
قىلاتتى. بۇنى كورگەنلەر ئايالغا
تاپا قىلىپ: «پادىشانىڭ ئىناۋىتىنى قىل-
غىن، سەلتەنەتنىڭ زىننىتىنى بۇزمىغىن»
دېسە، ئايال: «پادىشانىڭ ئىناۋىتى زۇلۇم
بىلەن توكۈلىدۇ، ئەدلى- ئادالەت بىلەن
روناق تاپىدۇ، مەندەك بىر ئاجىزنىڭ بۇن-
داق قىلىشى بەلكى پادىشانىڭ ياخشى نا-
مىغا شوھرەت قاتىدۇ.» دەر ئىدى، نۇشىر-
ۋان ئىنساپ يۈزىسىدىن بۇ ئايالنى ئوز
مەيلىگە قويغان ئىدى. شۇندىن بۇيان ئول
قېرى خوتۇن بىلەن نۇشىرۋاننىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى ھىكايە خالايىق ئارىسىدا مەشھۇر
بولدى.

دېمەك، ھەر كىشى بۇدۇنيانىڭ دو-
لىتىگە ۋە ئومۇر ئىمارىتىگە كوڭۈل بولۇپ
كەتمەي، خالايىق بىلەن ئوبدان كېلىشىپ،
ئوز ئارا مېھرى-شەپقەتنى تاشلىماي، بۇدۇن-
يادا ياخشى نام، ئاخىرەتتە ئابرۇي تې-

چەش ئۆچۈن تىرىشچانلىق كورسەتمىشى كېرەك.
ھىكايەت: سۇلتان مەھمۇتنىڭ بىر بېـ
غى بار ئىدى. بۇ باغنى ناھايىتى تۈزەپ
ئاجايىپ ساپ ھاۋالىق، كوڭۇلگە ئارام بېـ
غىشلايدىغان گۈزەل مەنزىرىلىك ھالەتكە يەتـ
كۈزگەندىن كېيىن دادىسىنى تەكلىپ قىلىپ،
كاتتا ئولتۇرۇش– زىياپەت ئۆتكۈزدى. بۇنـ
داق بەزمە - سورۇننى زامانە ئەھلى ھېچـ
قاچان كورمىگەن ئىدى. تاتلىق تائـاملار،
بەھىش نىمەتلىرىدىن نىشان بېرىپ تۇراتـ
تى، خۇشبۇي شەربەتلەر، شارابى ئەنتۇھۇرـ
دىن خەۋەر بېرەتتى، ھەمـمـە نـەرسـە
تـەل قىلىنغان ئىدى.

تىزىلدى بەزمىگە كوپ نازۇ- نىمەت،
كى جەننەت لەززىتىدەك بەكمولـەززەت.
ئېتىلدى خىلمۇ-خىل قۇشلار كاۋابى،
ئېشىپ تاشقىنچە جىق بولدى تائامى.
قويۇلدى داستىخانغا قەنت، ھەسەل ھەم،
يەيىشتى لاۋۇلەشكەر، ئەل بولۇپ جەم.

بەزمىدىن پارىغ بولغان ئاتىسى: «ئەي
پەرزەندىم! بۇ بېغىڭ تولىمۇ كېلىشكـەن،
تولىمۇ كوڭۇللۇك بولۇپتۇر، ئەمما بىزنىڭ
مۇلازىملىرىمىزدىن ئىختىيار قىلسا، ھەرقانـ
دىغى بۇنداق باغنى. بەرپا قىلالايدۇ. پاـ
دىشا بولغان كىشى شۇنداق باغ بەرپا قىـ
لىشى لازىمكى، ھېچقانداق ئادەم بۇنـداق
باغنى ياساشقا ئاجىز كـەلسۇن ۋە ئۇنىڭ
مېۋىلىرىدەك مېۋىنى ھەرگىز قولغا كەلتۈـ
رەلمىسۇن.» دىدى. سۇلتان مەھمۇت: «ئـۇ
قانداق باغ؟ ۋە مېۋىلىرى قايسى خىلدىكى
دەرەخنىڭ مېۋىلىرى ؟» دەپ سورىدى. ئاـ
تىسى جاۋاپ بېرىپ شۇنداق دىدى:

«بۇ باغ– ئالىملار، دەرۋىشلەر ۋە ئاـ
قىللار سوھبىتىدۇر. بۇ باغنىڭ دەرەخلىرىـ
ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق پەيدا بولغان
ياخشى ئادەم ، ياخشى خىسلەتلەردۇر. باغـ
نىڭ مېۋىلىرى بولـاـ پېقىر ئاجىزلارغـا
رەھىم قىلىپ، مېھرى- شەپقەت يەتكۈزمەكـ
تۇر. مانا مۇشۇنداق باغ ئەھيا قىلالىغۇنـ
نىڭغا قىشنىڭ سوغۇغى، يازنىڭ ئاپـتىۋى
كار قىلالمايدۇ، ھەممە ۋاقىت ئۇنىڭدىـن
خەلق ئامىمىـى بەھرى تاپىدۇ.

ئىمارەت قىلدى كوپ مەھمۇت خاقان،
بويى ھەر قايـسىنىڭ گۇياكى ئاسمان.
كـى ئـاخىر دەۋر ۋەيران قىلدى ئانى،
بىرىنىڭ قـالمىدى نامۇ- نىشانى.

✣ ✣

سال كوچەت، قىل مېۋە، تۇرماس دولەتنىڭ
قولدا ھامان،
يەتكۈسى ئومرۇڭ بېغىغا ئـاقىبەت بىر
كۈنخازان.

✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧


(بېشى 72ـ بەتتە)

قايتقاندىن كېيىن، بەزمە نىشات قىلساق،ـ
دىدى،ـ مىرشاپ تاغارغا قارشىلىـقسىز كىرـ
دى. گوھەر تاغارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېـ
كىتتى ۋە كىشى چاقىرىپ، خىزمەت ھەققـى
بېرىپ، كۈزا بىلەن تاغارنى ئوردىـغا ئېـ
لىپ باردى. پادىشاغا قازى بىلەن مىرشاپنى
كورسىتىپ، كەچمىشنى بىرمۇ-بىر بايان قىلدى.

پادىشا بىر كورۇپلا گوھەرنى تـونۇدى.
ئۇنىڭ پاك ۋىجدانىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، قاـ
زى بىلەن مىرشاپنى دار ئالدىدىـن قارار
تاپقۇزدى. ھەسەننى زىنداندىن بوشـىتىپ،
ئەرـ خوتۇننى بىر-بىرىگە قوشتى. غەزىنىـ
دىن كوپ مال دۇنيا بېرىپ، ئات-ئۇلاقلارـ
غا مىنگۈزۈپ ئوز يۇرتىغا يولغا سالدى.

—ئى شاھزادە،ـ دىدى تۇتى ھەممە خوتۇنلارـ
نى يامان، ئېيىلمىتەك يولدىن ئازدۇرغۇچى دېـ
مەك خاتادۇر. خوتۇنلارنىڭ بۇزۇلۇشى باشـ
قا سەۋەپتىن ئەمەس، ئاتاـ ئانا تەربىيـ
سىنىڭ ئاجىزلىغىدىن، جەمىيەتتىكى ئىلەتـ
لەرنىڭ تەسىرىدىن ۋە يارىماس ئەرنىڭ قوـ
لىغا چۇشۇپ قالغانلىغىدىن بولىدۇ. بۇنداقـ
لار ناھايىتى ئازكى، كوپچىلىك خوتۇنـلار
نومۇسچان، پاك، ۋاپادار كېلىدۇ..

www.uyghurkitap.com



# خوتەن ھەققىدە ناخشىلار

## شېئىرلار

## سالام خوتەن

نەجمىدىن سىددىق

خوتەن، مېھرىڭ ـ ئانا مېھرى، سەۋەپ ـ ئەجرىڭ تىزلا مەندە،
چىقىپ نەزمە تىلىم قولغا قەلەم ئالغان ئىدىم سەندە.
سەبىلەر قەلبىگە تىكلەپ بىلىم تۈۋرۈكىنى «ئا»دىن،
قەدەم قويدۇم مۇئەللىملىك ھاياتىغا ئىلىم ـ پەندە.

ياراشقان زەپ «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىگى» نامى،
ئىدىم مەنمۇ شۇ باغنىڭ گۈلچىسى ـ دەسلەپكى باغۋانى.
بولاي دەپ قاپتۇ ئۈچ ئون يىل سېنىڭدىن كەتكىلى شۇ دەم،
لېكىن، شەيدايى بۇلبۇلمەن، ئۆزەڭ قەلبىم گۈلۈستانى

يېتىشتۈرگەن شىجائەتلىك، جەسۇر ئوغلۇڭ بىلال① بىرلە،
بۈيۈك تاڭ كېچىسى ئۇچمەس ئاشۇ نۇرلۇق ھىلال بىرلە.
زاماندىش بوپ، تۇتۇپ ئۇستاز، بولۇپ ۋارىس مۇقامىغا،
قەلەم سازىمنى ياڭراتتىم قىلىپ تەڭكەش ۋىسال بىرلە.

بۇ ھەم سەندىن ئاتا بولغان شەرەپ تاجىمىدۇر مەنچۇن،
بىراق يوق سەن ئۈچۈن توھپەم بۇ ـ ئار قامچىسىدۇر مەنچۇن.
نەپەستىن قالغىچە يازسام ئېيتىپ تەرىپ قوشاق ـ داستان،
سىزىپاتىڭدىن بىرى پۈتمەس، دېڭىز تامچىسىدۇر سەنچۇن.

① ئۇلۇغ ئىنقىلابچى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر بىلال ئەزىزى.

يېپەك رىشتىلىك بىلەن مەپتۇن قىلىپ ئالەمنى بەس-بەستە،
بانارەس، بەقىسەم، شايى ۋەيا دەريايى، ئەتلەستە،
گىلەمزارىڭدا سۈرەتلەپ زېمىن-ئاسماننى، جاندارنى...
تۇتۇپ كەلدىڭ نازاكەت باغىدىن ھەر ئەلگە گۈلدەستە.

يېقىندا قارىقاشىڭدىن بېرىپ لوندونغا بىر ھور قىز②،
چېۋەر قولىدا چاقناتتى گىلەمدە كەشتىدىن نۇر، قىز.
ھونەر-سەنئەت جۇلاسىدىن، ئەقىل-ئىدرەك ساپاسىدىن،
جاھاننى ئويلىدى ھاڭ-تاڭ ماھارەتتە بۇ ئۇيغۇر قىز.

بۇمۇ سەندە كامال تاپقان خەلق سىماسى-چولپانى،
نىجاتچىم پارتىيەم تۈزگەن سىياسەت نۇرىنىڭ شانى.
مۇشۇ يۇرت ئادىمى بولغاچ پەخىرلىكمەن ئومۇرۋايەت،
يۈرىكىم مىسلى ئاتەشتۇر لاۋۇلدار ئىشقى گۈلخانى.

لىتاپەتلىك سېيىقىڭدۇر چىمەنلەر شاھى - سەردارى
كىمىكى كۆرسە پەرق ئەتمەس شەھەردىن ئەمدى سەھرانى.
چېكىپ نەزمە گۈلىدىن شۇچىرايىڭغا ھوسۇن قوشسا،
ھايات مەناسىدىن زەررە قۇچاتتى نەجمى ئارمانى.

خوتەن، ئوستۇم نېنىڭنى يەپ، بۇلاغىڭدىن ئىچىپ زەمزەم،
ماتا-چەكمەنلىرىڭدىن تا كىيىپ شايىڭغىچە كۆركەم.
شىرىن— شەربەت ئۈزۈك، شاپتۇل، ئانار، ئەنجىر، ئۈزۈم، قوغۇن...
شارابىڭ بەرىكەت قوشتى بۇ ئۆمرۈمگە بولۇپ ھەمدەم.

بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇيمەن، ئەمەس مۇمكىن بۇنى ئۇنتۇش،
قاناتىم بولسا بىر كۆرسەم ئۇچۇپ بېرىپ بولۇپ بىر قۇش.
قولۇم كۆكسۈمدە، تەشنا دىل قېتىمدىن چىن سالام يۇرتۇم—
قوبۇل قىل، كۆز يۇمۇپ قالسام بولۇڭ رازى تونۇش، تەڭ-تۇش.

② 1981-يىلى قارىقاش ناھىيىسىدىن ئەنگلىيەگە ماھارەت كۆرسىتىشكە بارغان گىلەم توقۇش ماھىرى بائىمەخان كوزدە تۇتۇلىدۇ.

## بۈگۈن نامىم ئوقۇتقۇچى

(مۇخەممەس)

بەختلىكمەن، شەرەپلىكمەن_ بۈگۈن نامىم ئوقۇتقۇچى،
ئىلىم نۇرى بىلەن ھەر بىر سەبى دىلنى يورۇتقۇچى،
جاھالەت پەردىسىن يىرتىپ، ھەقىقەتنى تونۇتقۇچى،
سوزۇم شۇ «تالىبىم» بولما ۋەتەن_خەلقنى ئۇنۇتقۇچى،
ۋەتەن ئۈچۈن چېلىشتا بول جىمى ياۋنى قورۇتقۇچى!

ۋەتەن تۇققان ئانائلاردۇر قەدىرلەڭلەر سۆيۈپ شۇنچە،
ئەزىزلىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەس بەلكى جان ئۇنچە،
ئۇنىڭ قوينى گۈلىستان باغ، سىلەر شۇ باغدىكى غۇنچە،
سۇغۇرۇڭلار ئۇنىڭ مېھرى بىلەن دىل، روھنى قانغۇنچە،
بولۇڭلار ھور ۋەتەننى قورغۇچى ھەمدە بېزەتكۈچى.

ۋەتەن ئاخىر سىلەرنىڭكى_ئۇنىڭكى خوجىسى سىزلەر،
كېتەرمىز ئاخىرەتسىرى ئۈممەتنى تاپشۇرۇپ بىزلەر،
ياشائلار ئادەم_ئىنسانىدەك، رەقىپكە چوكمىسۇن تىزلەر،
يېڭىلمەس جەڭگىۋار سەپتە تۇرۇڭلار چىڭ ئوغۇل _ قىزلار،
بولۇپ غەزەپ ئوقى بىلەن تۇمانلارنى توزۇتقۇچى.

1947_يىل، 1_سىنتەبىر، خوتەن.

## يوق

ئىلىم _ پەن چىراغىدۇر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەر نۇر يوق،
بىلمەسىز ئوپ_ئوچۇق كوزدىن ئوتەر ئالەمدە ھېچ كور يوق.

ۋاراغەت قوينىدا ياتساڭ تولۇپ دۇنيا_ھالاۋەتكە،
بىلىمنى ئۆتمىساڭ سەن دوست، ھالاكەتتىن، بولەك جۇر يوق.

بىلىمسىزلىك ئىچى كاۋاك چىرىپ كەتكەن دەرەخ خۇددى—
بودالساڭمۇ مەئىشەتتىن سېنىڭدىن ئۆزگە بىرپۇر يوق.

بىلىمگە بوي ئىگەر ئاسمان-زېمىن، ئاي، كۈن، ھاۋا، ئەختەر،
دېڭىز-ئوكيان، دەرەخ-ئورمان بىرەر سىر ھېچ توساق تور يوق.

جاۋاھىر قەدرى قىممەتلىك، لېكىن نەرقى-باھاسى بار،
بىلىمدۇر بىباھا گوھەر ئۇنىڭدەك زەر - ئېسىل دۇر يوق.

جىمىكى موجىزە، بەختۇ - سائادەت، ئەرك، نازاكەتلىك،
ئىلىمنىڭ گۈل-چېچەك تاجى ئۇنى قىسقانغا دەرت-شور يوق.

1947-يىل، 16-سېنتەبىر، خوتەن.

# ئىككى شېئىر

مارىيە تۇردى

## پەرزەنت ئارزۇسى

پەرزەنت ئىشقىدا يۈرىگى كۆيگەن،
قەلبى يالقۇنلۇق كۆيۈمچان ئانا.
مېھرىڭ بەئەينى نۇرانە دەريا،
كۆڭۈل قەپىزىڭ كەڭرى بىر دۇنيا.

ئۆيقۇغا قانماي كېچەك يۈرۈيدۇ،
پەرۋانە بولۇپ بالاڭ قېشىدا.

ئاق سۈت بېرىسەن، "ئەللەي" ئېيتىسەن،
ئۆمرۈڭ خورايدۇ بۆشۈك بېشىدا...

سۈت ئەجرىڭ تېخى يانمىدى ئانا،
ئۆيلىسام شۇنى تارتىمەن ئىزا.
دىلىمدا قىلچە قالمايتتى ئارمان،
خىزمىتىڭ قىلىپ ئەيلىسەم رىزا.

## يۇرت ئىشقى

سېغىندىم سېنى ئەي گۈزەل خوتەن،
كىندىگىم قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق،
ئەي مېھرى ئىللىق، باغرى كەڭ يۇرتۇم،
چىقمايسەن بالاڭ ئېسىدىن ھېچۋاق.

مىڭدېگە كىردى مەندەك ياش كۆچەت،
پەرۋىشىڭ-ئەجرىڭ قوشتى قاتارغا.
ئۆزەم يىراقتا يۈرگىنىم بىلەن،
تەلپۈنەر كۆڭلۈم باغرىڭ گۈلزارغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نامىڭنى ھەر دەم ئالسام تىلىمغا،
شاتلىق تولىدۇ كۆڭلۈم-دىلىمغا.
قالمايدۇ ھەرگىز ئارزۇ-مۇرادىم،
كومۇلسەم سېنىڭ گۈلشەن قوينۇڭغا.

گۈللە قاشتېشى، گىلەم ماكانى،
ئىقبالى پارلاق يېپەك ۋەتىنى.
باي بول قولى گۈل، ئەمگەكچان يۇرتداش،
تەلپۈنەر دىلىم كۆرۈشكە سېنى.

—ئۇرۇمچى.

# گىلەمچى قىزغا

قادىر توختى

دۇنيادا داڭقى بار خوتەن گىلىمى،
ئويۇمنىڭ تېمىدا ئېسىغلىق بىرى.
قارىغان ھەر كىمنىڭ زوقى كېلىدۇ،
زىننىتى ھۆسنىدىن ياىرايدۇ دىلى.

ھەتتا مەن چۈشىمدا ئالىمەن ئەسكە،
ھەر باقسام گىلەمگە گىلەمچى قىزنى.
كۆرگەندەك بولىمەن ئىنۋېتلەر ئارا،
چىۋەر قول، يادەك قاش، ئاھۇدەك كۆزنى.

كۆرۈنمەس نىگارغا قىلىمەن خىتاب،
گىلىمىڭ بەئەينى ئىلى دالاسى.
ھۈنىرىڭ كويدۇرەر ئەي گىلەمچى قىز،
سەنئىتىڭ ھەر دىلنىڭ مەلھەم شىپاسى.

ئالەمگە تارالدى گىلىمىڭ نامى،
قول قويدى جىمى جان ماھارىتىڭگە.
ئاقاق ۋە ئۇرۇشتىن ياساپ باغ چىمەن.
جەننەتنى لال قىلغان كارامىتىڭگە.

مېھنىتىڭ جەۋھىرى يالدامادا،
مۇھەببەت يالقۇنى ياندى دىلىمدا.
سورىتىڭ چۈشۈرۈپ توقۇپ بىر گىلەم،
ئەۋەتكىن بېيجىڭغا، قاراي يولىڭغا.

# خوتەن قىزى

روزىخان كېرەم

قەلبى ئىللىق گۈزەل سوزلۈك،
چولپان كەبى چاقناق كۆزلۈك،
گۈلسۈرۈختەك ئىسسىل يۈزلۈك،
ئىشچان، چاققان خوتەن قىزى.

ئۈز ئەجرىدىن بەخت تاپقان،
كوكرىگىگە غۇنچە تاققان،
شەپقىتى كەڭ يېڭى دەۋران-
كۈلۈپ باققان خوتەن قىزى.

ھونەر-سەنئەت ئىشتىزارى،
ئەپپەت-نۇمۇس سويگەن يارى،
پەزىلەتنى قىلىپ جارى —
ئەلگە ياققان خوتەن قىزى.

گىلەم توقار شۇنچە رەڭدار،
توقار شايى، ئەتلەس، تاۋار،
كەشتىلىرى ئاندىن داڭدار،
مېھرى گۈلخان خوتەن قىزى.

توسقۇنلارنى قىلىپ يەكسان،
مەغرۇرانە ئالغا باسقان،
كۈچ قۇدرىتى تولۇپ تاشقان،
جەسۇر، پالۋان خوتەن قىزى.

مەمنۇن سەندىن ۋەتەن، خەلقىم،
يالغان ئەمەس سۆزۈم بەلكىم،
دەيدۇ كۆرسە سېنى ھەر كىم،
مەرت يارالغان خوتەن قىزى.

# فابرىكا ئىلھاملىرى

(سېكىل)

مەممەتجان ئىكرام

قۇياش كۈلگەن ساپ ھاۋالىق باھار كۈنى،
بېرىپ كۆردۈم قايناق-تاشقىن فابرىكىنى،
ئۇرغۇپ تاشتى يۈرۈكىمدىن چەكسىز ئىلھام،
بېغىشلىدىم ئىشچانلارغا بۇ ناخشىنى.

## ئىشچى قەلبى

ئىسمىنى لاتالىمشاركەن نوۋىتىدە،
توختىماسكەن ماشىنىلەر ھەركىتىدىن.
خوشال ئىكەن ھەربىر ئىشچى ھەربىر مىنۇت-
ۋەتەن ئۈچۈن قوشقان توھپە، بەركىتىدىن.
رابىيەمكەن مەن سۆزلەشكەن قىزنىڭ ئېتى،
(ئۈممەسالى گۈلزاردىكى گۈلنىڭ ئۆزى.)
يۈرۈكىمگە ئورناپ قالدى نەقەدەر بولۇپ،
«ھورياشلىغىم ۋەتەن ئۈچۈن!» دىگەن سۆزى.

## گۈلمۇ گۈل، قىزلارمۇ گۈل

جەلپ قىلدى توقۇش سېخى مېنى شۇنچە،
گۈل كۆرۈندى چەۋەر قىزلار شۇئان كۆزگە،
توقۇيدىكەن ئۇلار ھەرخىل نەپىس رەختنى.
ئوخشايدىكەن ھەر نۇسخىسى مودەن گۈلگە.
شۇ رەختىكى گۈللەرمۇ گۈل، قىزلارمۇ گۈل،
زەپ ئەھلىيا بولدى كۆرۈپ بۇ خوش كۆڭۈل.
دىدىم ئەشۇ گۈلگە ئوخشاش قىزلارغا مەن:
«پارلاق نىشان بويلاپ ھا! مان ماڭغىن ئۇدۇل».

### شەرەپ دوسكىسى

يول بويىدا كۆردۈم يەنە قايتار چىغىم،
نەقەدەر بىلەن ئۆز بىزەلگەن دوسكىلارنى.
يېزىلىپتۇ ئۇندا قاتار ئىسىملىكلەر،
مەدھىيىلەپتۇ ئامما، ئىلغار، ياخشىلارنى.
ئۇلار باغلاپ دەۋرىمىزگە چىن ئەقىدە،
ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپتۇ شەرەپ بىلەن.
يۈكسەك ئىكەن ئىرادىسى، ئىشەنچىسى،
ئىشلەيدىكەن يەنە قەتئىي غەيرەت بىلەن.

# ئوسمان نازۇك

(يالغۇز كىشىلىك كومېدىيە)

مەمتىمىن قۇربان

مەن ئۆزەم شەھەرنىڭ كىندىكىدىن، يېزىنىڭ چېتىدىن. ياغلىق تاماق خالايمەن يۈرەكنىڭ قېتىدىن. يېشىم ئوللاشتى بويىل قىرىقتا، ئەزەلدىن ئىشتىيىم يوق قوناق دىگەنسىرىقتا. ئوسمان نازۇك دەپ نامى چىققان باتۇرمەن، ئەمگەك دىسە ۋاي بېلىم دەپ ياتۇرمەن. مېنىڭ پېشانەم ئوڭمىكى ياتەتىمىكى، ئىشتىنىم يىرتىلىپ كەتكەن بۈگۈن يامايمىكى-ئەتىمىكى. ئونبەش يېل بولدى ئويلىنىمىدىم بويتاقمەن، يوۋاش يۈرگىنىم بىلەن ئايالنى كۆرسەم ھايتاقمەن. ياش ۋاقتىمدا دادام مېنى بىرقېتىم ئويلەپقويغان، ناغرا-سۇناي چالدۇرۇپ تويلاپقويغان، ئوخشۇتۇن مېنى ھۈرۈنكەن دەپ يامانلاپ كەتكەن. ئالدىنى تۇسۇۋالسام يۈز-كۆزۈمنى قامالاپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كويۇپ قالدىم چىرايلىق بىرزىلۋا بويلۇققا. ئۇنى مەن ئالالمىدىم چىقىشالماي تويلۇققا.

بەزىلەر مېنى بېشىڭىز قايغان، پۇتىڭىز تايغان جايلاردا يۈرۈۋەرمەك، نەدە كەچ بولسا شۇيەردە يېتىۋەرمەك، ئوي-ماكان سېلىپ ئولتۇرۇق دەيدۇ. «ئوي سېلىپ نېمە ئەۋارىچىلىق؟ دادامنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ئاشتى، بىرپۇتى گۆرگا ساڭگىلىدى، دادام ئولسە ئوي-ۋاقى ماڭامىراس قالىدۇ. تەي-يارئۆيگە ئىگە بولۇمەن» دىسەم دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەندىن خاپا بولۇپتۇ. خاپا بولسا بولىۋەرسۇن، مەن خاپا بولۇك دىدىمۇ؟

مېنىڭ نۇپۇسۇم پالانى دادۇي، پۇستانى شاۋدۇيدە. ماڭا ئوزۇقلۇق يېرى دەپ ئىككى مو يەربەردى ھوددىگە. جاپاسى يوق بىدە تېرىۋەتتىم ھەممىگە. بىركۈنى كونا تامنىڭ كەينىدە پالالغا يوگىنىپ، ئۇخلاۋاتسام ئىككى تۇققان ئاكام قىچقىرىپ ئويغىتىۋەتتى.

— ھوي ئوسمناخۇن، سائەت بەش بولدى، ئالەم كەچ بولدى، شۇچاقىچە ئۇخلايدىغان ئىشمۇ؟

— مەن كېچىدىن دوقمۇشتىكى ناۋاينىڭ تونۇرىدا پوستا تۇرغان، ئالەم چۈش بولغاندا، سائەت ئۈچ بولغاندا ياتتىم، بىردەم ئارامى خۇدا ئۇخلىغىلى قويمىدا.

— چالمىسنى كېيىن ئۇخلىۋېلىڭ. ئىرىقتا سۇكەلدى، سىزيالغۇز ئېرىقتا تۇغ سالالمايسىز، مەن ياردەملىشەي، بىدىلىرىڭىزنى سۇغۇرۇۋالىلى، مۇشۇ قېتىمقى سۇدىن قالسا بىدىلىرىڭىز قۇرۇپ كېتىدۇ.

— بىدىلىرىم قۇرۇپ كەتسە نېمە زىيىنى بار؟ — دەپ سورىدىم.

— كېلىڭىزغا نان بولمايدۇ-دىدى ئاكام.

— قورقماڭ ئاكا، مەن بولسام كەتمەن چاپماي ئاقنان يەيمەن، قوي باقماي پاقلان يەيمەن.

— خەجىڭىزگە پۇلمۇ بولمايدۇ.

قوقماڭ دىدىمغۇ، خەجلىگىلى چولام تەگمىگەن پۇلۇم نۇرغۇن بانكىدا. ئۇ پۇللۇرۇمنى سورىغىلى بولمايدۇ ھەتتا بانكىدا–دىدىم.

— چاقچىغىڭىزنى قويۇڭ، چاققان بولۇڭ، ئېتىزلىققا بارايلى.

— سىز بارغاچ تۇرۇڭ، مەن كەينىڭىزدىن ھازىرلا باراي–دىدىم. ئاكام كەتتى. خۇداغا شۈكرى دەپ ئۇيقۇمنى قايتا باشلىدىم. ئۇزۇتمۇ ئىشىم قىچىشىپ كەتسە مەدەك بىلەن قاشلىدىم. ئويغىنىپ ئېتىزلىققا بارسام ئاكام يوق، بىدىلىنىڭ ھول تۇرىدۇ. قوپماي يېتىۋالسام بىدىلىرىمنى ئاكام سۇغۇرۇپ قويىدىكەن، ئاكامنى ئېپىپ رەھمەت دەپ قويدۇم. رەھمەت دىمىسەممۇ ھېچنىمە قىلالمايتتى.

ئاپتاپ چىققان پەيشەنبە كۈنى ئاشخانىغا سۇ توشۇپ 2 كوي پۇلغا يەتتىم. نىمىگە خەجلىسەم بولاركى دەپ بېشىمنى قاتۇرۇپ، كاللامنى گەدىنىمگە پاتۇرۇپ، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىسىدا كېتىۋاتسام، رەسىمخانىنىڭ ئالدىدا ئەينەكلىك تامىدىكى قەلەمدە قاشلىق ئەتكەن، كالپۇكلىرىغا خىنە قويغان، مەڭزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىپ–قىزىل چىرايلىق چوكانلىنىڭ رەسىملىرىگە كوزۇم چۈشۈپ قالدى. مەنمۇ راسا قاملاشقان يىگىت بولغانىدىن كېيىن، 12 سۈگلۈق رەسىمگە چۈشۈپ، رەسىممنى شۇلارنىڭ قاتارىغا چىقىرىپ قوياي، رەسىممىز بىر يەردە تۇرسا، كېيىنچە ئوزىمىزمۇ بىر يەردە بولۇپ قالارمىز دىگەن ئۈمىت بىلەن رەسىمخانىغا كىردىم. رەسىمگە تارتىدىغان ئايال بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ چىقىپ:

— نەدىن كەلدىڭىز؟ دەپ سورىدي.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن.

— سىزنىڭ مەھەللىڭىز نەدە؟

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا.

— نىمىشقا كەلدىڭىز؟

— رەسىمگە چۈشەي دەپ.

— رەسىمگە چۈشىدىغان ئادەم يۈز–كوزلىرىنى يۇيۇپ كەلمەمدۇ؟

— مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىرلىغىدىن، خىزمىتىمنىڭ تولىلىغىدىن يۈزۈمنى يۇيۇشقا چولام تەگمىدى.–دەپ قويۇپ، تامىدىكى ئەينەككە قارىسام كوزۇمنى بېسىپتۇ چاپاق، يۈزۈمنى قاپلاپتۇ شالتاق. ئەسلەپ باقسام كوزۇمنى سۈرتمىگىلى 9 كۈن بولۇپتۇ، يۈزۈمنى يۇمىغىلى 30كۈن بولۇپتۇ. چوڭ يولدا ماڭغىلى ئىمزا تارتىپ ئارقا كوچا بىلەن دادامنىڭ ئويىگە چىقتىم. ئۆگەي ئانامغا «بىر چوگۈن سۇ بەرسىلە» دىسەم «سۇ يوق» دىدى، «بالدۇرراق سۇ يوق دىسىلە بولمامدۇ، سۇ دىگەننى ئېرىق بىلەن باشلاپ كېلەتتىم» دىدىم–دە، كولدىن بىر چوگۈن سۇ ئېلىپ كەلدىم. «سوپۇن بولسا بەرسىلە» دىسەم، «سوپۇن يوق» دىدى. «خەپ، پۇلغا يەتكەن چېغىمدا سوپۇن ساتىدىغان دۇكاننى مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا سالمىسام» دىدىم–دە، بازارغا بېرىپ قىزىلگۈلدەك پۇرايدىغان سوپۇندىن بىرنى ئالتەموچەڭگە ئېلىپ كەلدىم. يۈزۈمنى سوپۇنلاپ بىر چوگۈن سۇ تۈگىگىچە يۇدۇم. يۈزۈم يەنە ئاقارمىدى. كولدىن سۇ توشۇپ نىمە ئاۋارىچىلىق دەپ كولنىڭ ئىچىدە سوپۇن تۈگىگىچە يۈزۈمنى يۇدۇم. يانچۇغىمدىن ئەينىگىمنى ئېلىپ بىردەم قارىدىم. سونۇق تاغاق بىلەن چېچىمنى تارىدىم. ئۆزەمگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرسام، بىر كىچىك بالا كېلىپ:

— ئۆسمىنىكا، شەخسى تازىلىقنى دەپ چاغاچەت ئىچىدىغان سۇنى سوپۇن قىلىۋې

ئۇيغۇر كىتاب تورى



تىپسىز. شۇمۇ قىلىتتىمۇ، دېۋىدى. مەندىدەك
كوڭلى ئىنچىكە ئادەمگە بۇ گەپ بەك ئېغـ
ىر كەلدى. ئانام ئۆلگەندە كوزۈمگە ياش
كەلمىگەن ئوسمان نازۇك مەن ئىدىم. بـاـ
يىقى گەپنى ئاڭلاپ زادىلا چىدىيالمىدىم.
ئۆزۈنغىچە تىلىقىپ يىغلاپ كەتتىم. ھېچكىم
كېلىپ بىر ئېغىز تەسەللى بەرمىدى. يىغـ
لاپ ـ يىغلاپ ئۇنۇمىمۇ پۈتۈپ كەتتى، كوزۈمـ
مۇ قۇرۇپ كەتتى. ئاخىرى «يىغلىماڭ ئوسـ
مان نازۇك يىغلىماڭ، بۇنچىلىك ئىش ھەر
جايدا بار» دەپ ئۆزەمگە تەسەللـى بەرـ
دىم. كوڭلۈم كوتىرىلىپ ئىككى چىشلىق كېـ
ۋەزدەك ھىجىيىپ كوچىمىزـ كوچا سايەتنى
باشلىۋەتتىم.

★

يياز كۈنلىرى مەن سوغۇقنى بـۇزەك
قىلدىم. قىش كەلگەندە سوغۇق مېنى بۇـ
زەك قىلىشقا باشلىدى. جاھاندا كىم ياخـ
شى بولسا مېنى ئۇز پاناھىغا ئالىدۇ دەپ
تاما بىلەن يۈرگەن كۈنـلىرىمـدە دادۇي
كـادىرلـىرى مېنـى ئوچاق ـ مـوردىلىرى
تەييار بىر ئويگە باشلاپ كىردى.
ــ كېچىلىرى ناۋاينىڭ تونۇرلىرىدا يوسـ
ىتا تۇرماي، مۇشۇ ئويدە يېتىپ ـ قوپۇڭ. ماـ
ۋۇ بىر كىگىز، بىر يوتقان، بىر تەككى، بىر
كەتمەن پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ سىزگە قىلغان
غەمخورلۇغى. قىشچە ۋاقىتنى بوش ئوتكۈزـ
مەي، ئوغۇتنى كوپ توپلاپ، كېلەر يىلـى
مول ھوسۇل ئېلىپ تۇرمۇشىڭىزنى ياخشىلاشـ
قا تەييارلىق قىلىڭ. ـ دېدى. مەن ئۇلارنى
ئالتە تاغار رەھمەت، يەتتە تاغار ھەشقالـ
لا بىلەن پىشانەم يەرگە تەككىچە سالام قىـ
لىپ ئۇزىتىپ قويدۇم. مەن ئوسمان نازۇك
تەلپىگىمنى ئالدىمغا قويۇپ بۇ نەرسىلەرـ
نىڭ قايسىسى ماڭا ئارتۇق، قايسىسى ماڭا
زورۇر دەپ تەتقىق قىلدىم. يوتقان بولمىـ
سا سوغۇق مېنى بۇزەك قىلىدۇ، يوتقان ماـ
ڭا لازىم، كىگىز بولمىسا ئاستىمغـا پالاپ
سېلىپ ياتقىلى بولىدۇ. كىگىز ماڭا ئارتۇقـ
كەن. بېشىمغا چاپان، كوينەك ـ ئىشتانلىـ
رىمنى قويۇپ ياتسامىمۇ بولىۋېرىدۇ، تەككى
ماڭا ئارتۇقكەن، شۇنىڭ بىلەن بازارغا ئاـ
پىرىپ كىگىزنى ئالتە كويغا، تەككىنى ئىكـ
كى كويغا ساتتىم. بۈگۈن ئالەمدە مەنچىـ
لىك باي بارمۇ؟ ئالاي دىـسەم تەگمەيدىـ
غان ئاي بارمۇ؟ دەپ شەھـەرنىڭ 6كوچا
12 دوقمۇشىنى چـالا قويماي ئېكىسكۇرسىيە
قىلدىم. زىيافەت قىلىپ ئۆزەمنـىـ ئۇزەم
مېھمان قىلاي دەپ زاسۇي بازىرىغا كەلـ
دىم. «ئېلىڭ ئوسمان نازۇك، ئېلىڭ تويغىـ
چە يەڭ» دەپ يەۋەردىم. ھېساپ قىلىپ باقـ
سام 3 كويغا ئوپكە يەپتىمەن، ئىككى كويـ
غا قېيىن. كونا قەرزىڭىزنى بىرىـڭ دەپ
ئۈچ كويۇمنى ئېلىۋالـدى زاسۇيچى دىگەن
يۈزى قېلىن.

ئوچاققا سالىدىغان ئوتۇننى قانداق
قىلارمەن دەپ بېشىم قېتىپ تۇرۇسقـا قاـ
راپ ياتتىم. مەنمۇ تازا ئاخماقكەن. ئوـ
نىڭ تەييار بالا ـ ۋاسىلىرى تۇرسىمۇ ئوتۇنـ
دىن غەم قىپتىمەن. 3 ـ ئاي كىرگىچە ئويـ
نىڭ بالا ـ ۋاسىلىرىنى قالاپ ئىسسىنىپ قىشـ
نى بەگدەك ئوتكۈزۈۋالدىم. ئوچاققا سالـ
ىمىغان كەتمەننىڭ دەستىسىمۇ قالمىدى. يەنە
بىر قىش كەلگىچە سوغۇق مېنى بۇزەك قىـ
لالمايدۇ. ئۇنىڭغىچە كىم بـار، كىم يوق،
جېنىم ئامان بولسا پارتىيە ـ ھوكۇمەتنىڭ
غەمخورلۇغى يەنە بار.

★

خالايىقلار مەن ئوسمان نازۇكتەك ھوـ
رۇنلار ئاراڭلاردا يوقمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ
قورسىغى توقمۇ ئەمەس، مېنىڭ قەددى ـ قاـ
مىتىم باشقىلارنىڭكىدىن پاكار ئەمەس، ھەمـ
مە ئەزالىرىم ساق ـ سالامەت، ناكا ئەمەس.
مېنىڭ ئەقلىمۇ باشقىلارنىڭدـىن كالتە ئەـ
مەس، پۇتۇم بىلەن قولۇم توت، باشقىلارـ
نىڭ ئالتە ئەمەس. ماڭا نۇرغۇن تەربىيە

بەردى. كادىرلار ھەم جامائەت يۇرت ئىـ
چىدە قالماپتۇ، مەندەك ھـوروۇن- ھاماقەت.
ئىككى- ئۈچ يىلدىن بۇيان ئورغۇن خۇلۇم-
خۇشنىلار باي بولدى، قازان چـۆمۈچلىرى
ماي بولدى. پولۇ يىگەندە ئىچىمدىكىنىـى
ناۋات بىلەن دەملەنگەن قىپ- قىزىل چاي
بولدى. مىنىڭدىكىنى تاراق- تۇرۇق، تاراق-
تۇرۇق چاپىدىغان تاي بولدى. خەخلىگەقا-
راپ يىقىپ ئۆزەمدىن بەك نومۇس قىلدىم.
ھالال ئىشلەپ باي بولۇشقـا يـۈرۈش قىلـ
دىم. خالايىقلار مەندەك ھورۇندىن ئىبرەت
ئېلىڭلار. كەڭ- ئادىل سىياسەتتىن غەيرەت
ئېلىڭلار. كېلەر يىلى جاي ئـالمەن باي
بولغانلار سېپىدىن. يىگىت ئوسمان يېڭىۋالـ
مايدۇ مۇشۇ قىلغان گېپىدىن.

## ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن　　　١

(ناخشا تېكىستى)

قۇربان مامۇت

مۇھەببەت-ئېھتىرام بىرلە ئېلىپ قولغا دۇتارىمنى،
ئۇلۇغلايمەن قېتىپ كۈيگە ۋەتەن ئاتلىق نىگارىمنى.

سائادەتمەن بۈيۈك ئەلسەن، كېلىچەك باغرىنى ئاچقان،
بىرىپ مەزمۇن ھاياتىمغا چېچەكلەتتىڭ باھارىمنى.

بەخت بەردىڭ، ئېقىل بەردىڭ، كۆلۈپ سۈيدۈڭ پېشانەمدىن،
قېنىپ سۈيدۈم قىزچاغىڭدا قوياشلىق تاڭ-ناھارىمنى.

ۋەتەن دەپ ناخشىلار ئېيتسام تۈمەن بۇلبۇل ماڭا تەڭكەش،
ئۈنۈم ئالەمگە ياڭراتقاي غۇرۇرۇم-ئىپتىخارىمنى.

سۆيۈملۈكسەن، كۆيۈملۈكسەن ماڭا، ئەي جانىجان جۇڭگو،
شۇڭا بەخت-تەلىيىم دەيمەن سېنىڭدەك غەمگۇزارىمنى.

ئۆتەرمەن بىر ئۆمۈر كۈيلەپ سېنى ئالەمچە ھۆرمەتتە،
قىلىپ ئىزھار ساداقەتلىك مۇقەددەس دىل قارارىمنى.

## ناخشا تېكىستلىرى

تۇرغان شاۋۇدۇن

### پارتىيە يولىدا

(1)

خارلىنىپ ئۆتكەن ئاسارەت ئىلكىدە ئەجدادىمىز،
قاپلىغان كوكنى بۇلۇتتەك نالىمىز-پەريادىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەگە بارساق يوقتى يوقسۇل ئەھلىگە قىلچە پانا،
خۇددى ئۆگەي دەك ئىدى بىزگە ئانا دىيارىمىز.

ئەجرىمىز ھەققىگە يانغان باي-بېگىملەردىن تاياق،
شۇم تىرىكتاپلار بېيىپ، كەتكەن قۇرۇپ مادارىمىز.

(2)

كۈن چىقىشتىن ئۆرلىدى كۈن كۈلدى ئاسمان نۇرلىنىپ،
بەردى يوقسۇلغا نىجاتلىق پارتىيە سەردارىمىز.

كۆڭلىمىز باغ، قەددىمىز تاغ بولدى شاتلىقتىن شىرچاغ،
كەتتى ياڭراپ شادىيانە پەردىگە دۇتارىمىز.

(3)

يۈكسىلىپ مەنزىلىمىزى تاپتۇق يېڭىشلاردىن يېڭىش،
جەڭ چېلىشلار ئەۋجىدىن كۈلدى گۈزەل گۈلزارىمىز.

جان پىدا بۇ يولغا مەڭگۈ باسىمىز ئالغا ھامان،
شان قۇچۇپ پەللىگە يەتمەك ئەھدىمىز-شۇئارىمىز.

## ۋەتەن دىسەم

ۋەتەن دىسەم جۇش ئۇرىدۇ ئىپتىخارىم،
تولۇپ چەكسىز خوشاللىققا يۈرەك-باغرىم.
مېھرىڭ بىلەن يېتىلدۈردىڭ مېنى ۋەتەن،
ئىشقىڭ بىلەن ئۆسمەك مېنىڭ ئەھدۇ-ئارىم.

رىشتىم مېنىڭ چىڭ چىگىلگەن ھەر گۈلۈڭگە،
ھەر گۈلىڭدىن زوق ئالىمەن ئۆمۈرۈمگە.

توپاڭ سۈرمە، سۈيۈڭ كەۋسەر، تېشىڭ ياقۇت،
ئېزىز نامىڭ مېنىڭ پۈتمەس كۈچ-مادارىم.

ئۈمۈدىڭنى ئاقلىماقلىق مېنىڭ قەرزىم،
شۇ قەرزىمنى ئادا قىلماق بۇ يۈك ئەھدىم.
گېزى كەلسە قىلارمەن جان ساڭا تەقدىم،
سېنىڭ بەختىڭ، مېنىڭ بەختىم، شەرەپ-شانىم.

## تەلپۈنىمىز بېيجىڭگە

ئەي نۇرلۇق پايتەختىمىز.
مۇقەددەس ئۇلۇق بېيجىڭ.
مىليونلار يۈرۈكىدە،
جۇش ئۇرۇپ ئاقار مېھرىڭ.

بولسا كەڭ ۋەتەن بىرتەن،
سەن ئوتلۇق يۈرەك ھەردەم.
تەپتىڭدىن ۋەتەن-ئەلنىڭ،
باغرىدا باھار-كۆكلەم.

ناملىق ئىپتىخار دىلدا،
شەنىڭ خۇش ناۋا تىلدا.
ھەر سۆزۈڭ مادار-دەرمان،
بىزباسقان ئۇلۇغ يولدا.

ئىقبالغا ئاچار كەڭ يول،
نۇرانە گۈزەل چېھرىڭ.
تەلپۈنۈپ ساڭا ھەردەم،
باقىمىز ئۇلۇغ بېيجىڭ.

## كۆزەتتە تۇرىمەن ھوشيار

پەلەكتە ئاي نۇرى ئويىنار،
زىمىن زۇمرەت كەبى چاقنار.
دىلىمدا ئەل، ۋەتەن مېھرى،
كۆزەتتە تۇرىمەن ھوشيار.

كېلەر كۈي-ناخشا ھەريانىدىن،
يېزا-يايلاق، زاۋۇت-كانىدىن.
ۋەتەن قۇچماقتا شان-غەلبە.
گۈزەلدۇر كەلگۈمىز ئاندىن.

چۆمۈلگەن نۇرغا دەريا-تاغ.
ياتار ئالدىمدا كەڭ تۇپراق،
باھارنىڭ گۈللىرى چاقناپ،
تۈمەن بۇلبۇل ئوقار قوشاق.

گۈزەل ئىقبال بىلەن يايراپ،
يۈرەكتە شاتلىقىم تاشتى.
ۋەتەنگە زوقلىنىپ باقتىم،
ئىرادەم ھەسسىلەپ ئاشتى،

## ماقال-تەمسىللەر

جان ئاغرىتقان دوست ئەمەس، مەيدە ئاغرىتقان ئاش (ئەمەس).

چايىنىماي يۇتساڭ ئاغرىماي ئۆلىسەن.

تىرىشقاقنىڭ تىرنىغى تاشقا مىق قاقار.

تەن ساقلىق — پادىشالىق.

تولا ئەرگە تەككەننىڭ ياقىسى چىت، تولا خوتۇن ئالغاننىڭ ياقىسى پىت.

تېرىقتەك ئىشنىڭ تاغدەك تۈگۈنى بار.

قىزىڭنى نومۇسچان قىل، ئوغلۇڭنى تىرىشچان (قىل).

كارىزدىن قاچقان نانسىز قالار، بوراندىن قاچقان جانسىز.

بالاڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىزرۇشما، توخاڭنىڭ كەينىگە كىرىپ چوقۇشما.

بوي توگىدە، ھىممەت قويدا.

ۋىجدانسىزدىن ۋاپا كەلمەس، ۋىجدانلىقتىن جاپا (كەلمەس).

ۋىجدانلىق دوستىنىڭ قەدرىگە يەت، ۋىجدانسىز دوستىنىڭ كوتىگە تەپ.

ۋىجدان ئېغىزدا ئەمەس ئەمەلدە.

ژىجدانسىزدىن ۋاپا سورىما، بېخىلدىن نان (سورىما).

# ئون بەش ياشلىق ۋەزىر

(چۆچەك)

بۇرۇندا كەسپتە كامالەتكە يەتكەن، پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە داڭقى تارىغان بىر تىۋىپ ئۆتۈپتىكەن. ئۇ دۇنيا-ئۇقەتنى دوست تۇتمايدىكەن، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، كىمىكى ئاغرىپ قالسا قىيىتقىنىپ داۋالايدىكەن، داۋالاش ھەققى تالاشمايدىكەن، بەرسە ئالىدىكەن، بىرەل-مىسە قىستىمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ئۆلگەندە بالا-چاقىسىغا ھېچقانداق مىراس قالدۇرماپتۇ.

تىۋىپنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ناھا-يىتىمۇ كۆچتەڭگەر ئىكەن. ئەمما ئۇ زامان-دا پۇل بولمىسا كۈچ ئىشلىمەيدىكەن. شۇڭا بۇ ئوغۇلنىڭ كۈنى بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ. ھەتتا ئېغىر بوي خوتۇنىنى تۇزۇك-رەك ئوزۇقلاندۇرۇشقىمۇ قۇدرىتى يەتمەي خىجالەت تارتىپتۇ.



شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى سىزدىككە چۈشۈپ گوشگە لۆۋىسى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. تەڭلىككە چىدىمىغان ئوغۇل تەلەي پېشانىسىنى سىناپ، كۈچىنى ساتقىلى مەدد-كار بازىرىغا بېرىپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا مەددىكار بازىرىغا كېلىشى شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى مەددىكار ياللىغىلى كىشى چىقارتىپتۇ-دە، ئوغۇلنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ۋەزىر-نىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بېغىنىڭ كەينىدە بىر قۇم دۆۋىسى بولۇپ، ۋەزىر ئاشۇ قۇم دۆۋىسىنى تۈز-لەپ، ئورنىغا كۆچەت تىكىپ بې-غىنى كېڭەيتمەكچى ئىكەن.

ۋەزىر ئوغۇلنى ھېلىقى قۇم دۆۋىسى-نىڭ يېنىغا باشلاپ چىقىپ:

— مانا، قىلىدىغان ئىشىڭ مۇشۇ، ھەق-قىڭغە نېمە تەلەپ قىلىسەن، — دەپتۇ.

ئوغۇل قۇم دۆۋىسىنى ئايلىنىپ، مول-جاللاپ چىققاندىن كېيىن:

— ۋەزىرى ئەزەم، بۇ ئاز كۈچ بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەسكەن، ئەمما، مەن بۇ دۆۋىنى بىر كۈنگە قالماي تۈزلىۋېتىمەن. ھەققىمگە ئاتىغانلىرىڭنى بېرەلا، — دەپتۇ ۋە

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن

ئايالىنىڭ گوشكە سىزىك ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تىپتۇ.

ئۇلۇك قول ۋەزىر بۇنداق ئەرزان مە-
دىكارنىڭ ئۇچرىغىنىغا بەكمۇ خۇشال بو-
لۇپـتۇ ۋە:

ـ مۇشۇ دوڭنى راستىنلا بىر كۈندە
تۈزلەپ بولالىساڭ، ساڭا بىر ئوغلاق بې-
رىمەن، ـ دەپ لەۋزى قىپتۇ.

تىمۇدېنىڭ ئوغلى بىر ئوغلاقنىڭ خۇ-
شاللىقىدا دەرھال ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئۇ قوم
دۆۋىسىنى چېپىپتۇ-چېپىپتۇ. كۈن چۈشكە يې-
قىنلاشـقاندا، كەتمەن «تـاڭ» قـىلىپ
بىر نەرسىگە تەككەندەك بولـۇپتۇ. قومنى
ئىككى تەرەپكە سىرىۋېتىپ قارىغۇدەك بول-
سا، كەتمەنگە تەككىنى يوغانلا بىر ياغاچ
ئىكەن. تىمۇدېنىڭ ئوغلى ئانچە كۈچىمەيلا
ھېلىقى ياغاچنى يەردىن سۇغۇرۇپ چىقى-
رىۋېتىمكەن، چوڭ بىر تۆشۈك كـۆرۈنۈپتۇ.
بېشىنى تىقىپ قارىسا، يەرنىڭ ئـاستىدا
كەڭرى كەتكەن شەھەر تۇرغىدەك. بۇ شە-
ھەرنىڭ ئۆيلىرى ئالتۇندىن، بـوسۇغىلىرى
قاشتېشىدىن ئىكەن. دەرەخلىرىنىڭ ياپراق-
لىرى ھەرخىل تاۋار-دۇردۇن رەختلەر بىلەن
قاپلانغانىكەن.

تىمۇدېنىڭ ئوغلى ناھايىتى ھـەيران
بولۇپتۇ ۋە ئەھۋالنى ۋەزىرگە ئېيتىپتۇ.
ۋەزىر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا بىر ئىشىنىپ،
بىر ئىشەنمەي ھېلىقى جايغا كېلىپتۇ، ئىك-
كەيلەن تۆشۈكتىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ، شە-
ھەرنى ئايلىنىپتۇ. بىھساپ ئالتۇن-كۈمۈش،
غەزنە-دەپىنلەرنى كۆرۈپ ۋەزىرنىڭ ئاغزى
ئايدەك، كۆزى جامدەك قاپتۇ ۋە نىيىتى
بۇزۇلۇپتۇ. ـ بۇ ئەھۋالدىن پادىشانى ۋا-
قىپلاندۇرسام، ئۇ چاغدا شۇنچە بـايلىق،
بىر پۈتۈن يەر ئاستى شەھىرى قولۇمدىن
كېتىپ قالىدۇ، ـ دەپ ئويلاپتۇ. ۋەزىر ئەڭ
ياخشىسى بۇ ئىش سىر پېتى قالسۇن، پەيـ
تى كەلگەندە پادىشانى ئۆلتۈرەي ـ دە، ھەر
ئىككى شەھەر ئۆزەمنىڭ ئېلكىگە ئۆتسۇن...»



ئۇلۇك قول ۋەزىر ئاشۇ خىياللارنى كۆڭ-
لىدىن ئۆتكۈزۈپ، خاۋالەتتە تۇرغان تىمۇدې-
نىڭ ئوغلىنى بىر خەنجەر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ-
تۇ. ئاندىن ھېچ ئىش كۆرمىگەنـدەك بو-
لۇپ يەر ئۈستـىگە چىقىپتۇ. ھېلىقى تۆشۈك-
نى كۆمۈپ تـاشلاپ، قوم دۆۋىسىنى جايىغا
دۆۋىلەپ قويۇپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئوغۇل-
نىڭ ئايالى ئېرىنىڭ دەردىـدە زار ـ زار
يىغلاپتۇ، تۇغۇلغان ئوغلىنى قاتتىق-قۇرۇقلار
بىلەن بېقىپ مىڭ تەسلىكتە 15 ياشقا كىر-
گۈزۈپتۇ. بۇ بالا غوربەتچىلىكتە چوڭ بول-
سىمۇ، چىرايى سۈزۈك، ئەقلى تۈزۈك-دانىش-
مەن بالا بوپتۇ. ئۇ 15 يـاشقا كىرگەندە
ھەممە كىتاپلارنى ئوقۇپ، جىمى بىلىملەر-
نى ئىگەللەپ ئۇلىمالىق مۇقامىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ ئانا، مېنىڭ دادام كىم، ئۇ نەگە كەتـ
كەن؟

بىچارە خوتۇن كۆزىدىن تارام ـ تارام

www.uyghurkitap.com



ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ كىملىگىنى، مەدىكارلىقتا كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنلىگىنى ھىكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ بالا، — دادامدىن ماڭا ھېچقانداق نەرسە مىراس قالمىغانمۇ؟

ياق بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — بىز ئەزەلدىن دۇنيانى دوست تۇتىدىغان ئادەملەر ئەۋلادىدىن بولمىمىز. بۇۋاڭ داڭلىق تىۋىپ ئىدى. ئۇنىڭ بىر كىتاۋى بولۇپ، ئەشۇ كىتاپ ھازىرمۇ قازاناقنىڭ بالاسىغا ئېسىقلىق. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە مىراس قالدۇرمىغانتى....

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازاناققا قاراپ يۈگرەپتۇ، بىر چاغدا ئۈستىنى توت ئىلىك توپا-چاڭ باسقان كونا مۇقاۋىلىق كىتاپنى كوتىرىپ چىقىپتۇ. ئۇ نەچچە كۈنگىچە باش كوتەرمەي ھېلىقى كىتاپنى ئوقۇپتۇ. ئوقۇغانسىرى چىرايى ئېچىلىپتۇ.

— بالام، — دەپتۇ ئانا، — بۇ كىتاپتا نىمىلەر يېزىلىپتۇ، ھەجەپ ئوقۇغانسىرى چىرايىڭ ئېچىلىپ كەتتى؟

— بۇ بىر ھىكمەتلىك كىتاپ ئىكەن، — دەپتۇ بالا، — ئۇنىڭ ھەر بىر ۋاراقىدا ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلار، بۇندىن كېيىن بولىدىغان ھادىسىلەر يېزىقلىق ئىكەن. بالىنىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداقتا، داداڭنىڭ نەگە يوقالغانلىقى، نىمە كۈنلەرگە دۇچ كەلگىنى توغرىسىدىمۇ بىرەر خەۋەر تاپقىلى بولغىدەك؟ — دەپ سوراپتىكەن، بالا:

— ئانا، بۇ ھەقتىمۇ يېزىلغان ئىكەن، ئەمما، ۋاقتى كەلمىگىچە ئۇنى ئاشكارىلىيالمايمەن. خۇدا خالىسا پات-يېقىندا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپىمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىدىن ئاڭلايمىز.

پادىشا بىر كېچىسى ئاجايىپ چۈش كورۇپتۇ، ۋە چۈشىگە تەبىر سوراپ ئوردا ئولىمالىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپتۇ. ئەمما پادىشانىڭ چۈشىگە ئۇلاردىن ھېچكىم تەبىر بېرەلمەپتۇ. پادىشا ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئولىمالارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىدىن ھەيدىمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئولىما:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ يۇرتتىكى پۇقرالار ئارىسىدا 15 ياشلىق بىر دانىشمەن بالا بار دەپ ئاڭلىدىم، ئۇ ئوزىنىڭ كىچىكلىگىگە قارىماي ناھايىتى ئەقىللىق ئىمىش، رۇخسەت بولسا بىز شۇ بالىنى ئوردىغا چاقىرتساق، ئوزلىرىنىڭ كورگەن خاسىيەتلىك چۈشلىرىگە تەبىر بېرەلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ. پادىشا ئوز كوڭلىدە: «شۇنچە ئۇزۇن ساقال ئولىمالارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ئىشنى كىچىككىنە بىر بالا ئورۇنداليالامدۇ؟» دەپ گۇمانلىنىپتۇ-يۇ، ئەمما ئولىمانىڭ پىكرى بويىچە ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىشقا قوشۇلۇپتۇ.

پادىشانىڭ ئىككى خىزمەتكارى دانىشمەن بالىنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ، بالا ھېلىقى خىزمەتكارلارغا:

— بېرىپ پادىشاغا ئېيتىڭلار، مەن پادىشا كورگەن چۈشكە تەبىر بېرەلەيمەن، ئەمما كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن ئات ئۈستىدە ئولتۇرالمايمەن، پىيادە بارسام ھېرىپ قالىمەن، شۇڭا پادىشانىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى كەلسە، مەن ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، ئاندىن ئوردىغا بارسام، بولمىسا چۈشىنىڭ تەبىرى يامانغا ئوزگىرىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بالىنىڭ شەرتى پادىشاغا غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، كورگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاش تەقەززارسىدا ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

بالا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ مەيلىگە قويماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھانا ئىگەردىن بىرنى توقۇپ، ئۈستىگە مىنىپتۇ، ئاندىن

قولىغا ئۇچلۇق تاياقتىن بىرنى ئېلىپ، قەدەمدە نەچچىنى سانچىپ يۈگەرتكىنىچە ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ، يولدا كەلگىچە ئۇنىڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئۇچىسى يېغىر بوپتۇ، باش كوزلىرى ئۇچلۇق ياغاچ زەخمىدىن قانغا توشۇپتۇ.

بالا ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن پادىشاغا چوكقۇر بىر تازىم قىلىپتۇ. ئاندىن كېيىن:

— ئەي كىرەملىك شاھ، مەن ئوزلىرىنىڭ كورگەن چۈشلىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن كېيىن بۇ چۈشكە تەبىر ئېيتاي، — دەپتۇ.

— مەن كورگەن چۈشنى سەن قەيەردىن بىلىسەن، — دەپتۇ پادىشا ھەيران بولۇپ.

— بىلىمەن پادىشاھىم، — دەپتۇ بالا ۋە پادىشا كورگەن ھېلىقى چۈشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ئوزلىرى، — دەپتۇ بالا، — شۇنداق چۈش كوردىلە، چۈشلىرىدە، باشلىرىغا بىر تەۋەك ساغىرىپ پىشقان نان قويۇلغان ھالدا كېتىپ بارغان ئىمدىلە، توساتتىن يەنە بىر تەۋەك نان ئاسماندىن چۈشۈپ قۇچاقلىرىغا جايلاشتى. شۇ ئەسنادا، پۇتلىرىغا سۈركۈلۈپ يۈرگەن بىر قوتۇر ئىشت ئاسماندىن چۈشكەن ناننى تەۋەك بىلەنلا ئاستىغا بېسىۋالدى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي باشلىرىدىكى تەۋەككە قاراپ خىرس بىلەن قارىۋىدى. ئوزلىرى بۇ چاغدا ھېلىقى قوتۇر ئىشتقا «چاغ نىجىس!» دىدىلە ۋە ئويغىنىپ كەتتىلە...

بالا پادىشانىڭ كورگەن چۈشىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىپتۇ.

پادىشانىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ ۋە:

— ئەي بالا، توغرا ئېيتتىڭ، مەن ئاشۇنداق چۈش كوردۇم. سەن مەن كورگەن چۈشنى تولۇق بىلەن ئېيتالىدىڭ. مەن كورگەن چۈشنى سېنىڭ قانداقلارچە بىلىۋالغىنىڭ مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتىكەن، بالا پادىشاغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن:

— ئوزلىرى كورگەن چۈشنى مېنىڭ قانداق قىلىپ بىلىۋالغىنىم ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىدە. ئاڭلاپ تۇرسىلا:

باشلىرىدىكى بىر تەۋەك نان، — دەپتۇ بالا سوزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ ئەسلىدىكى شاھلىق سەلتەنەتى. ئاسماندىن چۈشۈپ قۇچاقلىرىغا جايلاشقان بىر تەۋەك نان بولسا، ئوزلىرىگە يېڭىدىن يۈزلەنگەن ئامەت ۋە رىسىق. ئەمما بۇنى ئاستىغا بېسىۋالغان، ھەتتا باشلىرىدىكى نانغا خىرىس قىلغان قوتۇر ئىشت كىم؟...

بالا سوزىنى مۇشۇ يەرگىچە ئېيتىپ بىردەم شۈك تۇرۇۋاپتۇ. پادىشانىڭ ھەيرانلىقى ئەسلىدىكىدىن زىيادە بولۇپتۇ. ئوردا ئولىمالىرى «سۇبھانىللا» دېيىشىپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. ئۇنىڭ قول ۋەزىرى بولسا ھانا ئىنگەر غاجاپ يېغىر قىلىۋەتكەن ئۇچىسىنىڭ ئاغرىقى ۋە ئۇچلۇق تاياق سانچىلىپ قانىتىۋەتكەن باش-كوزىنىڭ دەردىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قانداقتۇ بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە قاچىدىغانغا جاي ئىزلەپ تېپىچەكلەپتۇ.

ئېيت بالام، — دەپتۇ پادىشا، — ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، ئاخىرىغىچە سوزلە. بالا كوزىنى پادىشانىڭ ئۇنىڭ قول ۋەزىرى تەرەپكە مىختەك تىكىپ سوزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بۇ قوتۇر ئىت — مانا مۇشۇ ئۇنىڭ قول ۋەزىرى!

ئوردا ئەھلى بالىنىڭ بۇ تەبىرىدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. پادىشا ئورنىدىن قاي-

(ئاخىرى 104- بەتتە)

# موللا تاپقاق

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا مەلۇم شەھەردە سۇلتانىباي دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيالىقتا يولۋاسخان ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، باي ئوغلىنى شۇنداق ئەتىۋالايدىكەنكى، بىر بالا ئۇچۇن نەچچە ئىنىكئانا ۋە خىزمەتكارلار قول باغلاپ تۇرىدىكەن. بالا نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىدىكەن. بالا ئۈچۈن مەخسۇس تەختىراۋان ياسىتىپ، 8 قەۋەت تەتىللا كۆپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، 4 ئادەم كوتىرىپ، خالىغان جايغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىدىكەن. ھەتتا بالىنىڭ ئويىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئويۇن سارىيى ياسىتىپ بەرگەن ئىكەن. يېمەك-ئىچمەككە دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى بېرىپ، خۇددى جەننەتتىكى ھور-غىلمانلاردەك باقىدىكەن. كېچىسى ئويىنىڭ 4 تەرىپىگە چىراق ياندۇرۇپ، 4 ئايال بالىنىڭ باش-ئايىغىدا قاراپ ئولتۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بالا 15-16 ياشقا كىرگىچە تاپىنى توپىغا تەگمەي ئەتىۋالىق بىلەن ئۆسۈپ چوڭ بولۇپتۇ. ئاي ئۆتۈپ، كۈن ئۆتۈپ، سۇلتانىباي پانى دۇنيادىن باقى دۇنياغا ھېساپ بېرىشكە كېتىپتۇ. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يولۋاسخان دادىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن قىمار ئويناپ، كەيپ-ساپاغا خەجلەپ ئىسراپچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرگەچكە، قارۇننىڭ غەزىنىسىدەك بۇ دۇنيامۇ ئازىيىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يولۋاسخان دادىسىدىن قالغان دۇنيا دەپىنىنى كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە بۇزۇپ-چېچىپ تۈگىتىپتۇ. ئۇنىڭ قول ئىلكىدە قويغا يەم بېرىدىغان يېرىلىق تەگلىدىن باشقا ھېچنىمە قالماپتۇ. قوسىغى قاتتىق ئاچقان يولۋاسخان بىر كۆڭلىگى زور ئىشەنچە بىلەن «مەسۇم چوكىنىڭ ئوغلى ئەخمەتيار خېلى مەرت نەرسە، ئۆزۈندىن بۇيان مەن بىلەن يېقىن ئاغىنە، گوش، پولولىرىمدىنمۇ كوپ يېگەن، شۇنىڭكىگە بارسام ئەلۋەتتە خەيرىخالىق قىلىدۇ... ھېزىم چوكىنىڭكىگە بارايمۇ يا؟ ياق، ئەۋۋال بۈگۈن ئەخمەتيارنىڭكىگە باراي، ئەتە ئاندىن ھېزىم چوكىنىڭكىگە بارامەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ خىيال بىلەن چوڭ يولدىن ئۆتۈپ بىر تار كوچىدىن قايرىلىپ يوغان دەرۋازا ئالدىدا توختاپتۇ. قولىقىغا ھويلا ئىچىدىن ساز-ناخشا، كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ: ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا بۇرۇن بىللە تاماشا قىلغان ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ساز ئىشقىدا مەس بولۇپ، ياستۇققا يۆلىنىپ، ئولتۇرغىدەك. «بەللى - بەللى، دەل ئۈستىگە كەپتىمەن، مەنمۇ كاتتا مېھمان بولىدىغان بولدۇم، ئالدىراشچىلىقتا مېنى چاقىرىشقا ئۈلگىرەلمەپتۇ-دە، ئۆزەم كىرەي. يولۋاس بەگزادە شۇ خىيال بىلەن ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئىچكىرىدىن قوپاللىغىنە ئاۋاز چىقىپ، «كىمسەن؟» دەپ ۋاقىراپتۇ.

— مەن!....

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن يولۋاسخان...

مالاي كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ شۇنداق بىر قارىسا، ئوزى تونۇمال، ئۇچىسىدا كونا يىرتىق كىيىم بىلەن بىرسى قاراپ تۇرۇپتۇ. «توختاپتۇر، مەن خوجايىنىدىن سوراپ چىقاي،» دەپتۇ ۋە كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ «ماڭ! تېز يولۇڭغا ماڭ! كىم سېنى بۇ يەرگە چاقىردى؟

خوجا يىنىمىنىڭ سىنى قوبۇل قىلغىلى چولىسى
تەگمە يدىكەن» دەپ قوغلىۋېتىپتۇ. بىـچارە
يولۋاسخانىنىڭ دىمى سىقىلىپ، ئاغزى كەپكە
كەلمەپتۇ-دە، شۇ ماڭغانچە بىـر بىسـىپ
ئىككى بېسىپ، ھىزدىم چوڭىنىڭ ئىشىك ئالـ
دىغا كەپتۇ. قارىسا ھويلىدا ئودەكـلەرنىڭ
غاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، كاۋاپنىڭ
پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلۇپتۇ. شۇ ئەسـنادا
ھىزدىم چوڭ 4 ئاتلىق ئادەم بىلەن شـەھەر
تەرەپتىن چىقىپ كەپتۇ-دە، يولۋاسخـانغا
قاراپ، «بۇرادەر بۈگۈن ئىشىمەزئالدىراش،
شەھەردىن چىققان مېھمان بار، خاپا بولماي
قايتىپ تۇرۇڭ، ئەتىگىچە كەلەرسىز!» دەپ
قويۇپلا مېھمانلارنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپكېـ
تىپتۇۋە مالىيىغا قاراپ: «دەرۋازىنى مەھكەم
تاقاپ قوي، يات ئادەم كىرمىسۇن، پەيزـ
نى بۇزىدۇ» دەپتۇ. بىچارە يولۋاسخان ئىككىنـ
چى بىر دۇنياغا كىلىپ قالغاندەك ئۈمۈتـ
سىزلىنىپتۇ. ئامالى قالمىغانلىقتىن، ئـاچـ
لىققا چىدىماي ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ھويلاـ
جايىنىمۇ ھېلىقى «ۋاپادار» ئاغىنـىلىرىگە
سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇپۇلمۇ ئانچە
ئۇزاققا يەتمەپتۇ. شۇڭا، كۈنـى تېـخىمۇ
قـىيـىنـلـىـشـىـپـتـۇ. ئـاخـىرى
مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ، لـېكىن ھېچكىم
مەدىكارچىلىققا ياللىماپتۇ.

ئەتىسى يەنە بازارغا بېرىپ ئايلىنىپ يۈرـ
گىندەك بولسا بىر رەمبال41 تاشنى ئالدىغا قوـ
يۇپ، تىگىگە بىر داستىخاننى سېلىپ رەم ئېـ
چىپ ئولتۇرغىندەك، رەم سالدۇرغىلى كەلگەن
كىشلەر بىرەر- ئىككى تەڭگە تاشلاپ كېتىـ
ۋاتقىدەك. ئىچىدە «بۇمۇ خېلى ياخشى ئىش
ئىكەن، مەنمۇ شۇنداق قىلاي» دەپ ئويلاپتۇ.
ئەتىسى كونا داستىخاننى قولتۇغىغا قىسىپ،
رەمچى ئولتۇرغان جايغا بېرىپ، بىر دوقمۇشـ
نى تېپىپ ئولتۇرسا ھېچكىم كەلمەپتۇ، ئەتىـ
سىمۇ ھېچكىم كەلمەپتۇ، بىرنەچچە كۈنگىـ
چە شۇنداق بولۇپتۇ... كېيىن بارا-بارا ئادەم
كېلىشكە باشلاپتۇ، بىر-ئىككى نانغا ئىشلىگىدەكـ
مۇ بوپتۇ. بىر كۈنى ھەممە رەمباللار دۇكانلىرىنى
يىغىپ كېتىپتۇ. لېكىن يولۋاسخان قاراڭغۇچۈشـ
كىچە ئولتۇرۇپتۇ. شامغا يېقىنلاشقانداباشقا شەـ
ھەردىن كەلگەن بىر توپ سودىگەرلەر مال ئارتىلـ
غان ئات- ئۇلاقلارنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
يولۋاسخان بەگزادە بىر كوزلۈك ئىشەكنىڭ توپ
تىن ئايرىلىپ كوناتۆگمەنىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېـ
رىق بويىغا بېرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ
ئولتۇرۇپتۇ. كارۋانلار سارايغا چۈشۈپ ئېشەكـ
لەرنى ساناپ كۆرسە بىر ئېشەك يوكى بىلەن يوق تۇرـ
غىدەك. شۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر تەرەپ-تەرەپـ
كە چېچىپ ئىزدەپتۇ، ماڭغان يولنى ئىزدەپ كەلـ
سە بىر ئادەم دوقمۇشتا ئولتارغان، يېقىن بېرىپ
قارىسا رەمبال ئىكەن. سودىگەرلەر: بىزگە رەم
سېلىپ بەرسىلە دەپتۇ. رەمبال تاشلارنى ئۇياقـ
بۇياققا يوتكەپ، «توت پۇتلۇق، ئۈستىدە يۈكى
بار بىر نەرسە يوقاپ كېتىپتۇ، ئۆزى يىراقتا ئەـ
مەس، سۈنىڭ ئىچىدە ياتىدۇ، كۈن پېتىشقا قاـ
راپ 100 قەدەمچە مېڭىپ، سۇنىڭ بويىنى يوقـ
لاڭلار ئاللاھۇئەكبەر» دەپ رەمنى تۈگىتىپتۇ.
سودىگەرلەر رەمبالغا توت تىيىن بېرىپتۇ. رەمبال
بۈگۈن ئىنتايىن خوشال ئۆيىگە قايتىپتۇ. سودىگەرـ
لەر رەمبالنىڭ دىگىنى بويىچە ئىزلەپ كوناتۆگـ
مەندىن ئۆتسە ئىشەك سۇدا ياتقۇدەك، سودىـ
گەرلەرنىڭ ئاغزى قولاق تۈۋىگە يېتىپتۇۋە خوـ
شاللىقىدىن يولۋاس بەگزادىگە «موللا تاپقاق
ئاخۇنۇم» دەپ نـام بېرىشىپتۇ. بۇخەۋەرنى
ئاڭلىغان باشقىلار موللا تاپقاقنىڭ ئۆزىنىڭ
ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۈشـ
شاق باللارغا بىر تىيىندىن پۇل بېرىپ «قوـ
ناق ئۈنى بايۋەچچە» دەپ بېشىغا توپاسوـ
رۇڭلار، دەپ ئۈگىتىپ قويۇپتۇ. دىگـەندەك
ئۇششاق باللار «قوناق ئۈنى بايۋەچچە» دەپ
بېشىغا توپاسورۇپ ئـولتارغۇزماپتۇ. شۇنىڭ
بىلـەن يولۋاسخانغا بۇشەھەر ھارام بوپتۇ.
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يەنە ئامالسىز قـاپتۇ.
ئاخىرى ئارىلىغى 8 كۈنلۈك بىر شەھەرگە كۆـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈپ بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە تونۇمال ئادەم بولمىغاچقا خېلى كەڭ- تاشا رەمباللىق قىپتۇ، ئۆزىنى باشقىلارغا «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە خېلى داڭ چىقىرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەردىمۇ ھەسەتخور رەمباللار بار ئىكەن. ئۇلارمۇ موللا تاپقاقنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ ۋە مەسلىھەتلىشىپ بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ، بۇ زىياپەتكە موللاتاپقاقنىمۇ چاقىرىپ ئۇنىڭ ئولتارغان جايىغا بىر ئورا كولاپ، ئورىغا بىر باقىنى سولاپ ئۈستىگە تاختا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىلەم، كۆرپىلەرنى سېلىپ ئەنە شۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئارىدىن بىرسى:

— ئۆزلىرى رەمباللىقتا كامالەتكە يەتكەن كىشى، مالال كەلمىسە ئاستىلىرىدىكى ئورىدا نېمە بارلىغىنى تېپىپ كۆرسىلە، — دەپتۇ. موللاتاپقاق بىرھازا بېشىنى قاشلىغاندىن كېيىن: «بىرىنچى قېتىم قۇتۇلدۇم، ئىككىنچى قېتىممۇ قۇتۇلدۇم، مانا بۇ قېتىم بولسا تىزىتىلدۇم» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان رەمباللار ھاڭ- تاڭ قاپتۇ. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— بىلمەپتىمىز تەقسىر خاتا قىپتىمىز، دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە ئېگىلىپ تازىم قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە موللاتاپقاقنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ شەھەردىكى شاھ قىزىنىڭ سىرغىسى يوقاپ كېتىپتۇ. بۇ سىرغىنى مەلىكە چاچ تاراپ ئۇنۇتۇپ قالغاندا غاز باقىدىغان غازچى ئېلىۋېلىپ، تاھارەتخانىغا كۆمۈپ قويغان ئىكەن.

پادىشا شەھەردىكى بارلىق موللا-ئۆلىمالارنى يىغىپ، قىرىق كۈنگىچە قىزىنىڭ سىرغىسىنى تېپىشنى، ئەگەر تاپالماي قالسا ھەممە موللىلارنى ئولتۇرىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. موللىلار 40 كۈنگىچە ھەرقانچە كىتاپ كۆرۈپمۇ تاپالماپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى پادىشا موللىلارنى يىغىپ سوراپتۇ. لېكىن ھېچكىمدىن ئۈن چىقماپتۇ. پادىشا غەزەپلىنىپ، جاللات چاقىرىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئارىدىن بىركىشى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېگىلىپ تازىم قىلىپ:

— دات پادىشاھى ئالەم، ئايىمان يۇرتىنىڭ نايىمان مەھەللىسىدە «موللاتاپقاق ئاخۇنۇم» دېگەن بىركىشى بار، ئەگەر رۇخسەت بولسا ھازىر بىزنى ئولتۇرمەي شۇ كىشىنى چاقىرىپ سوراپ باقساق، تېپىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئەگەر تاپالماي قالسا، ئاندىن ھەممىمىزنى تەڭ ئولتۇرسىلىمۇ كېچىككەن بولمايلا، — دەپ ئەرزىنى بايان قىپتۇ. پادىشا ھۆكمىنى ئۆزگەرتىپ، موللىلارنى ۋاقتىنچە زىندانغا تاشلاشنى، موللاتاپقاقنى دەرھال تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بىرقانچە ئادەم بېرىپ موللا تاپقاقنىڭ پۇت-قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ئېلىپ كېلىشىپتۇ.

پادىشا موللا تاپقاققا مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. موللاتاپقاق قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇھەم ئىچىدە: «مەن كىچىكىمدە شۇنچە ئەتىۋالىق بىلەن چوڭ بولۇپتىمەن، كېيىن مەدىكارچىلىققىمۇ يارىماي، رەمباللىق بىلەن جان بېقىپتىمەن، ئەمدى بېشىمغا كەپتۇ، مەيلى ئىم بولسام بولاي، لېكىن يەيدىغىنىمنى يەۋېلىپ ئۆلەي» — دەپ ئويلاپتۇ ۋە پادىشاغا 40 كۈنگىچە ئەھتىمكاپتا ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئايرىم بىر ئۆي ھازىرلاپ بېرىشىنى، ئىزاسىغا كۈنلىگى 10 قوينىڭ يۈرىگىنى، بىر غازنىڭ شورپىسىنى، بىرقولاننىڭ توشىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشا دەرھال قوشۇلۇپتۇ. لېكىن ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى موللاتاپقاقنىڭ كېلىدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ قاپتۇ. 39-كۈنى «ئەمدى بېشىمغا ئەزرائىلنىڭ شولىسى چۈشتى، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە ئۆزەمنى- ئۆزەم ئولتۇرىۋالاي» دېگەن خىيال بىلەن ئۆينىڭ جەگىسىگە ئاغامچا سېپتۇ، پۇتىغا 4 خىش قويۇپ بويىنىغا ئاغامچا سېلىپ تۇرۇپ: «يا ھا يا تەنەنە بى!... يا خىزىر...! يا ئىلياس...!» دەپ قايتا- قايتا تۇۋلاپتۇ. دەل

شۇچاغدا غازچى ئىلياس ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە «ئىشىم تۈگىدى، بۇ ئادەم بىلىپ قاپتۇ، ئەمدى ئۆزەم كىرىپ گۇنايىمنى تىلىمىسەم، پادىشا بىلىپ قالسا ئۆلتۈرىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ خىيال بىلەن ئىشىكنى چېكىپتۇ، موللا تاپقاق :

—كىمسەن؟ بۇ كېچىدە مېنى ئىبادەت قىلغىلى قويماي ئىشىك چېكىپ ئاۋارە قىلىدىغان، ئىشىك بولساڭ ئەتە كەل، — دەپ توۋلاپتۇ. ئىلياس ئىشىك ئالدىدا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپ :

—ۋاي ئاخۇنۇم، سىرغىنى مەن ئالغان، سىلە تېپىۋاللا، بىر بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن، ئىككى بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن، مەن سىرغىنى ھازىر تەييار قىلاي، بىر قوشۇق قېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالسىلا، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. موللا تاپقاق دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ:

—مەن سېنىڭ ئالغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلگەن، لېكىن سېنى قانداق قىلىدۇ، دەپ تا بۈگۈنگىچە كۈتتۈم. بۈگۈن ئۆزەڭ كەپسەن. بولمىسا پادىشاغا دەپ دارغا ئاستۇرۇۋېتەتتىم. قېنى ئۇ؟— دەپتۇ چاندۇرماستىن.

—ۋاي، تېپىۋېلىپ ھاجەتخانىغا كۆمۈپ قويغان، شۇ يەردە بار، دەپتۇ، ئىلياس.

—ئۇنداق بولسا،— دەپتۇ موللا تاپقاق،— سەن ھازىر بېرىپ سىرغىنى غازغا يىگۈزىۋەتكىن ۋە شۇ غازنىڭ قانىتىنى سۇندۇرۇپ بەلگە قىلىپ قويغىن، ئەتە پادىشا سورىسا غاز يەپتىكەن دەيمەن، سەن غازلارنى ھەيدەپ كېلىسەن، بەلگە قىلىنغان غازنى ئۆلتۈرىمىز، سىرغا چىقىدۇ، سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلىسەن، دەپتۇ. ئىلياس خوشاللىقىدىن موللا تاپقاقنىڭ تاپىنىنى سۆيۈپتۇ ۋە بېرىپ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپتۇ.

—ئەتىسى پادىشا موللا تاپقاقنى چاقىرىپ، «ھە، قېنى تاپتىڭىزمۇ؟» دەپتۇ، «تاپتىم» دەپتۇ موللا تاپقاق.

— نەدىكەن؟

— غاز يەپتىكەن، ئەمر قىلسىلا، غازچى غازلارنى ھەيدەپ كەلسە، ئۆزەم تاپىمەن، دەپتۇ موللا تاپقاق، پادىشا ئەمر قىپتۇ. ئىلياس غازلارنى ھەيدەپ كەپتۇ، پادىشا بىر تەرەپتە، موللا تاپقاق بىر تەرەپتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى بەلگە قىلىنغان غاز كېلىشى بىلەنلا موللا تاپقاق يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇتىۋاپتۇ ۋە ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. غازنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن، غازنىڭ پوقىنىدىن ھېلىقى سىرغا چىقىپتۇ. پادىشا بۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بوپتۇ ھەم خوشال بوپتۇ، ھەم قايىل بوپتۇ. موللا تاپقاقنى ئوردا ۋەزىرلىكىگە ئېلىپ قېلىپ «موپەتتىشى ۋەزىر» دەپ نام بېرىپتۇ ھەم كىچىك قىزىغا ئۆيلەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا تاپقاق پادىشانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە چۈمۈپ ئالى ھۆرمەتكە ئىگە بوپتۇ

بۇ ئىش ئوردىدىكى ھەسەتخور ۋەزىرلەرنىڭ ئۆغىسىنى قاينىتىپتۇ، «بىز شۇنچە كۆپ خىزمەت كۆرسەتسەك ئۇنچىلىك قىلمايدۇ. بىر سىرغىنى تېپىپ بەرگەن موللىغا شۇنچە قىلىپ كېتىدۇ، مۇشۇ ئادالەتلىك بولامدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە موللا تاپقاقنى يوقىتىشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرگە باشقا بىر شەھەردىن نۇرغۇن دۈشمەنلەر بېسىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. پادىشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە بارلىق ۋەزىرلەر، ئوردا ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھەسەتخور ۋەزىرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ.

—ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم،—دەپتۇ ئۇلار، دۈشمەننىڭ كۈچى كۆپ ئىكەن، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەس. بۇ ئىشنى موللا تاپقاق ۋەزىر ئۆز ئۈستىگە ئالسا، جانابى ئالىلىرىنىڭ نامىدىن بىرلەك لەشكەر

بىلەن چىقىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرسا، بۇ
كىشى ئىلمى غايىپتىن خەۋەردار بولغاندىـ
كىن جەڭدە زەپەر تېپىشى مۇمكىن.

بۇ مەسلىھەت پادىشاغىمۇ يېقىـپتۇ ۋە
شۇھامان موللا تاپقاققا تەييارلىق قىـلىپ،
ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇق
بېرىپتۇ. بۇ گەپنى موللا تاپقاق ئاڭلىغانـ
دىن كېيىن بېشىدىن بىرچېلەك سـوغۇق سۇ
قۇيغاندەك بولۇپتۇ، بېشى ئايلىنىپ ئۆيىگە
ئاران تەستە قايتىپ كەپتۇ. خوتۇنىغا بولغان
ۋەقەنى بايان قىلىپ:

مەن چوڭ بولۇپ ئات مىنىپ باقمىغان،
جەڭ قىلىپ باقمىغان ئىدىم، ئەمدى قانـ
داق قىلغۇلۇق؟- دەپتۇ.

—قورقمىسىلا،-دەپتۇ خوتۇنى، سىلەر يولغا
چىقىدىغان چاغدا ئاتامنىڭ ئېتىنى مىنىپ
چىقىشنى ئىلتىماس قىلسىلا، ئاتنى يېتىلەپ
ئۆيگە ئېلىپ كەلسىلە. ئۆيدە بىرخالتا ئۆرۈك
يىلىمى بار، مەن يۇمشىتىپ، تەييارقىلىپ
قوياي، ئاتنىڭ ئۈستىگە ۋە ئېگەرگە يىلىمـ
نى سۈركەپ، ئاندىن مىنسىلە، يىقىلىپ چۈشمەيـ
لا،-دەپتۇ.

موللا تاپقاق خوتۇنىنىڭ دېگىنىدەك قىـ
لىپتۇ. لەشكەرلەرنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ 3-
كۈنى پادىشانىڭ ئېتىنى ئېلىپ پادىشا بىـ
لەن خوشـلىشـىپتـۇ ۋە ئاتـنى يېتىـ
لـەپ ئۆيـگە كـەپتـۇ. ئـانـدىـن
ئاتقا ۋەئېگەرگە قويۇق يىلىم سۈركەپ مىنـ
گەن ئىكەن، ھەش-پەش دېگىچە يىلىم قېـ
تىپ موللا تاپقاق ئاتقا ناھايىتى چـىڭ
چاپلىشىپ قاپتۇ. شۇماڭغانچە لەشكەرلەر-
نىڭمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مېڭىپ، مېـ
ڭىپ بىرتار يولغا كىرىپ قاپتۇ. يولنىڭ
بويىدىكى ئېرىق بويىدا يوغان بىر تـۈپ
سۆگەت ئىچى پۈرلىشىپ يىلتىزلىرى قۇرۇپ
تامغا ئارتىلىپ قاپتىكەن، موللا تاپقـاق
ئاتتىن چۈشۈشكە ئامال قىلالماي سۆگەتنىڭ
ئاستىدىن ئۆتكەن ئىكەن، ھېلىقى پۈر سۆـ
گەت ئاتنىـڭ ئۈستىگە چـىقىپ قـاپـتۇ.
ئات بۇنىڭدىن ھۈركۈپ توختىماي چېپىشقا
باشلاپتۇ. دۈشمەنلەر يىراقتىن قارىسا بې-
شىغا قىزىل سەللە ئوراپ، ساقىلىنى قىزىل
بويىغان بىرئادەم يوغان بـىرتۈپ دە-
رەخنى ئالدىغا ئېلىپ، گۈلدۈرلەپ چېپىپ
كېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ دۈشـمەنلەر-
نىڭ جان-پېنى چىقىپ كېتىپتۇ-دە:

—ئاجايىپ بىرپـالۋان كـېلىۋاتـىدۇ،
قاچ!... دەپلا ئېتىنىڭ بېشىنى ئـارقىغا
بۇراپ قويىرىغىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ.

بۇخەۋەر ھەش-پەش دېگىچە پادىشا ئور-
دىسىغا يېتىپ كېلىپ چوڭ داغ-دۇغا پەيدا
قىپتۇ. ھەسەتخور ۋەزىرلەرنىڭ چالمىسى سۇ-
غا چۈشۈپتۇ. پادىشا خوشاللىقىدىن 3كۈنـ
لۈك يەرگىچە موللا تاپقاقنىڭ ئالدىغا چىـ
قىپتۇ ھـەم ئۇنى ئوڭ قولۋەزىر قىلىپكۆ-
تىرىپتۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي پـادىشا
ئۆلۈپ كېتىپ، موللا تاپقاق پادىشـالىققا
ئولتۇرۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سـوراپ
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بـەختلىك ھـايات
كەچۈرۈپتۇ.

رەتلىگۈچى:

مەھەممەت زەھۇر

# قۇرۇلتاي زالىدىكى تەسىراتلار

مەن ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتىم. تەسىراتىم يۈزىسىدىن بۇ شېئىرنى يازدىم.

مامۇت زايىت

---

(1)

پەسىلگە ئوخشايدۇ ئىنسان ھاياتى،
ئۇنىڭدا باھار، كۈز، قىشلار بولىدۇ.
يۈرىگىڭ بېتىگە ئۆچمەس ئىز سالغان،
ئاجايىپ ئۇنتۇلماس ئىشلار بولىدۇ.

رىيازەت، ھالاۋەت كۆردۈم يەتكىچە،
ھاياتتا بۈگۈنگە قويغىچە قەدەم.
ياشلىقىم نۇرلىنىپ، كۈلدى تەلىيىم،
كۆرسەتتى مۇساپە «قىرىق بىر» رەقەم.

ھۆرمەتكە ئېرىشتى مېھنەت ئىجادىم،
پارتىيە، ئەل ماڭا بەردى شان-شەرەپ.
ئەۋەتتى يىغىنغا قەدىمىي يۇرتۇم:
ئۆزىمىز تاللىغان ۋەكىلىمىز، دەپ.

جەم بولدۇق بىر جايغا شىمال-جەنۇپتىن،
سىياسىي كېڭەش ھەم خەلق ۋەكىللىرى.
ۋەتەننىڭ گۆھىرى — ئەمگەك ئەھلىنىڭ،
يايرىدى شاتلىققا چۆمۈپ دىللىرى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل، ھەيئەتنىڭ،
كۆپلىرى زىيالىي — ئالىم، تېخنىكار.
بۈگۈننى تىكلىگەن ئۇلار ئەجرىدە،
ئەتىكى ئىستىقبالغا بولۇپ ئۈمىدۋار.

كۆردۈمەن قۇرۇلتاي، كېڭەش زالىدا،
دەۋرىمىزنىڭ شۆھرەتلىك ئۇستازلىرىنى.
كۆردۈمەن ياش تېخنىك-ئىنژېنېرلارنىڭ،
شان-زەپەر كۆكىدە پەرۋازلىرىنى.

كۆردۈمەن قۇرۇلتاي، كېڭەش زالىدا،
بوۋامدەك ئاق ساقال مويسىپىتلارنى.
ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزى، كۈلكە-چاقچىقى،
ئەسلەتتەر نەۋقىران شوخ يىگىتلەرنى.

تارىخنى ئۇلىغان ئۇلار بۈگۈنگە،
مىللەتنىڭ بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىپ.
ئۆتكۈزگەن ياشلىقنى مەزمۇنلۇق، گۈزەل،
نى ئېغىر جاپانى ھالاۋەت بىلىپ.

شۇ ئاق چاچ ئاتىلار — ياشلىق چېغىدا
جەڭچىسى بولۇشقان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ.
جان تىكىپ ئېلىشىپ گۆرىنى قازغان،
گومىنداڭ ماركىلىق ياۋۇز ئاپەتنىڭ.

شۇ ئاق چاچ ئاتىلار — پىشقان رەھبەرلەر،
ئۆتكۈزگەن بەخش ئېتىپ ئەلگە ئۆمرىنى.
«ئومۇم»نىڭ ئىشىنى بىلىپ مۇقەددەس،
ئەۋلادقا ئۆتۈنگەن خىزمەت ئورنىنى.

شۇ ئاق چاچ ئاتىلار — پىششىقەدەم ئەجدات،
ساقلىغان جۇشقۇنلۇق ياشلىق جۈرئەتنى.
كۆرسىتىپ ئەۋلادقا مەسلىھەت-تەدبىر،
چىڭ تۇتقان ئاخىرقى ھەربىر پۇرسەتنى.

چۈشەندىم: قېرىغاي ئىنسان يىللىرى،
ۋەلېكىن قېرىماس يالقۇنلۇق يۈرەك.
قېرىشتىن ساقلايدۇ روھى ياشلىقنى،
ئۈمىدۋار ئىرادە، پاك غايە-تىلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىردىشىپ ياشىنغان ۋەكىللەر بىلەن،
ھەقىقى ئىشەنچكە تولدۇم باشقىچە .
چارچىماس جۈرئىتىم تولپارى ئەمـــدى،
ئۆزلاردەك ھىسابسىز داۋان ئاشقىچـــە...

(2)

يەن- ئىجات بۆشىكى- قەدىمي ئۆلكە،
ئالدى توز مىسالى گۈزەل تۇس- چىراي.
ئېچىلدى ئاق چاچلىق بوغدا باغرىدا ،
كېڭەشنىڭ يىغىنى، يېڭى قۇرۇلتـــاي،

قاتناشتىم بۇ يىغىن ھەم قۇرۇلتايغا،
قاشتېشى ۋادىسى خوتەندىن كېلىپ.
مەن ئەقلى ئەمگەكچى-روھى ئىنژېنېر،
قولۇمدا بەختىمنىڭ ئاچقۇچى-كېلىت.

چۈمۈلدۈم ھاياجان بۇلاقلىرىغا،
ئولتۇرۇپ يانمۇ-يان ۋەكىللەر بىلەن.
كوزلەردە نۇر چاقنار، لەۋلەردە كۈلكە،
بىزەلگەن زال-سەھنە ئۈز گۈللەر بىلەن.

بۇ يەردە ئولتۇرغان ياش ۋە موىسپىت،
خەلقنىڭ ۋەكىلى، دولەت ئىگىسى.
بىر تەرەپ قىلىنار بۇندا ئۆلكە مىنىڭ،
ئەڭ مۇھىم ئىشلىرى، بۇگۈن، كەلگۈسى...

ئولتۇرۇپ قۇرۇلتاي زالىدا خوشال،
يالقۇنلۇق ھىسلارغـــا چـــومۇلدى يۈرەك.
تەپەككۇر دەرياسى سۇغارغان سۇدا،
ئىلھام كوچىتى ئاچتى گۈل-چېچەك.

چۈنكى مەن باغۋەن ھەم خەلق كۈيچىسى،
شاتلىغىم، غۇرۇرۇم، پەخرىم شۇندىدۇر.
ھەقىقى خوجايىن بولدۇم دولەتكە،
ئىقبالىم، تەلىيىم، بەختىم شۇندىدۇر.

ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئەلنىڭ قەلبىنى،
كورىمەن بۈگۈنگە باققان كۆزۈمدە.
خەلقنىڭ ساداسى، ئىشەنچ-ئارزۇسى،
ياڭرايدۇ شېرىمدا، ھەربىر سوزۇمدە.

قۇرۇلتاي، سىياسى مەسلىھەت كېڭەش،
ئەمگەكچان خەلقىمنىڭ ھوقۇق مۇنبىرى.
بولماقتا ئەل-يۇرتنىڭ بەختىگە كېپىل،
ئادالەت ئاپتىۋى چاقناپ كۈنسېرى.

ئويلايمەن: كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق ھازىر،
ئالدىمدا ئۆتمۈش ھەم بۈگۈن، ئىستىقبال.
تومۇردا قانلىرىم كوتۈرەر دولقۇن،
يۈرىگىم ئۈنىگدا ئۆزگەن كېمە-سال...

(3)

نەچچە ئون ئەسىرلىك تارىخ كارۋىنى،
كەشپىيات ئىچىدا ماڭغان ئۆلكە بۇ.
پەن-سەنئەت، ھونەردە يەتتە ئىقلىمدا،
ئەجرىدىن شان-شوھرەت ئالغان ئۆلكە بۇ.

تۆگۈنى بۇ ئۆلكە كارۋان بۆيۈكنىڭ،
قەغەز ھەم مەتبەئە بولغان ئىختىرا.
تىبابەت، مۇقامدا جاھانغا بۇندىن،
باشلانغان شوھرەتلىك بىر يېڭى ئىرا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەخمۇت قەشقىرى،
بۇ يەردە ئەڭ نادىر شاھ ئەسەر يازغان.
بىھىساپ تارىخچى، تىلشۇناس، ئالىم،
پەن-ھېكمەت تېغىدىن دۇر-گوھەر قازغان.

سايرامى تەزكىرە يازسا تارىخدا،
زەلىلى يۇرت كەزگەن دەرت-چېكقاش بىلەن!
نازارى گۈل تەرسە تۈمەن بويىدا،
نوبىتى مۇڭداشقان يۈرۈكقاش بىلەن.

تەلپۈنۈپ يۈرىگى ھەققانىيەتكە ،
ئادالەت، ھۆرلۈكنى كوزلىگەن ئۇلار.
جاھالەت زۇلمىدىن ئوقۇپ شىكايەت،
ئەل مۇڭى، دادىنى سوزلىگەن ئۇلار.

سادىر ھەم مۇتەللىپ، رىزۋانگۈل...كەبى.

باتۇلار جەڭ قىلغان قىزىل قان كېچىپ.
بولمىغاچ ئىنجاتكار، كۆلمىگەن قۇياش،
بەختسىز خەلقىمگە يۈزىنى ئېچىپ.

ياۋايى يانغىنلار ئوتىدا يانغان،
قانچىلاپ كىتاپلار، مىڭ ئوي، ئەسىرلەر.
ئەقىللەر ئېگىسى ئېسىلىپدارغا،
ئاسارەت زۇلمەتتە ئوتتى ئەسىرلەر.

ھوقۇقسىز، ئەركسىز ئوتكەن ئەجدادىم،
چەيلىنىپ كەشپىيات- مەھنەت گۈلزارى.
تارىمدا سۇئەمەس، قانۋە ياش ئاققان،
ئەرشنى قاپلىغان ئەلنىڭ مۇڭزارى...

(4)

قۇرۇلتاي زالىدا ئولتۇرۇپ بۈگۈن،
ئەسلىمە - خىياللار تولدى مىڭەمگە .
ئادەتتۇر ئەسلىمەك ئوتكەن كۈننى،
بەختكە ئېرىشكەن ھەربىر ئادەمگە.

باشلىنىپ تاڭ بىلەن يىپ-يېڭى تارىخ،
ياشنىدى ئومۇرنىڭ نۇرانە پەسلى.
ئېرىشىپ ھورلۇككە، بولدۇم خوجايىن،
بەختسىز ئەجداتنىڭ بەختلىك نەسلى.

بېشىمنى ئاتام ۋە ئانامدەك سىلاپ،
مېھرىۋان ئەل مېنى ئالدى قوينىغا.
ئوتتى گىزىل ياشلىغىم ئىجات- مېھنەتتە،
ئېسىپ دۇر- مەرۋايىت يىللار بويىنىغا.

يول توستى ئوڭ-سولدىن چىقىپ تەلۋىلەر،
داغدام يول، ئىقبالدىن تاندۇرماق بولۇپ.
قەستلىدى شان- زەپەر بىنالىرىنى،
توھمەتلەر ئوتىدا ياندۇرماق بولۇپ.

تارىخنىڭ ھوكۈمى شۇ: سۇنماس ھەقىقەت،
ئوت بىلەن ئويناشقان كويىدۇ ئوتتا.
يوقالدى مەلئۇنلار، گۈللىدى باھار،
پارتىيە نۇرچاچقان ھور ئانا يۇرتتا.

قاغدال-غان دەرەخلەر كۆكلەپ ياشنىدى،
سارغايغان چىرايلار گۈلدەك قىزاردى.
ئېرىشىپ پەن-ئىجات ئەھلى ئىززەتكە،
كەشپىيات بېغىنى قايتا سۇغاردى.

«سىياسى كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى»،
بۇ-ماڭا ئەل بەرگەن شان-شەرەپ ھوقۇق.
ھەقلىقمەن، بېرىشكە تەكلىپ، مەسلىھەت،
دولەتنىڭ نى-نى زور ئىشى توغرىلىق.

بولسىدى مەرھۇمە جاپاكەش ئانام.
كورسىدى ئوغلىنىڭ مۇشۇ كۈننى.
ئاق بېشى ئاسمانغا تاقاشمايمىدى،
«دولەتكە خوجايىن» دەپ بىلىپ ئۇنى.

ئاھ، ئەگەر فارابى، لۇتپى، سەككاكى،
نوبىتى بوۋاملار بولغاندا ھايات؛
ئولتۇرۇپ قۇرۇلتاي زالى-سەھنىدە،
بولاتتى قانچىلىك بەختىيار ۋە شات!؟

سىزىمەن ئۇلارنى خۇددى يېنىمدا،
كۈچ بېرەر تېنىمگە ئەجرى، رىغبىتى.
شەكسىزكى، سۇيۇنەر روھى ئۇلارنىڭ،
كەلدى دەپ ۋەتەننى گۈللەش نوۋبىتى ...

تىنىمسىز ئايلىنار پەكىر تۈگمەنى،
ئويلايمەن، زەپ ئېسىل بۈگۈن-ئەتىمىز.
كوڭۈللەر ئازادە، ئىمكان كەڭتاشا،
كەلدى زور غەيرەتتە ئىشلەش پەيتىمىز.

ئولتۇرار ۋەكىللەر ئاڭلاپ دوكلات،
سوزلىنەر ئالتىنچى بەشيىللىق پىلان.
ئولكىنىڭ ئىقباللىق مەنزىرىسىدىن،
دىللاردا سۇيۇنۇش، يۈرەكتە گۈلخان.

ئوتىدۇ جۇپ كوزۇم ئاپاراتىدىن،
گۈللىنگەن سەھرالار، يېزىلار قاتار.

ئالماقتا مەدىنىسى، گۈزەل قىيا پەت،
يۇرۇڭقاش ۋادىسى_قەدىمىي دىيار.

---

قۇتۇلدى قەرزدارلىق، ئىلكىدىن دىخان،
ئازىيىپ نامراتلىق، ئەل تېپىپ روناق.
ھەممىنىڭ ئوز يېرى، ئوزئوي_ بېغى بار،
تۇتىيا بىلىنمەس ھېچكىمگە قوناق.

ھودده يەر_دىخانغا چىقىرىپ قانات،
قىزدى «ئونمىڭ جىڭ» سېپىدە بەيگە.
ئېشىنغان مىڭ يۈەنلەر تولۇپ بانكىغا،
مۇكاپات مېدالى كەلدى ساپ تەرگە.

زورلىماس ھېچكىمنى ئىشقا ھېچكىمنى،
ھەممىدە قىزغىنلىق، ئەل ۋە يۇرت ئاڭلىق.
قاشتېشى ئويمىكار، خالۋاپ ئەجرىدىن،
بولماقتا قول ھونەر قايتىدىن داڭلىق...

ئولتۇرۇپ يىغىنىنىڭ زالىدا خوشال،
بۈگۈندىن سۆيۈنۈپ، باقتىم ئەتىگە.

ياغدۇردى قۇرۇلتاي باھار ياغمۇرى،
ئۈسسىغان مايسىغا تازا پەيتىدە.

شۇبھىسىز، يېقىندا بولار گۈلۈستان،
ئۆلكىنىڭ كەڭ سەھرا، شەھەر تاغلىرى.
(ئەقىل ۋە ئەمگەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن،
گۈللىنەر مائارىپ، ئىجات باغلىرى.)

چۈنكى يول كەڭ_داغدام، خەلقىم ئىتتىپاق.
تۈزۈلدى ئەملىي، ئۇلۇغۋار پىلان.
ئىجاتكار مىللەتنىڭ قىز_ئوغلانلىرى،
بەيگىنىڭ ئالدىدا قىلماقتا جەۋلان.

پەخىرلەن ئەي ئۆلكەم، ھـەيئەت، ۋەكىللەر
قىلماقتا مۇقەددەس ئىشلىرىڭنى ھەل.
بۈگۈننىڭ ئورالدى زەپەر گۈلىگە،
كەلگۈسـىڭ تېخىمۇ پارلاق ۋە گۈزەل!...

1983_يىل، ماي، ئۈرۈمچى.

---

(بېشى 95 بەتتە)

سى پاكىتقا ئاساسلىنىپ شۇنداق ھوكـۇم قىلغىنىنى سوراپتىكەن، بالا «ئەۋلەن نەق مەيدانغا بارايلى» دەپتۇ ۋە ھەممەيلەننى ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بېغىغا يانداش قـۇم دۆۋىسىگە باشلاپ بېرىپتۇ. كىشىلەر بىرھازا ھەپىلىشىپ ھېلىقى دۆۋىنى چېچىپ، توڭلۇكتىن يەر ئاستىدىكى شەھەرگە كىرىشىپتۇ. بۇ يەردىكى بايلىق، گۈزەللىك، ئاجايىپ غارايىپلارنى كۆرۈپ ھاڭ_تاڭ قاپتۇ.

پادىشا بالىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈشىنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەن. بالا بوۋىسىدىن مىراسقا قالغان ھېلىقى كىتاپ ھېكمىتىدىن تارتىپ ھەممە ۋەقەلەرنى بىر_بىرلەپ سوزلەپتۇ ۋە:

—ئەي پادىشاھىم، ئوزلىرىنىڭ بىرۋەزىرى مۇشۇ يەرئاستى شەھرىدىكى دۇنيا_تەئەللۇقاتلارنى سىلىدىن قىزغانغاچقا، رەمەتلىك دادامنى سىرنى پاش قىلىپ قـويىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كېيىن نەپسى بارغانسىرى يوغىناپ_ سەلتەنەتلىرىـگىمـۇ كـوز ئـالايتىپ، پەيت كۈتكەن، دەپ سوزلەپتۇ.

پادىشا 15 ياشلىق بۇ دانىشمەنگە قول قويۇپتۇ. قارانىيەت، قاتىل ۋەزىرنـى ئاتىنىڭ قۇيرىغىغا سورىتىپ باياۋانغـا قويىۋېتىپتىكەن، تېنى تىتما_تىتمان بولۇپ تۈگىشىپتۇ. بالىنى ھېلىقى ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ئىشقا قويۇپتۇ. بۇئىشتىن پۈتكۈل ئادەملەر خۇرسەنت ۋە رازىمەن بولۇپتۇ.

15 ياشلىق بالا ھېكمەتلىك كىتاپتىكى بىلىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، يۇرتنى يامانلارنىڭ قەستىدىن ساقلاپ، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇپتۇ. ئانا_بالا ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختىيار ياشاپتۇ.

رەتلىگۈچى: خېلىل ئېلى

# «ئۈمىدنىڭ نەجاتچىسى»

(ھېكايە)

سىددىق قاۋۇز

— نېمە، ئۇ ئادەممۇ؟ ئاھ خۇدا، قايسى تەقدىر شامىلى ئۇنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ؟

سۇ بېشى كۆتىرىلمەستە قونالغۇسىدىن ئايرىلىپ، چۆل-جەزىرلەرنى كېزىپ چىققان نۇراخۇن، بۇ تەسادىپى ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق شۈركەندى-دە، مېڭىشتىن توختىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا 5 مېتىر نېرىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئېتىكىدە كىمدۇ بىرى زەئىپ كۆۋدىسىنى سۇنۇپ، ئۇڭ پۇتىنى سەل يىغقىنىچە دۈم ياتاتتى. ئۇ ئىشەكتىن چۈشتى ۋە قورۇنۇش ئىچىدە ئەنسىز قەدەم ئېلىپ ناتونۇش ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇچۇپ كېتەي دەپ قالغان ئىزغا قارىغاندا ئۇنىڭ خېلى يەرگىچە ئومۇلەپ ماڭغانلىقى، مۇشۇ قۇم دۆۋىسى ئالدىنى تۇسقانلىقى مەلۇم ئىدى.

نېمە دېگەن دەھشەت! نۇراخۇن قانداقتۇ بىر خىل تىلسىماتقا دۈچ كەلگەندەك، پۇت-قوللىرىغا تىترەك ئولىشىپ، ئۆزىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان قورقۇنۇچ سېزىشكە باشلىدى. ئىلگىرىدىنلا «جان چەقۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ باياۋان قۇم بارخانلىرى بىلەن سايلار بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ساي بىلەن چېقىل-ئىدىرلىقلار تۇتىشىپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ جاي ئىدى. ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان بۇ ماكاندا بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ ھالەتتە يولۇقۇشى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى.

«قۇمغا چۆكۈپ ياتقان بۇ ئادەمنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكى ھەققىدە ئېنىز ئېچىش تەس. مۇبادا ئۇ بىرەر قارا نىيەتنىڭ قولىدا جان ئۈزۈپ، ھايات شامى ئۆچكەن بولسا، ئۇنى پەرۋىش قىلمىغان، دەپ ئۇرۇنىدىن قوزغىسام مەن بالاغا قالارمەنمۇ؟» نۇراخۇن بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «ياق، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت. ھازىرقى كۈندە توغرا نىيەتلىك ئادەملەرگە ھېكاردىن بىكار قارا چاپلانمايدۇ...» ئۇ ئەنسىز خىياللار پاتقىقىدىن يولقۇنۇپ چىقتى-دە، ئۇ ئادەمنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈپ يۈرەك ھەركىتىنى، تىنىقىنى تەكشۈردى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان زەئىپ يۈرەك سوقۇشى ۋە ئاجىز تىنىقىدىن ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قۇم تىقىلىپ، بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى قاغجىراپ كەتكەن سېغىزلىق يەردەك چاك-چاك يېرىلىپ، تىلى نەمدىن ئەسەر قالمىغان تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغان ئىدى. نۇراخۇن ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئېغىزىنى تازىلىدى. ئۇنىڭ ئۇسۇپ كەتكەن چاچلىرى توپا-توزاڭلار بىلەن بۇلغانغان، يۈزلىرى تومۇزنىڭ كۆيدۈرگى ئاپتىۋىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەندىن باشقا ھېچبىر ئەزاسىدا زەخمىنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنداقتا قاقاس ئىسسىق، ئۇسسۇزلۇق، مۇدھىش بوران ۋە ئاچلىقتىن ئىبارەت خوراتقۇچ 21 ياشلاردىكى بۇ يىگىتنىڭ ھوشىنى ئېلىپ

قاچقان دېيىش ئەقىلغە مۇۋاپىق يەكۈن بولاتتى. ئەپەت شۇنداق رەھىمسىزكى، بەزىدە ئىنسانلارنى ھولچەرلىگۈسىز تالاپەتكە دۇچار قىلىپ، مال-مۈلكى ھەتتا جېنىدىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىگە قاقاس ئىسسىق، بىرىگە تەلۋە بوران ئاپەت ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟

قىزياش چۈشتىن ئىگىلىپ، ھارارەت بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. قۇملۇقلاردىن تونۇر تەپتىدەك ئۇرۇلىۋاتقان يالقۇنلۇق ئىسسىق نەپەسلەرنى بوغۇپ، قاننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك، جانغا تەھدىت سالاتتى.

نۇراخۇن خورجۇنىدىن جانغا ئەسقاتىدىغان سەپەر قاپىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئاز-ئازدىن سۇ تېمىتتى. ئۇ سولغان كوچەتنى شۇتېرىقىدە 15-20 مىنۇت پەرۋىش قىلدى. خاسىيەتلىك قاپاقتىن تۆكۈلگەن تامچىلار، ياق، تىرىكلىك كەۋسىرى ئۇنىڭ كېلىتەكلىرىگە بىر-بىرلەپ تاراپ، يىگىتنىڭ چاڭقىغان قەلب ئېتىزىنى ئاستا-ئاستا ياشارتتى. شۈكرى، ئۇ كۆزىنى ئەسلىكتە ئاچتى. نۇراخۇننىڭ قويۇق ساقال-بۇرۇت قاپلىغان يۈزى ئۇنىڭغا گۇڭگا كۆرۈندى. ئۇ، كۆزىنى بىر ئېچىپ، بىر يۇمۇپ ھۇشسىزلىنىپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ، ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى خۇش تەبەسسۇم چېھرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى نۇرلۇق، كەككە ساقال بىر كىشىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ، گويا خىزىرغا يولۇققاندەك خۇشاللىق ھېس قىلدى.

— يىگىت، نېمە بولدىڭىز؟، نۇراخۇننىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۇنىڭ جېنىنى ياراتقاندەك بولدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇپ، ياشارغان لەۋلىرىنى تامشىپ، تىلىنى زورغا مىدىرلاتقان بولسىمۇ، زۇۋان سۈرەلمىدى. نۇراخۇن ئۇلىڭغا يەنە بىرقانچە ئوتلام سۇ ئىچكۈزۈپ بېشىنى يۆلىدى.

ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھايات شامىنى قايتىدىن ياندۇرغان ئەشۇ قاپاق زەرەرلەنگەن يىگىتكە موجىزىلىك دورا قاچىلانغان ئاجايىپ ھېكمەتلىك نەرسىدەك كۆرۈندى. ئۇ، ئۆزىگە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە تەقدىم قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئادەمنىڭ، قەلبى مېھرى-شەپقەت بۇلىقىدا سۇغۇرۇلغان، جىسمى ۋاپا خۇرۇچى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاقكۆڭۈل كىشىنىڭ نۇرلۇق چىرايىغا ئۈمىتۋارلىق بىلەن تىكىلدى-دە، ماغدۇرسىز قولى بىلەن قاپاقنىڭ ئاستىدىن يۆلەپ تۇرۇپ ئەشۇ موجىزىلىك دورىدىن راسا سۈمۈرۈپ، تەشنالىقىنى قاندۇردى. ئۇ، تۈنۈگۈندىن بېرى بىرلا نەرسە ئۈچۈن يەنى مۇشۇ سۇ ئۈچۈن ئازاپ چەككەن ئەمەسمىدى؟

يىگىت چوڭ بىر تىنىپ بىر سوتكا ئىچىدە روي بەرگەن ئىشلارنى ئەسكە ئالدى:

تۈنۈگۈن تۈمىزنىڭ ئىسسىغى ئۆزىنى راسا كۆرسەتتى. سۇ قاچىلىرى چۈش بولماستىنلا قۇرۇغدىلىپ قالاي، دېدى. ھاۋامۇ شۇنداقلا ئىسسىپ كېتىدىغان بولسا، دەپ ئويلىدى شاۋچىڭ. بۇ تاقىرسايدا چارلاش خەندىكى قېزىۋاتقان سەپداشلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار؟ شياۋچىڭ ئۆزىدە ئېغىر مەسئۇلىيەت ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ، «يولداشلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش ئالدى بىلەن مېنىڭ ۋەزىپەم....» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، باكۋە سۇدانلارنى ئېلىپ، شەرقتىكى كىچىك ئېقىنغا قاراپ ماڭدى....

قاغىش تەككۈر غەرپ بورىنى ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىۋاتقان جانلارغا ئۈستى-ئۈستىلەپ قىينىچىلىق ئېلىپ كەلدى. يولنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تېزگە تكەن شياۋچىڭنىڭ بېشىغا تاغدەك غەم چۈشتى. ئۇ، تىنەپ تەمتىرەپ بىركېچە-كۈندۈز قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ تالاي رىيازەت چەكسىمۇ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ساي ۋاغ ئېقىنىغا يې-

تەلمەدى. ئۇ، قەيەرلەرگە بېرىپ قالدى؟، قولىدىكى لەرسىلەر ۋە بېشىدىكى شەپكىسى قېنى؟ ئۇ ئەسلىيەلمەيتتى.

شياۋچېگىنىڭ شۇتاپتىكى ھاياجانلىق ھىسسىياتى شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىدەك ئۇركەشلەيتتى. ئۇ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، نۇراخۇننىڭ قولىنى سىقتى. كوزىدىكى ياش ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھاياجاندىن دېرەك بەرسە، قولسىقىشى ئۇنى گور ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن نىجاتچىغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

— ئوغلۇم، — دىدى نۇراخۇن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سىز قەيەرلىك؟، بۇيەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

يىگىت نۇراخۇننىڭ جانبەخش ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تەسىرلەندى ۋە ئۇزىنى گەپكە زورلىدى. ھە.مانا يېڭىدىن تىلى چىققان بوۋاقتەك تەمتىرەپ ئۇزۇپ-ئۇزۇپ سوزلىدى. گەرچە نۇراخۇن ئۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقان: «تا...غا، سىزگە... كوپ...، رەخمەت!» دىگەن سوزىنى تولۇق ئۇقمىغان بولسىمۇ، پەقەت تىلى سوزگە كەلگەنلىكى ئۇچۈنلا ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئارىدا بىرمۇنچە گەپ-سوزلەر بولسىمۇ، تىل بىلمىسلىك ۋەجىدىن كوڭلىدىكى مەقسەتلەر ئۇقۇشۇلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ نۇراخۇننىڭ كوڭلى تىت-تىت بولدى...

تۇنۇگۈن پىشىن ۋاقتىدا ئۇشتۇمتۇت قۇترىغان مۇدھىش بوران تەبىئەت دۇنياسىغا غوغا سېلىپ، سېرىق قۇم يايلىغىغا قاپسلاپ كەلگەندە، قوتانغا سولىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن 60 نەچچە قوي-قوزا چىلبورىگە يولۇققاندەك، توت تامغا چېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىككى ئوغلى بىلەن شىددەتلىك بورانغا قارىماي، ئىزدەپ يۇرۇپ 20 قوينى كىمەكنىڭ غارى بىلەن ئايكونەس جىلغىسىدىن تاپتى. بۇگۈن سەھەردە بوران پەسەيگەندىن كېيىن، 25 قوينى سايۋاغ ئېقىن، چېچەكلىك، قوش دوۋە قاتارلىق جايلاردىن تاپقان بولسىمۇ، يەنە 20 گە يېقىن قوينىڭ ئىزدىرىگى بولمىدى. بۇ، بىر ئائىلە ئۇچۇن ئېيتقاندا ھەرگىزمۇ ئاز زىيان ئەمەس. ئۇنى ئىزدىمەي بولامدۇ؟

ئەمما ھازىر نۇراخۇننىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بولسا ھايۋان ئەمەس بەلكى دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ بولغان ئادەم، تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن بۇ يىگىتنى خىزمەت ئورنىغا يەتكۈزمەي تۇرۇپ، قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان قويلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئۇنىڭ قانداقچە رايى بارسۇن؟!

نۇراخۇن ئارتۇقچە خىيال سۇرۇپ تۇرماستىن قەتئى قارارغا كېلىپ، يىگىتنى مۇشۇ جەزىرىنىڭ شىمالىغا ئۇدۇل كېلىدىغان سايۋاغ گۇگۇشىسىغا — ئوز ئويىگە ئاپىرىپ، بىر.قانچە كۈن ئوبدان كۈتۈپ، پۇت-قولىغا ماغدۇر كىرگەندىن كېيىن ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى. ئۇ، قاۋۇل بەستى بىلەن يىگىتنى كوپ كۈچىمەيلا كوتىرىپ، ئاتتەك سولەتلىك قارا ھاڭگىسىغا مىنگۇزۇۋېتىپ، توساتتىن ئۇنىڭ رەڭگى ئوڭگەن كوك ئىش كىيىمىنىڭ سول مەيدىسىدىكى «نېفىت» دىگەن كۇمۇش رەڭلىك خەنزۇچە ئىككى خەتكە كوزى چۈشتى. بۇ خەت ئۇنىڭغا ئىنتايىن تونۇشتەك ئىدى. نۇراخۇن ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن خەتكە ۋە يىگىتنىڭ ئاپتاپتا پىشقان چىرايىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ نېفىتچى ئىكەنلىكىنى جەزىملىدى. ئىككى يىل ئالدىدا دەل مۇشۇ تەخمىنەن كىيىم كەيگەن كىشىلەر گۇگۇشىنىڭ جەنۇبىدىكى سايلىقتا چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكىپ، ۋىشكا مۇنارىسى تىكلەپ قۇدۇق بۇرغىلىغاندا، كۆنلىگى كوزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بۇ خەت ئۇنىڭغا يادا بولۇپ قالمىغانمىدى؟ مۇشۇ ئەتراپتىكى دوختۇر ئۇنىڭ

نەۋرىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى.؟ كەڭ نەزەرلىك تۇراخۇن ئەشۇ ئەزىمەتلەرنىڭ جاپاتىغنى يەلكىسىدە كۆتىرىپ 70- يىللاردىن بېرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغ- دالا، چۆل-جەزىرە، قاقاس سايلىرىنى چارلاپ، قىدىرىپ تەكشۈرۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن مول نېفىت بايلىقى تاپقانلىقىنى بىلەتتى. كوكياردا نېفىت فونتانلىرى ئېتىلىپ، موھتاجلىقتا ئۆتۈۋاتقان دېھقان ئائىلىلىرىگە ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرغاندا، ئۇ نەقەدەر خۇشال بولغان-ھە؟ ھازىر ئۇ، تارىم ۋادىسى، قوشتاغ، مازارتاغ... لاردا قۇدۇق بۇرغىلاپ، نېفىت ئېلىپ، ئېلىمىزگە شان- شەرەپ كەلتۈرۈۋاتقانلارنىڭ توھپىسىدىن سۆيۈنۈۋاتىدۇ. ئېخ نېفىتچى جەڭچىلەر، سىلەر نېمە دېگەن سۆيۈملۈك - ھە؟!

نۇراخۇننىڭ تەپەككۇر ھېسلىرى نېفىت دېڭىزىدەك دولقۇنلاپ، ئۇنىڭ ئوتكۇر كۆزلىرى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان نېفىتچى يىگىتكە ئاجايىپ مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى.

ئۇلار 25 كىلومېتىرغا يېقىن دەشت-چۆلنى كېزىپ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كۆمۈش بەلۋاققا ئۇلاشقاندا، كۆز ناماز دىگەر بولاي دەپ قالغان ئىدى. قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن بىر ماشىنا نۇراخۇنلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپلا توختىدى ۋە ماشىنىدىكى 5-6 ئادەم تەگلا ئۇنىڭ ئالدىغا يېپىلىپ كېلىپ، كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بىلەن يۈزلەشتى.

— ھوي، بىز ئىزدەۋاتقان شاۋچىڭ مۇشۇغۇ؟

بىز سېنى تاپقانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشالمىز... تاغا، شياۋچىڭنى سىز قۇتقۇزۇۋالغان ئوخشىمامسىز؟ سىزگە رەخمەت، سىزگە رەخمەت! - ئۇلار شياۋچىڭنى ئېشەكتىن ئاۋايلاپقىنا يەرگە ئالدى ۋە يوقىتىپ قويغان قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ تېنىگە سىغماي كېتىۋاتتى...

ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئەھەت مۇشۇ كۆڭشېلىق بولۇپ، نۇراخۇن بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇ، نۇراخۇن بىلەن ئاتا-بالىدەك قىزغىن كورۇشكەندىن كېيىن ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەپسىلى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدى...

— بىز سەندىن تولىمۇ ئەنسىرىدۇق. بۇ ئەتراپتا سېنى ئىزلەپ كەزمىگەن ساي، ئاياغلىمىز يەتمىگەن جاي قالمىدى. ئاغىنە سەن قەيەرگە كەتكەنتىڭ؟- چاخچاق ئارىلاش ئېيتىلغان بۇ سوز ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. شۇ مەھەل ھاۋارەڭ سىرلىق بىر كىچىك ماشىنا خوتەن تەرەپتىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى ۋە ئۇنىڭدىكى توت كىشىمۇ كوپچىلىكنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولدى!

- تەشكىل سەندىن بەكمۇ غەم يېدى، قارا، بۇ ماشىنىلار سېنىڭ ئىزدىرىدىگىنى قىلىۋاتاتتى. قوماندانلىق شتاۋى تىك ئۇچار ئايروپىلانمۇ ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى. سېنىڭ قوشۇنىمىزغا سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى تەبرىكلەيمەن!- ساخاۋەتلىك قوللىرى بىلەن شياۋچىڭنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ، خوشخۇي قىياپەتتە سوزلەۋاتقان 46 ياشلاردىكى بۇ كىشى مەسئۇل كادىردەك قىلاتتى. سالماق ۋە تەمكىن كورۇنىدىغان بۇئادەمنىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىن بۈگۈن باشقىچە جىددىيلىك ۋە ئىنتىزارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— شياۋچىڭ سېنى تەبرىكلەيمىز! سېنى مۇبارەكلەيمىز!...

— ئۇ مېنىڭ نىجاتچىم، ئەڭ قەدىردان ئادىمىم،— دىدى يولنىڭ ياقىسىدىكى قورام تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان شياۋچىڭ كوزلىرىدىن توكۇلۇۋاتقان ھاياجان ياشلىرىنى ئېرتقان ھالدا نۇراخۇنغا قاراپ، مېنى تەبرىكلەشتىن ئاۋال ئەشۇ شەپقەتچىنى تەبرىكلەڭلار!

(ئاخىرى 112- بەتتە)

# مەدەنىي يادىگارلىق ۋە تارىخ

## ئۇدۇن (خوتەن) يادىگارلىقلىرى توغرىسىدا

رەجەپ يۈسۈپ

خوتەن تارىختا «ئۇدۇن»، «يوتقان»، «يۇيتيەن»، «جۇسادەننا»، «دەننا»، «قۇستەنە» «چۈيدەن» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن دۆلىتى غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، غەربىي ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ۋە شۆھرەتكە ئىگە ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى سىماچيەن يازغان «تارىخنامە» نىڭ «پەرغانە» قىسمىدا:

جياڭچيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 119-يىلى 2-قېتىم غەربىيتىكى دۆلەتلەرگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا پەرغانە، كاڭكا، ئۇلۇغ ياۋچى، باكتىرىيە، ئارساك، ھىندىستان، ئۇدۇن (خوتەن)، دەندان ئۇيلۇك (كىما) ۋە باشقا يېقىن ئەتراپتىكى خوشنا خانلىقلارغا نائىب يەنى ئورۇنباسارلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى، شۇ ۋاقىتلاردىكى خوتەن دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكى، كۈچلۈكلىكى ۋە خەلقىنىڭ باياشات ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئالاھىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان.

«خەنشۇ» كىتاۋىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خوتەن توغرىسىدىكى مەلۇماتتا: 19 مىڭ 300 ئائىلە، 3 مىڭ 300 تۇتۇن (ئائىلە)، 2 مىڭ 40 باھادىر ئەسكىرى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. دىمەك، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە خوتەن ئاھالىسىنىڭ 20 مىڭغا يېتىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

«زۇبدەتىل ئاخبار» (پارىسچە يېزىلغان) تارىختا:

«خوتەن شەرقىي جەنۇپتىكى شەھەرلەر ئىچىدىكى مەشھۇر بىر شەھەر. ئۇ، ئىلگىركىگە نىسبەتەن ھازىر ئانچە ئاۋات ئەمەس. ئىلگىرى «لوپ». «دەز» دىگەن ئىككى شەھەر بولۇپ، كىچىكرەك شەھەرلەر 470 كە يېتەتتى.

خوتەننىڭ يېنىدا ئىككى دەريا بولۇپ، بىرسى «بوقرا»، يەنە بىرسى «باۋرەك» دەپ ئاتىلىدۇ. دەريالىرىدىن ناھايىتى ئېسىل قاشتېشى چىقىدۇ»، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يۈرۈڭقاش ۋە قارىقاش دەريالىرىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى بولسا كېرەك.

يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىغا جايلاشقان بۇ قەدىمىي گۈزەل دىياردا نۇرغۇنلىغان تارىخى مەدەنىي يادىگارلىقلار ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەر ئۈستىدە بەزىلىرى يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

خوتەننىڭ ھاۋاسى قۇرغاقراق بولۇپ، ھۆل يېغىن مىقدارى بەك ئاز بولغاچقا، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىي يادىگارلىقلار بۇزۇلماي ساقلانغان. شۇڭلاشقا ھەرقايسى قەدىمىي ئىزلاردىن جەسەت،

يۇڭ، يىپەك، پاختىلار، چىگە-كەندىردىن ئىشلەنگەن ھەرخىل بۇيۇملار، يازما تارىشا پۈتۈكلەر، كۆن-قەيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان يېزىقلار، ۋەيران بولغىلى بىرمىڭ 700 يىل بولغان نىيا خارابىسىدىن پىلە غوزىسى، رودا ئېرىتىدىغان ئوچاق ۋە رودا ئېرىتىدىغان سايمانلار، قوۋزاقتا يېزىلغان قەدىمىي قارۇشتە يېزىقى ۋە براخما يېزىقلىرى تېپىلدى ۋە تېپىلمىۋاتىدۇ. بۇ مەدەنىي مىراسلار مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، نۆۋەتتىكى تارىخ تەتقىقاتىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

ئەپسۇسكى، تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا، تالان-تاراج قىلىنىشىغا يول قويغان. 100 يىلدىن بىرى چەتئەل ئارخېئولوگلىرى بىر قانچە قېتىم خوتەنگە كېلىپ قەدىمىي خارابە ئىزلىرىنى قېزىپ، بۇزۇپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى توشۇپ كەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە، نىزامنامە، پىرىنسىپلارنى تۈزۈپ، مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، تارىخىي قىممىتى بار خارابە ئىزلىرىنى دەرىجىلەر بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ئورنى قىلىپ بېكىتىپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. ۋىلايىتىمىزدىنمۇ 1957_1962- يىللىرى 2 قېتىمدا 18 ئورۇننى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ئورنى قىلىپ بەلگىلىگەن.

„سول‟ لۇشيەننىڭ بۇزغۇنچىلىقى، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا بۇ مەدەنىي مىراسلار يەنە بىر قېتىم ئېچىنىشلىق ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە ۋىلايەت بويىچە 50 دىن ئارتۇق قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىق ئىزلىرى ئاشكارىلاندى. بۇلاردىن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەدەم-ئىزلىرى، ئولتۇراق مەھەللە-ئايماقلىرى، ئازادە، چىرايلىق سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىزلىرى، ئوچاق، مورا، تونۇرلىرى، قەدىمقى نۇسخىدىكى رەڭلىرى ئۆچمىگەن زىلچا-گىلەم، جاۋاگىلەملىرى، ئىپتىدائىي گىلەم توقۇش ياغاچ پەنجىسى، ئۆز زامانىسىدىكى كۆركەم ئاۋات شەھەر خارابىلىرى ۋە ئىزلىرى، قەدىمقى يېزىقلار، قارۇشتى، براخما يېزىقلىرى، تارىشا پۈتۈكلىرى، مەخسۇس ياسالغان پوچتا ئالاقە ياغاچ كونۋېرتلار، ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دۈۋەت، ياغاچ قەلەملىرى، ھەشەمەتلىك سېلىنغان قەلئە-سېپىللىرى، قورغان-قوۋۇقلىرى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىزلىرى، راھىپ-شامىنلارنىڭ ئىستىقامەت ماكانلىرى، غار-ئۆڭكۈرلىرى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قەۋرىستانلىقلىرى، قەدىمقى جەسەتلەر ۋە جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار، بۇت ۋە بۇت ساتىۋا، مالائىكە ھەيكەللىرى، بىز تەكچە ۋە بۇددا نوملىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەر، ھەرخىل بىز قېلىپلىرى، تاشقا ئويۇلغان سۈرەت ۋە يېزىقلار، قەدىمىي ئۇيغۇر بىناكارلىق ئەنجاملىرى، ئۇيغۇر بىناكارلىق ياغاچ ئويما، گۈلدۈبەرزۇن، باغاچتىن ئويۇپ چىقىرىلغان نەققاشلار، قاپارتمىلار، دىخانچىلىق سايمانلىرى، ئېتىز-باغ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىزلىرى، قوتان، تەشمە گەمىلىرى، قول ھۈنەر، گۈزەل سەنئەت، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى، تاغاق-سۆزگۈچ، پەدەز بۇ-

يۇملىرى، ئۇرۇش قوراللىرى، ئۇرۇش جەڭگاھ مەيدانلىرى، مەشھۇر مازارلار، ماـ
زار بىناكارلىق سەنئىتى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى ۋە داۋاملىق تېپىلمە-
ۋاتىدۇ. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ مۇنبەت زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت-
نى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۈرەش تارىخىنىڭ گۇۋاھى سۈپىتىدە بىزنى
ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. مىللىتىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەق-
قىدە روشەن ۋە توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابە ئىزلىرىنى،
بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق يادىكارلىق ئىزلىرىنى، قەدىمىي تاش چەكمە سۈرەتلەرنى،
قەدىمقى بۇددا دىنى قەۋرىستانلىقلىرىنى، ئىسلام دىنى مازارلىرى ۋە قەۋرىستانلىق-
لىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە مۇھاپىزەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن.

## قەدىمىي شەھەر ئىزلىرى:

### يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى

بۇ خارابە ئىزى خوتەن ناھىيە ئىلچى بازىرىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچى
كۆكشىسىنىڭ (بۇرزان رايونى) ئەللامە باشقۇرۇش رايونىدا بولۇپ، غەربتىن
شەرققە بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 600 مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇر يارلىققا جايلاشقان.

يەر ئۈستىدە ئانچە-مۇنچە ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. ئېقىن ئاققان ئېرىق-ئۈستەڭلەردە،
بىر مېتىردىن 2 يېرىم مېتىرغىچە بولغان قېلىن توپا قاتلىمىدا سۇنىڭ يالىشى بىلەن ئىزنىچىلىپ قالىدۇ.
بۇ شەھەر مىلادىيدىن ئىلگىرىلا ئاۋاتلاشقان بولۇپ، خەن ۋە سۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا.

يوتقان شەھىرى توغرىسىدا چاڭئەندىن غەربىي رايونغا ئىستىقامەت قىلىشقا كەلگەن
مەشھۇر بۇددا ساياھەتچىسى فاشەن مىلادىيە 401-يىلى بۇ دۆلەتكە كېلىپ 3 ئاي تۇرغان. ئۇ، غەربىي
رايوندىكى 14 يىللىق سەپىرىدىن يازغان «بۇددىست ئەللەر خاتىرىسى» دېگەن كىتاۋىدا:
«خوتەن مەملىكىتى باياشات، خەلقلىرى روناق تاپقان، مۇزىكا چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل
ئويناش ئاۋام ئىچىدە ئادەتكە ئايلانغان. قانۇن بىلەن تەنتەنە قىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە: «پادىشا
ئوردىسىنىڭ تام-تۈۋرۈكلىرى ئالتۇندىن سۇۋالغان، ھەممە تەرەپتە رەسىملەر
سىزىلغان، ئۆي ئىمارەت، لەم-تۈۋرۈكلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن.
پادىشا ئالتۇن بىلەن گۆھەردە بېزەلگەن تەختتە ئولتۇرىدۇ. قانۇن بىلەن تەنتەنە
قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. شۈەنجاڭ (تاڭ سۇلالىسى تەلەپپۇزىدا تاڭسەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
غەربىي رايونغا قىلغان 15 يىللىق سەپىرىدىن قايتىشتا مىلادىيە 644-يىلى بۇ دۆلەتكە زىيارەتكە
كېلىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ قايتقان، ئۇ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي را-
يون تارىخى» دا: «جۇساتەننا» (خوتەن) خەلقى ئەدەپ ئىنساپنى بى-
لىدۇ، كىشىلىرى مۇلايىم، بىلىمگە خۇشتار، ئادەملىرى ئېتىقادلىق، جامائەت پاراۋان، ئا-
ۋام خەلقى خاتىرجەم، دۆلەت مۇزىكىغا باي، خەلقى ئويۇن تاماشىغا ئامراق، مۇرا-
سىملار ئەدەپلىك، ئۆرپ-ئادەتلىرى قائىدە يوسۇنلۇق» دەپ يازغان.

لېكىن بۇ قەدىمقى شەھەر 10-ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش ۋەھ-

مىسى ۋە بىر قانچە نۇۋەت چەتئەللىك ، يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

مىلادى 1464-يىلى دوغلات قەبىلىسىدىن سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى . قەشقەر، ياركەن، خوتەننى تاغىسى (ئوگەي ئاتىسى) مىرزا مۇھەممەت ھەيدەردىن تارتىۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدا قەشقەر، ياركەن، خوتەن (يوتقان) قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنى ئەسلى ئورنىدىن يۆتكەپ يېڭىدىن بىنا قىلغان . كونا شەھەر ئىزلىرىنى قېزىپ نۇرغۇن دۇنيا تېپىۋالغان.

يالغۇز خوتەن (يوتقان) قەدىمىي شەھرىدىن 27كۈپ (چوڭ كوزا) تەڭگە 27 ئاپتۇۋا (چوگۇن)غا قاچىلانغان رەڭ (كېپەك ئالتۇن) ئالتۇننى تېپىۋالغان. بۇ ئاپتۇۋىلارنىڭ تېشىغا «بالىش» دەپ خەت يېزىلغان. (تارىخىي كىتابلاردا بىر بالىشنى بەش يۈز مىسقال دەپ ئىزاھلايدۇ) بۇئالتۇنلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ خەزىنىسىدە ساقلانغان بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى 48 يىل دەۋران سۈرگەندىن كېيىن، مىلادى1512- يىلى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، خەزىنە-دەفىنىلىرى سەئىدخانغا ئولجا بولۇپ چۈشكەن. بىر ئاپتۇۋا ئىچىدىن چىققان بىر پارچە خەتتە «خومار خاتۇن ئوغلىنىڭ خەتمە تويىغا ئەتكەن ئەسۋاپ» دەپ يېزىلغان.

100 يىلدىن بېرى چەتئەللىك ئارخىئولوگىيە ئەترەتلىرى بىر قانچە قېتىم كېلىپ خوتەن رايونىدىكى يادىكارلىقلارنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

ئۇلۇغ بىرتانىيىلىك ئارخىئولوگ ستەيىن 1901-، 1902- يىللىرى بىر قېتىم كېلىپ 2 قېتىم يوتقان قەدىمىي ئىزنى قېزىپ نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1864-يىلى ياقۇپ بەگ (بى دۆلەت) خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، ئۇ خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلىگەن نىياز ھاكىم بەگ 2 يىلدىن 3 يىلغىچە يەنى 1866- يىللىرىغىچە قارىقاشتىن بىر تۈركۈم ھاشار يۆتكەپ كېلىپ،قارىقاش دەرياسىدىن كېلىدىغان ئېرىق ئارقىلىق ئالتۇن چايقاش ئۈچۈن لاي ئېقىتىپ بۇجاينى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇجاي يەر يۈزىدىن بەكچوڭقۇرلىشىپ كېتىپ، سايلىققا ئۆزگىرىپ، سېزىندە سۇ ئاقىدىغان ئېقىنغا ئايلىنىپ قالغان. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

(بېشى108 بەتتە)


— بارىكاللا تاغا، بارىكاللا!

—سىزگە قەۋەتلا رەھمەت!... ئۇلار نۇراخۇنغا تەرەپ- تەرەپتىن ئالقىش ياغدۇرۇپ گۈيا بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگەندەك بولدى .

— مەن سىزگە تەشكىلگە ۋاكالىتەن قىزغىن رەخمەت ئېيتىمەن،— دېدى مەسئۇل كىشى نۇراخۇننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ،— مەن سىزدىن ئۆگىنىمەن، قوشۇنىمىزدا سىزنىڭ ئىسىل خىسلىتىڭىزنى تەشۋىق قىلىمەن ھەمدە تۇپرىغىمىزدا ئەيۋەشكە كېلىپ خۇشپۇراق چېچىۋاتقان مىللى دوستلۇق گۈللىرىنى ھەممەيلەننىڭ سىزدەكجان تىكىپ ئاسرىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

نۇراخۇن ئۇلارنىڭ مەدھىيە، ھۆرمەت تەكەللۇپلىرىدىن ئۆزىدە غۇرۇر ھېس قىلىدىلا ئەمەس، ئەجەلخەۋپىگە دۇچكەلگەن بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى دەپ بىلدى.


ئۇلار نۇراخۇننىڭ ئالىجاناپ ئوبرازىنى كۆڭۈللىرىگە نەقىش قىلىپ سىزىپ، ئىسمى ، ئادرېسىنى خاتىرىسىگە يازدى ...





خوتەن ناھىيە 2-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇت-
قۇچىسى ئايشەم ئوقۇغۇچىلارغا ئەنئەنىلىۋى ھەكايە
ئوقۇپ بەرمەكتە.

(ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن فوتوسى)



ۋىلايىتىمىزدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ئەدەب-
بىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى "4-ماي"
كېچىسى يىغىلىپ سۆز ئارىسىدا دوستلۇق
سەيلىسى ئۆتكۈزدى.

(نيېزياۋگوڭ فوتوسى)



ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى
خەنزۇ ئاپتورلار «ئەدەبىي ھەۋەسكارلار گورۇپپى-
سى» قۇردى.

(ياۋشىنشىڭ فوتوسى)

**ئاپتورلار دىققىتىگە :**

ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ئەسەرلەر تەھرىر بۆلۈمى نامىغا ئەۋەتىلىشى كېرەك. شەخسلەرنىڭ نامىغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر بىردەك ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئەۋەتىلىدىغان ئەسەرلەر كونا يېزىق بىلەن، قۇرئارىلىقى كەڭ، ئوچۇق يېزىلىشى ۋە بىرلا ئورۇنغا ئەۋەتىلىشى كېرەك.

تەھرىر بۆلۈمىدىن

新玉文艺（维吾尔文季刊）

1983-يىل 2-سان (ئومۇمىي 16-سان)، 5-يىل نەشرى.

---

تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى.

ئادرېسى: خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى.

«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

---

ژۇرنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 26-58 باھاسى 30 فۇڭ